

# شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى

# 新疆文史

2011 ـ يىللىق سان (ئومۇمىي 45 ـ سان)

ش ئۇ ئا ر خەلق هۆكۈمىتى مەسلىهەتچىلەر ئىشخانىسى
ش ئۇ ئا ر تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى

# سەمىمىي غەمخورلۇق ۋە زور مەدەت



نۇر بەكرى رەئىس سەھنىسىدە



شۇجى جاڭ چۇنشەن مۇھىم سۆز قىلدى



مۇئاۋىن رەئىس جاپپار ھەبىبۇللا رەئىس سەھنىسىدە



شۇجى، رەئىس تەكلىپنامە تارقاتتى



مەسلىھەتچى ئابلەت ئەۋرا پىكىر قىلماقتا



تەتقىقاتچىمىز غازى ئەھمەد پىكىر قىلماقتا

# شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى

نىياز كېرىم شەرقى يازغان

(ئىچكى ژۇرنال، ھەقسىز تارقىتىلىدۇ)

2011 ـ يىللىق مەخسۇس سان (ئومۇمىي 45 ـ سان)

## مۇندەرىجە

### رەھبەرلەر مۇنبىرى

چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەھۋالنى ئەينەن ئىنكاس قىلايلى ........................ ۋېن جىاباۋ (1)
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى سۆھبەت يىغىنىدىكى سۆز ........................................................ جاڭ چۈنشيەن (3)

### تەتقىقاتچىلار مۇنبىرى

سۇن جوڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىشتىكى ئۇلۇغۋار تەسەۋۋۇرى توغرىسىدا ....... ئابدۇقەييۇم مۇسا (7)
ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت قارىشىنىڭ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تەرەققىياتىدىكى تارىخىي ئورنى ........................................................ مۇھەممەت زۇنۇن (14)
خەتتاتلاردا پەزىلەت ۋە ماھارەت ........................................ نىياز كېرىم شەرقى (18)
20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىلىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان يېزىق ئىسلاھاتىنىڭ باش ـ ئاخىرى توغرىسىدا ........................................................ تاھىرجان مۇھەممەت (24)
ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈش ھەققىدە .... ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق (30)
تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى تەرجىمە ـ نەشر قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا ... ئابلەت نۇردۇن (36)

### ئەسلىمە ۋە شەخسلەر

يېڭى جۇڭگودىكى بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر گېنېرال ........................ ئېلى توختى (42)
مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت (ئۇيغۇر بالىسى) ھەققىدە ئەسلىمە .... ماھمۇت زەيدى (52)
بىر جۈپ قىزىلگۈل ـــ رىزۋانگۇل ناسىرىۋا بىلەن رىزۋانگۇل ھاشىم ..... ئامان نۇرى ئابدۇرۇسۇل (59)
دادامنىڭ مەرىپەت ئىزدىشى ........................ پولات غەنىزات غەيۇرانى (62)
ھەببۇللا ئەپەندىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ........................ شېرىپ خۇشتار (70)
ئاتام ئىبراھىم ناسىر (依博学)نىڭ قىسقىچە ھاياتى ۋە «شۆتاڭ» ھەققىدە ئېيتقانلىرى ..... سەمەت ئىبراھىم (72)
1930 ـ يىللاردىكى ئوچتۇرپان قىرغىزلىرىنىڭ باتۇرى قۇلبەگ توغرىسىدا....... تۇرسۇن بارات (76)

### ئىزدىنىش

سابىت داموللام كىم؟ ........................................ يالقۇن روزى (80)
«تۇران»، «تۇرانىلىقلار» ئاتالغۇسىنىڭ تارىخىي مەنىسى توغرىسىدا ...... ھاجى ئابدۇراخمان باقى (95)
يىپەك يولى ۋە ھەربىي يۈرۈشلەر ........................................ توختى بارات (101)

## ئىچىملىك مەدەنىيىتى

ئەنئەنىۋى ئىچىملىك — قىمىز ھەقىقىدە پاراڭ .................... ئابدۇرەھىم تۇرسۇن (104)
مۇسەللەس نەزمىسى ................................................ (107)

## ئەدەبىيات گۈلزارى

بەي جۈيىنىڭ تۆت شېئىرى ....................... ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلدى (109)

## قىسقا خەۋەرلەر

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) پارتگورۇپپىسى قۇرۇلدى .................................... (2)
مۇدىر ئارسلان ئابدۇللا مەركەز تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى .................................... (2)
ۋاڭ مىڭ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك قامۇسى»نى تۈزۈش خىزمىتىنى تەكشۈردى .............. (17)
«ۋەتىنىگە تەشەككۈر» ناملىق مەجمۇئە نەشردىن چىقتى ............................. (23)
تەتقىقاتچىمىز نىياز كېرىم شەرقى نامىدىكى «شەرقى گۈزەل سەنئەت گاللېرېيەسى» رەسمىي قۇرۇلدى ..... (113)
«يۇرتقا مۇھەببەت» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ماي بوياق رەسىملەر توپلىمىنىڭ تارقىتىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى ..... (114)
تەتقىقاتچىلىرىمىز ئىچكى ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايونلارغا بېرىپ ئۆز ئارا ئۆگەندى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇدى ...... (61)
قايىنام جاپپارنىڭ ھۆسنخەت ۋە فوتو ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى كۆرۈرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى ...... (114)
«يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى» ناملىق كىتاب نەشردىن چىقتى ......... (51)
«ئەخمەتجاننى ئەسلەيمەن» ناملىق ئەسلىمىنىڭ خەنزۇچىسى نەشردىن چىقتى.................. (51)

**مۇقاۋىدىكى سۈرەتلەر:** 1. تەتقىقاتچىمىز، داڭلىق رەسسام مۇھەممەد ھېيت؛ 2. سەممىي غەمخورلۇق ۋە زور مەدەت؛ 3. خىزمەت ـ پائالىيەتلەردىن كۆرۈنۈشلەر؛ 3. مۇھەممەد ھېيت ماي بوياق ئەسەرلىرىدىن تاللانما.

## «شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ئۇيغۇر تەھرىر ھەيئىتى

**باش مەسلىھەتچى:** جاپپار ھەببۇللا
**پەخرىي مۇدىر:** غەيرەت ھەسەن
**مۇدىر:** پەرھات جالال
**مۇئاۋىن مۇدىرلار:** ئارسلان ئابدۇللا، جاڭ شياۋنىڭ
**باش مۇھەررىر:** ئارسلان ئابدۇللا
**مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:** ئۆتكۈر قاسىم
**ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:** تەلئەت ئىبراھىم (تىلەك)
**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:** ئارسلان ئابدۇللا، مۇھەممەت زۇنۇن، ئۆتكۈر قاسىم، نىياز كېرىم شەرقى، تەلئەت ئىبراھىم (تىلەك)
**مەسئۇل مۇھەررىر:** تەلئەت ئىبراھىم (تىلەك)
**مەسئۇل كوررېكتور:** ھاجى رېشىت ۋاھىدى
**تەكشۈرگۈچى:** ئارسلان ئابدۇللا، مۇھەممەت زۇنۇن
**مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:** ئابدىلىم تۇرسۇن

**تۈزگۈچى:** «شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 6 ـ نومۇرلۇق قورۇ
**تېلېفون ۋە فاكس:** (0991) 2398439
**پوچتا نومۇرى:** 830002
**باسما ئىجازەت كىنىشكا نومۇرى:** 2011 ـ يىللىق 0013 ـ نومۇر (ئىچكى ماتېرىيال)
**باسقۇچى:** شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇر باسما زاۋۇتى
**تور پونكىتى:** http://www.xjzfcs.gov.cn
**ئېلخەت ئادرېسى:** E-mail: tilake@126.cn
**تارقىلىش دائىرىسى:** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدىكى ئالاقىدار تارماقلار ۋە رەھبەرلەر، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئالاقىدار تارماق ۋە خادىملارغا، مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ مەركەزگە تارقىتىلىدى.

# چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەھۋالنى ئەينەن ئىنكاس قىلايلى

**زۇڭلى ۋېن جياباۋ ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلىرى ئىشخانىسى ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ خىزمەتلىرى ھەققىدە تۆت تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى.**

2011 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى ۋېن جياباۋ جۇڭنەنخەيدە يېڭىدىن تەكلىپ قىلىنغان 8 نەپەر گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىسى ۋە 5 نەپەر مەركەز تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسىغا تەكلىپنامە تارقاتتى ھەم مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، زۇڭلى ۋېن جياباۋ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىلگەنلەرنىڭ سۆزلىگىنى دۆلەتكە پايدىلىق. ھۆكۈمەت تەدبىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلسۇن، خەلقنىڭ رايىغا باقسۇن دېسەك، چوقۇم خەلقنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىپ، كۆپنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. «ئاقىللار يولىنى كېڭەيتىش كېرەككى، تارلاشتۇرماسلىق، پىكىر يولىنى ئېچىش كېرەككى، توسماسلىق لازىم». راست گەپ قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتىمىز. راست گەپ قىلىشقا راست گەپ ئاڭلايدىغان شارائىت بولۇش كېرەك، خەلقنىڭ مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ راست گەپ قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىلمىي، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلىشىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم. زۇڭلى ۋېن جياباۋ بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىدا مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى خىزمىتى ھەققىدە تۆۋەندىكى تۆت تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى:

بىرىنچى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدىكى سىياسەت تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش كېرەك. مۇھىم نۇقتىسى: ئىلمىي تەرەققىياتتا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشتە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات داۋامىدا كۆرۈلگەن مۇقىمسىز، ماسسىز، تەڭپۇڭسىز ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىلسىز مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىش، ئىجتىمائىي باراۋەرلىك ۋە ئادىللىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رايون، شەھەر - يېزا تەرەققىياتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق ۋە كىرىم تەقسىماتىدىكى ئادىلسىزلىق مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش؛ ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ماسلاشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىش؛ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى بەرپا قىلىش، بولۇپمۇ ئەدلىيە مۇستەقىللىقى ۋە ئادىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرنى تۈزۈم ۋە تۈزۈلمە جەھەتتىن ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلار دائىم جايلار ۋە ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، رېئال تۇرمۇشتا مەيدانغا كەلگەن ھاياتىي كۈچكە ئىگە يېڭى شەيئى، يېڭى تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا قېزىپ ۋە تاۋلاپ، ساقلانغان مەسىلە، زىددىيەت ۋە قىيىنچىلىقلارنى قىلچە يوشۇرماستىن ئەينەن ئىنكاس قىلىپ، چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەقىقىي قىممىتى بار تەدبىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم.

ئىككىنچى، تارىخ ۋە خەلقئارا تەجرىبىلەر ئۈستىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كۆپچىلىكنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تىك ۋە توغرا لىنىيەلىك سېلىشتۇرما تەتقىقات ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش يولىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەقىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېتەكچى
www.uyghurkitap.com



كۆرستىش لازىم.

ئۈچىنچى، جەمئىيەت بۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى ئەخلاق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

تۆتىنچى، ئەقلىيلىكنى تەشەببۇس قىلىش، ھەقىقەتكە ئىنتىلىشتەك ئىلمىي روھنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، جاپادىن ۋە قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ئەمەلىيەتتىن ھەقىقەت ئىزدەش روھىنى تىكلىشى، ئېرىكمەستىن ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، شامالغا ئەگەشمەستىن مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ، باشقىلار دېگەننى دېمەستىن راست گەپ قىلىشى لازىم. مانا بۇ دۆلەت ئىشلىرىغا مەسلىھەت بېرىشنىڭ ئاچقۇچى.

زۇڭلى ۋېن جياباۋ ئاخىردا مۇنداق دېدى: بىر دۆلەت، بىر مىللەتتە ھامان جاھاننىڭ غېمىنى يەيدىغان كۆتۈرۈشچان ئادەم بولۇشى، ھامان بىر تۈركۈم ئېغىر بېسىق، تەمكىنلىك بىلەن پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئادەم بولۇشى، ھامان بىر تۈركۈم ئادىل ـ دىيانەتلىك، ئۇدۇل پىكىر قىلالايدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. مانا بۇ مىللەت يىلدىن بۇيان جۇڭگودىكى مەردانە زاتلارنىڭ ئالىيجاناپ روھىي ئىنتىلىشىدۇر. مەسلىھەتچىلىرىمىز ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىزدىمۇ مۇشۇنداق مەنزىل ۋە ئىنتىلىش روھى بولۇشى لازىم. كۆپچىلىكنىڭ بوشاشماي تىرىشىپ، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنى يۇقىرى سەۋىيەلىك ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلىك ئاپپاراتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**(ئۆتكۈر قاسىم تەرجىمە قىلدى)**

**قىسقا خەۋەر**

★ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى(تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) پارتگورۇپپىسى 2011 ـ يىل7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي قۇرۇلدى. 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى غەيرەت ھەسەن، مۇئاۋىن باش كاتىپى پەرھات جالال قاتارلىق رەھبەرلەر مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىغا كېلىپ، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) پارتگورۇپپىسى قۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى ش پ ك (2011) 235 ـ نومۇرلۇق تەيىنلەش نامىنى يەنى جاڭ شياۋنىڭنىڭ مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسىلىقىغا، ئارسلان ئابدۇللانىڭ مۇئاۋىن شۇجى ۋە مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئېلان قىلدى.

★ 2011 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىن 8 ـ كۈنگىچە مەركىز تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. 6 ـ چېسلا چۈشتىن بۇرۇن خەلق سارىيىدا سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، زۇڭلى ۋېن جياباۋ يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. دۆلەت كومىسسارى ۋە گوۋۇيۈەن باش كاتىپى ما كەي، گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلىرى ۋە ھەر قايسى ئۆلكە (شەھەر، ئاپتونوم رايون)، تارىخ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ، 200 ئادەم سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى ئارسلان ئابدۇللا بۇ پائالىيەتكە تولۇق قاتناشتى.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى سۆھبەت يىغىنىدىكى سۆز

جاڭ چۈنشيەن (ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى)

ھۆرمەتلىك مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار:

بۈگۈن بۇ يەردە ئولتۇرغان ئۇستازلار بىلەن بىرلىكتە سۆھبەتلەشكىنىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن. بايا مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، تارىخ- مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى يولداش جۇرئەت قادىر خىزمەتلەرنى دوكلات قىلدى، جاڭ جىزى، ئابلەت ئەۋرا، لى ياۋتيەن، غازى ئەمەت، جاڭ ياڭ قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا پىكىر قىلىپ، ناھايىتى ياخشى تەكلىپلەرنى بەردى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن كۆپ يىلدىن بۇيان كۆپچىلىكنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشقانلىقىغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

كۆپچىلىك بايا پىكىر قىلغاندا، شىنجاڭنىڭ 2010 - يىللىق ۋەزىيىتىنى تىلغا ئېلىپ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتىن رازى ئىكەنلىكىنى ۋە شىنجاڭنىڭ كېلەچىكىگە بولغان تولۇپ تاشقان ئىشەنچىسىنى بىلدۈرىشتى. بۇ كۆپچىلىكنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئومۇمىيلىق ئېڭى، سىياسىي ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يېقىندا ئۆتۈپ كەتكەن 2010 - يىلى «11 - بەش يىللىق پىلان» ئاخىرلاشقان بىر يىل، شۇنداقلا شىنجاڭ تارىخىدا ئىنتايىن خاسىيەتلىك ۋە ئىنتايىن مۇھىم بىر يىل بولدى. خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ ۋە «5 - ئىيۇل» ۋەقەسىنىڭ قوش تەسىرى شۇنداقلا تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت مۇرەككەپ، كەسكىن ۋەزىيەت ئالدىدا، بىز مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ۋە مەملىكەت بويىچە سىستېمىلار بويىچە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى باش لىنىيە قىلىپ، 7-نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ 9 - قېتىملىق ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلمىسىغا ئاساسەن، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، كۈچنى توپلاپ، ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ بېرىش، مۇقىملىقنى ساقلاش جەھەتلەردە بىر قاتار زور تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بىرقەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى تەرەققىيات ۋە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلدۇق. ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىدە تېز تەرەققىي قىلىشتەك ياخشى ھالەت بارلىققا كەلدى، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەردە خېلى چوڭ يۈكسىلىش بولدى.

ئۆتكەن يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 540 مىليارد 180 مىليونغا يېتىپ، ئېشىش سۈرئىتى 10.6% بولدى؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 24 مىڭ 978 يۈەنگە يېتىپ، 9.4% ئاشتى، 3000 دوللارلىق ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتتى؛ ئومۇمىي مالىيە كىرىمىمىز 199 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 34.7% ئاشتى؛ جۈملىدىن يەرلىك مالىيەنىڭ ئادەتتىكى خامچوت كىرىمى 50 مىليارد يۈەنگە يېتىپ 28.8 % ئاشتى؛ شەھەر - بازار ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 13 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 10% ئاشتى؛ دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4643 يۈەنگە يېتىپ، 19.6% ئاشتى، ئېشىش سۈرئىتى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇردى.

ھازىر، شىنجاڭدا خەلق كەيپىياتى ياخشىنىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبى ئىللىقلىققا تولدى، ھەربىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ كۈچەيدى، ئىشەنچ ئاشۇرۇلدى، ئاكتىپلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، تەرەققىياتقا، باياشاتلىققا، مۇقىملىققا ۋە ئىناقلىققا ئىنتىلىش، شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق مېلودىيەسىگە ئايلاندى. خەلق ئاممىسى مەركىزىي پارتىيە كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدىن مىننەتدار بولماقتا، مەملىكەت خەلقىنىڭ بولۇپمۇ شىنجاڭغا ياردەم بەرگەن ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ زور ياردىمىگە مىننەتدار بولماقتا؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە بولغان ئىشەنچىسى ئېشىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئۇيۇشۇش

www.uyghurkitap.com



كۆچى، مايىللىق كۈچى زور دەرىجىدە كۈچەيدى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا بىپايان ماكان ۋە گۈزەل مەنزىرە نامايان بولماقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىگە رەھمەت ئېيتىمىز، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىق، كومىتېتلار ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ زور مەدەتتىگە رەھمەت ئېيتىمىز، شۇنداقلا بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى؛ دېمەك، ئۇنىڭغا مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە يۈرەك قېنى سىڭدۈرۈلگەن.

ئىلگىرىكى بىر يىلدا، مەسلىھەتچىلىرىمىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدەپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش، ئەقىل- چارە كۆرسىتىش، ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈش، بىرلىك سەپ بويىچە دوستلۇق ئورنىتىش مەسئۇلىيەتلىرىنى ئاكتىپ ئادا قىلىپ، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە خەلق رايىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، قىممەتكە ئىگە بىر تۈركۈم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتلىرىنى ۋە مەسلىھەتچىلەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىشى ۋە دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى مەسلىھەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. تەتقىقاتچىلىرىمىز مەدەنىيەت ۋە تارىخ تەتقىقاتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ھەر خىل مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىدىكى مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلار ئىشلىگەن خىزمەتكە يۈكسەك باھا بېرىدۇ.

چوڭ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدە مۇنداق ئۈچ ئاساسىي پرىنسىپقا ئەمەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچىسى، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش، ئىككىنچىسى، قانۇنچىلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇش ۋە قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش؛ ئۈچىنچىسى، دېموكراتىك نازارەت قىلىش. ئەمما بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ كەينىدە شىنجاڭغا ئوخشاش جايدا ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ھاياتىي كۈچىگە تېخىمۇ كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىرىنچى، ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچ. ئىقتىسادنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ بار ياكى يوقلۇقى ھەم مەلۇم دەۋردىكى ئىچكى ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي تەمىنلىنىشى ۋە ئومۇمىي ئېھتىياج سۈرئىتىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىگە باغلىق، ھەم تەدبىر بەلگىلەشتە ئىلىم - پەنگە ۋە قانۇنىيەتكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. ئىلىم- پەنگە ھۆرمەت قىلىپ، قانۇنىيەتكە، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەشكە ئەمەل قىلغاندىلا ئاندىن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىلمىي، ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تەرتىپلىك بولغان ۋە ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچكە تولغان تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچى، سىياسىي ھاياتىي كۈچ. سىياسى ھاياتىي كۈچ دېموكراتىنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن كېلىدۇ، سىياسىي ھاياتىي كۈچنى ئاشۇرۇش ئومۇمىي خەلقنىڭ قىزغىن قاتنىشىشى ۋە ئاكتىپ قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. دېموكراتىيەنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئاساسىي پىكرىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان ھالەتنى بارلىققا كەلتۈرگەندىلا، سىياسىي تۈرمۇشىمىز تېخىمۇ ئىناق، تەرتىپلىك ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان بولىدۇ. بىر جەمئىيەتتە ئەگەر دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىسا، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر قىلىشىغا يول قويۇلمىسا، بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ؛ بۇ جەمئىيەتتىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەر جەزمەن كالتە پەملىك ۋە ئىقتىدارسىز بولغان بولىدۇ. بىزنىڭ مەسلىھەتچىلىرىمىز ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۇستاز دەرىجىلىك ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەر ياكى مول تەجرىبىلىك، كۆپ يىللىق رەھبەرىي كادىرلار. بۈگۈن مەن نۇر بەكرى، بەي جىجبې، جاپپار ھەبىبۇللا، ۋاڭ ۋېي ۋە غەيرەت ھەسەنلەر بىلەن بىرلىكتە كۆپچىلىك بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتىمەن، بۇنىڭدىكى مەقسىتىمىز مۇشۇ ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىش، بۇنىڭدىكى تۈپ قائىدىمۇ ئەنە شۇ يەردە.

مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىرقانچە ئۈمىدىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:

بىرىنچى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوبدان ئاقىللىرىدىن بولۇش كېرەك. ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش، ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈش ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئاساسىي

مەجبۇرىيىتى شۇنداقلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنىڭ مۇھىم شەكلى. مەسلىھەتچىلىك خىزمىتىنى ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىش كېرەك، مۇھىم نۇقتىنى ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن، ھۆكۈمەتكە مەسلىھەت كۆرسىتىشكە قاراتقاندىلا، خىزمەتتە تەشەببۇسكار بولغىلى، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مەركىزىي خىزمىتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدەپ، ئەمەلىيەتكە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەقىل كۈچى ئامىرى ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىگە كۆپرەك راست تەكلىپلەرنى، ئىجابىي پىكىرلەرنى ۋە تەكلىپلەرنى بېرىشىنى، پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بايا مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلار پىكىر قىلغاندا تىلغا ئالغان پىكىرلەردىن تۆۋەندىكى ئىككىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك:

بىرى، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىغا بولغان پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭ مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنى ھەقىقىي تۈردە شىنجاڭدىكى بىرىنچى قاتاردىكى ئاقىللار ئامبىرى ۋە مەسلىھەتچىلەر قوشۇنى قىلىشقا يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يەنە بىرى، يولداشلارنىڭ لىللا گەپ قىلىشىنى قارشى ئالىمىز؛ بۇ يەردە مەن يەنە بىر جۈملە سۆزنى قوشۇپ قوياي، باشقىلارغا تەگكۈدەك گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك. بۇ رەئىس نۇر بەكرى بىلەن ئىككىمىزنىڭ پوزىتسىيەسى، باشقا رەھبەرلەرگىمۇ بۇ تەلەپنى قويساق بولىدۇ، بىز كۆپچىلىكنىڭ تەگكۈدەك ھەربىر پىكرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىمىز. ئەمما، ئۆزىمىز ئوتتۇرىغا قويغان بەزى پىكىرلەرنىڭ نۇقتىسى بىرقەدەر كىچىك بولسا ياكى ئۇنىڭ توغرا بولمىغانلىقى ئىسپاتلانغان بولسا، ئۆز پىكرىڭلاردا چىڭ تۇرۇۋالماي، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئېتىبار بېرىشىڭلار كېرەك.

ئىككىنچى، ئامما بىلەن ئالاقە باغلايدىغان كۆۋرۈك ۋە ۋاستە بولۇش كېرەك. مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلار جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەسىدىن كەلگەن، ئالاقىلىشىش دائىرىسى كەڭ، جەمئىيەتتە ئابرويى ناھايىتى يۇقىرى، پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ھەر ساھەدىكى ئامما بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىدىغان مۇھىم كۆۋرۈكى ۋە ۋاستىسىدۇر. كۆپچىلىكنىڭ ئامما بىلەن پىكىرلىشىش ۋە ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە خەلق رايىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنكاس قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئامما ئىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق، قىيىن ۋە تۈگۈنلۈك مەسىلىلەر ھەققىدە كۆپرەك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىغا تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىپ، ئاممىنى رازى قىلىشى كېرەك. مەن يەنە كۆپچىلىكتىن ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋاقتىدا خەلق ئاممىسىغا يەتكۈزۈپ، تەشۋىق قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، كۆپچىلىكنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى چۈشىنىش ۋە قوللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. كۆپچىلىكتىن يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ، ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىدىغان، كۈچنى مۇجەسسەملەشتۈرىدىغان، مۇقىملىقنى ساقلايدىغان، ئىناقلىققا تۈرتكە بولىدىغان خىزمەتلەرنى كۆپرەك ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ سۆز- ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەتراپىكى ئاممىغا تەسىر كۆرسىتىپ ۋە ئۇلارنى يېتەكلەپ، مىللەتلەر ئارا ھېسسىياتنى كۈچەيتىش، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز، جۇڭخۇا مىللەتلىرى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىغا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىنى؛ جۈملىدىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرى ۋە خىزمەتلىرىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆپچىلىكنى پارتكومغا ۋە ھۆكۈمەتكە ۋە جەمئىيەتكە تولۇق ئىشەنچ باغلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىزنىڭ نىشانىمىز بىردەك بولۇپ، بىر نىشانغا قاراپ تىرىشىۋاتىمىز ھەمدە 2010 - يىلىدىكى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، بىر نىيەت ، بىر مەقسەتتىلا بولساق، بىز ھەل قىلالمايدىغان قىيىن ۋە تۈگۈنلۈك مەسىلىلەر تۈگەيدۇ. «تىرىشقاندىلا ئۆزگىرىش ياسىغىلى بولىدۇ، تىرىشىدىغانلا بولساق، ئۆزگىرىش ياسىيالايمىز»، بۇ پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىيە، شۇنداقلا بىرقانچە رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تونۇشىدۇر.

ئۈچىنچى، زامانىۋى مەدەنىيەتنى تارقاتقۇچىلاردىن بولۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك

www.uyghurkitap.com



پارتكوم 9 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كونكرېت ئىستراتېگىيەسىنى بېكىتكەندە، زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش كېرەكلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شىنجاڭ چوڭ مەدەنىيەت رايونى، بىزنىڭ مەدەنىيەت بايلىقىمىز ئىنتايىن مول، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ۋە تارىخ تەتقىقاتى يۇرتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى زور بىر تۈركۈم ئابرۇيلۇق بولغان مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە داڭلىق مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنى توپلىغان، ئۇلار شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى باشلىغۇچىلار ۋە يېتەكلىگۈچىلەردۇر. كۆپچىلىكتىن زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپىنى ۋە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈش، گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ مەدەنىيەت تەتقىقاتى، بەدىئىي ئىجادىيەت، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مەسلىھەتچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا پائال مەدەت بېرىپ، ھەممە مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، رايونلارنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى يۈكسەلدۈرۈپ، ھەر مىللەت ئامما ياخشى كۆرىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش شەكىللىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك يادرو قىلىنغان مىللىي روھ ۋە ئىسلاھات، ئىجادىيەت يادرو قىلىنغان دەۋر روھىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تەربىيەلەپ، مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ۋە يېتەكلەپ، «ۋەتەننى، شىنجاڭنى سۆيۈش، ئىتتىپاق ۋە پىداكارانە بولۇش، تىرىشچان بولۇش ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ئېچىۋېتىش ۋە شىجائەت بىلەن ئىلگىرىلەش»تىن ئىبارەت شىنجاڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا تۆرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شىنجاڭ ئۆزىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان گۈزەل ـ سەنئەت سارىيىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى، ئۇنى ھەقىقىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنىدىغان جايىغا، مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان جايىغا، ئىدىيە ئىجاد قىلىدىغان جايىغا، شىنجاڭچە ساپاغا ۋەكىللىك قىلىدىغان جايىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ئاخىردا، شۇنى تەكىتلەيمەنكى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ۋە تارىخ تەتقىقات يۇرتىنىڭ خىزمەتلىرىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەھۋالنى بىلىش يوللىرىنى ئېچىشقا ياردەم بېرىپ، ئالاقىلىشىش ۋە پىكىرلىشىشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاپ، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپلىرىنى ۋاقتىدا قوبۇل قىلىشى لازىم. مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى بىلەن بولغان، قېرىنداش ئۆلكىلىك،ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ـ ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىز سىلەرگە مەبلەغ قوشۇپ بېرىدۇ، شارائىتىڭلارنى ياخشىلايدۇ، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ۋە تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىغا، بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، نادىر ئەسەرلەرنى چىقىرىشىغا مەدەت بېرىدۇ.

يولداشلار، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، قىيىن مەسىلىلەرگە كۆپ ئۇچرايمىز، ۋەزىپىمىز مۈشكۈل ۋە ئېغىر. لېكىن، بىز ئىلمىي تەرەققىياتتا ۋە ئىلمىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، باشتىن ـ ئاخىر كۆتۈرەڭگۈ روھ ۋە شىجائەت بىلەن ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت روھىي ھالىتىمىزنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولساقلا، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەممىمىز جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، شىجائەت بىلەن ئىلگىرىلەپ ۋە قۇدرەت تېپىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەت، بىر يۈنىلىش، بىر قەدەمدە تەڭ كۈچ چىقىرىپ، شىنجاڭنى ھەقىقىي تۈردە ئەڭ كۆڭۈللۈك جاي، ھەقىقىي بەختلىك ماكان قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشايلى.

(جامال ئىمىن تەرجىمە قىلدى)

# سۇن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىشتىكى ئۇلۇغۋار تەسەۋۋۇرى توغرىسىدا

ئابدۇقەييۇم مۇسا

جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ پېشۋاسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ كۆپ قېتىم ماقالە ئېلان قىلىپ، غەربىي شىمال بىلەن شىنجاڭنى ئېچىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغان. بولۇپمۇ 1919 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «سودا ـ سانائەت پىلانى» دېگەن ئەسىرىدە شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇش پىلانىنى شەرھلەپ ئۆتكەن. مەن بۇ ماقالىدە ئۇلۇغ پېشۋا سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ شىنجاڭنى ئېچىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك مەقسىتى، ئۇلۇغۋار پىلانى ۋە تارىخى، رېئال ئەمەلىيىتى ئۈستىدە ئۆزۈمنىڭ كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچى.

**1. سۇن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك پىلانى ۋە ئۇنىڭ مەقسىتى**

سۇن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك مەقسىتىنى ئاساسەن مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1) شىنجاڭنى ئېچىپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش.

شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالاتتى. بۇ رايوننىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول بولۇپ ئالتاي، چۆچەكتىن ئالتۇن، ئاقسۇدىن مىس، ئۈرۈمچىدىن تۆمۈر، تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقلىرىدىن زاپىسى مول بولغان نېفىت ۋە تەبىئىي گاز، خوتەننىڭ قاشتېشى قاتارلىق كان بايلىقلىرىدىن باشقا، يەنە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل قىممەتلىك كان مەھسۇلاتلىرى دۇنياغا داڭلىق. لېكىن يېقىنقى زامان ئىقتىسادىي قالاق بولغانلىقتىن خەلق ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ساقچى ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ مائاش تەمىناتى ئىچكىرىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر ئۈستىگە ئالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھەر يىلى شىنجاڭغا ئالتە يۈز مىڭ سەر كۈمۈش ياردەم قىلاتتى، گۇاڭشۈينىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە چىڭ سۇلالىسى ھەر يىلى شىنجاڭغا 300 مىليون سەر كۈمۈش ياردەم قىلاتتى، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە كېمىيىپ 2 مىليون 400 مىڭ سەرگە چۈشۈپ قالدى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئىقتىسادىي ياردەم پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ شىنجاڭنىڭ يىللىق كىرىمى نەچچە يۈز مىليون بولغاندىلا ئاندىن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

سۇن جۇڭشەن ئەپەندى خېلى بۇرۇنلا غەربىي شىمالنى بولۇپمۇ شىنجاڭنى ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1894 ـ يىلى، ئۇ «لى خۇڭجاڭغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ياۋروپاغا بېرىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق جەھەتتە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، يېڭى تېخنىكا ئۆگىنىپ ۋەتەنگە قايتىپ شىنجاڭغا بېرىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن شىنجاڭدا ياۋروپا ئۇسۇلىدا دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بوز يەر ئاچقۇچى دېھقانلارنى قوبۇل قىلىپ، سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان. سۇن جۇڭشەننىڭ بۇ پىلانى ئەينى ۋاقىتتىكى «ئامېرىكىغا كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھونولۇلۇدا ئىشلەشكە يول قويماسلىق»تەك بىر قاتار ۋەقەلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. 1882 ـ يىلى ئامېرىكا جۇڭگولۇقلارنى چەتكە قېقىش قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىغاندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلارنى چەتكە قېقىشتەك يولسىزلىق ھەرىكىتى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە كېڭەيگەن. بۇ ۋەقە جۇڭگو خەلقىنىڭ بولۇپمۇ شەرقىي ـ جەنۇپ دېڭىز بويلىرى رايونلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغان. بۇ ۋاقىتتا چەت ئەلدىكى سۇن جۇڭشەن بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار مۇھاجىرلار، جۇڭگولۇق ئىشچىلارنىڭ

زىيانكەشلىككە ئۇچراشتەك ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان. بۇ ۋەقە سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنى چوڭقۇر ئويغا سالغان. سۈن جۇڭشەن جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇنداق ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قېلىشتىكى ئاساسىي سەۋەبىنىڭ جۇڭگونىڭ تېخنىكا جەھەتتە قالاق، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاجىز، ھەربىي جەھەتتە بىچارە بولۇشتەك دۆلەت ئەھۋالى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى، قالاق ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، قۇدرەت تېپىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ خورلۇقتىن قۇتۇلۇشىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى ئىكەنلىكىنى، بۇ چىقىش يولىنىڭ ئاچقۇچى غەربىي شىمالدىكى زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول ئاھالىسى شالاڭ شىنجاڭنى ئېچىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن.

سۈن جۇڭشەن 1866 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تۇغۇلۇپ، 1925 - يىلى 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋاپات بولغان. 1911 - يىلى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جۇڭخۇا مىنگو ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ پرېزىدېنتى بولۇپ سايلانغان. 1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەنجىڭدا قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش لايىھەسىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ چىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى كونكرېت تەكلىپنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدا توختالغاندا، شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باشقا كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە دەپ كۆرسەتكەن. مەسىلەن، شىمالىي شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان جايلار بىپايان يايلاق بىلەن قاپلانغان. بۇ رايوننىڭ سۈيى مول، تاغ - دەريالىرى گۈزەل، چارۋىچىلىق كەسىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يوشۇرۇن كۈچى بار. تارىم دەريا ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردا بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق بىلەن باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ، تاشيول ترانسپورتى بىلەن تۆمۈريول قاتنىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە شىنجاڭدا مول بولغان كان بايلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكىدە دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭدا 138 خىل كان بايلىقى بار بولۇپ، بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى كان بايلىقىنىڭ 80%نى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭدىكى كان بايلىقلىرى سۈپەت جەھەتتىمۇ دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا توققۇز خىل كان بايلىقى ئېلىمىزدىكى كان بايلىقلىرى ئارىسىدا ئالدىنقى ئورۇندا، 26 خىلى 5 - ئورۇندا، 41 خىل كان مەھسۇلاتى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 10 - ئورۇندا تۇرىدۇ، 23 خىل كان مەھسۇلاتى غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، ئالتۇن، ماگنىي، نىكېل، مىس، تۆمۈر، تۇز قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلارنىڭ زاپىسى بىرقەدەر مول بولۇپ، بۇ ئېلىمىزنىڭ سانائەتلىشىشىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شىنجاڭنى ئېچىشنىڭ زور ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپالىق نۇرغۇنلىغان ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا، بولۇپمۇ، شىنجاڭدا گېئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ رايوندىن زاپىسى مول بولغان نېفىت ۋە باشقا تەبىئىي بايلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىغان. گەرچە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭدا نېفىت ۋە باشقا يەر ئاستى قېزىلما بايلىقلار مول بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك ئېچىپ پايدىلىنالمىدۇق، چۈنكى بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي كۈچىمىز ئاجىز، ئىككىنچىدىن، تېخنىكا كۈچىمىز ئاجىز بولۇشتەك ئوبيېكتىپ ئامىللار تۈپەيلى شىنجاڭنى ئېچىش ئۇلۇغۋار پىلان رېئاللىققا ئايلىنالمىدى. بۇنىڭدىن سۈن جۇڭشەن ئىنتايىن ئېچىنغان ھالدا «جۇڭگو مول بولغان نېفىت، كۆمۈر ۋە باشقا كان بايلىقلىرىغا ئىگە دۆلەت... جۇڭگودا كان بايلىقلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، ئەپسۇس بۇنى ئۆزىمىز ئېچىپ پايدىلىنالمايۋاتىمىز. لېكىن، چەت ئەلدىن كىرسىن، بېنزىن قاتارلىقلارنى ئىمپورت قىلىۋاتىمىز، مىقدارىمۇ يىلدىن - يىلغا ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش». شۇڭا، ئۇ جۇڭگو نېفىتلىكىنى ئېچىشتا ئەڭ مۇھىمى ئالدىن ئېچىش پىلانى بولۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا سانائەتنى گۈللەندۈرۈش پىلانىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ، دەپ ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

2) غەربىي شىمالنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، چەتنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش.

شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي - شىمال قىسمىغا جايلاشقان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆپ قېتىم چەت

ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ تۇردى. تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش كۈچى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئەنگلىيە جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن شىمالغا قاراپ سۈرۈلسە، يەنە بىر تەرەپتىن رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جەنۇبقا قاراپ كېڭىيىپ، شىنجاڭنى ئىشغال قىلماقچى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن 70 ـ يىللارغىچە قوقەنلىك ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان چار رۇسىيە ئەسكەر چىقىرىپ ئىلى رايونىدا بىر قىسىم زېمىنلىرىمىزنى بېسىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىلى رايونى 13 يىلدىن ئارتۇق چار رۇسىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان كىرىزىسقا پاتتى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي مىلىتارىستلار ئۆزئارا ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى. چار رۇسىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، موڭغۇلىيەنى مۇستەقىل بولۇشقا قۇتراتتى ھەمدە ئىلى، ئالتاي، قەشقەر قاتارلىق رايونلارغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ قوراللىق ئېغۋاگەرچىلىك تۇغدۇرۇپ شىنجاڭنى پارچىلاشقا ئۇرۇندى. بولۇپمۇ 1918 ـ يىلدىن 1920 ـ يىلغىچە چار رۇسىيەنىڭ قالدۇق قىسىملىرى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىغا چېكىنىپ تاشقى موڭغۇلىيەدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىغا ئېغىر زىيان سالدى. شىنجاڭدا ئەمدىلا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا نىسبەتەن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق سىياستى بىلەن مىللىي كەمسىتىش ۋە ئېزىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى؛ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى تاقىۋېلىشتەك بېكىنمىچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، «مۇستەقىل پادىشاھ» بولۇۋالدى. شىنجاڭ ئىچكى جەھەتتە ئەنسىزلىك ۋە تاشقى جەھەتتە تاجاۋۇزچىلىق خەۋپىگە دۇچ كەلگەن مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئېلىمىز خەلقىگە چار رۇسىيەنىڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونلىرىغا قاراتقان بۆلگۈنچىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىگە نىسبەتەن ھوشيار بولۇش توغرىسىدا خىتاب قىلغانىدى. 1912 ـ يىلى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى موڭغۇلىيە پادىشاھىغا يوللىغان تېلېگراممىسىدا «رۇسلارنىڭ نىيىتى خۇددى چىلبۆرىنىڭ نىيىتىگە ئوخشايدۇ، ئۇ پۇرسەت تاپسىلا قۇتۇرايدۇ... ئۇلاردا ئۇنۇملۇك بولمىسىمۇ، لېكىن مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. سۇن جۇڭشەن شىنجاڭنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئۈستىدە توختالغاندا: «تاشقى موڭغۇلىيە، شىنجاڭ جۇڭگو بىلەن ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزى»گە جايلاشقان، دۇنيادا ئۇنىڭ تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىملىقى بىلەن شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش، غەربىي شىمال رايونىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن. سۇن جۇڭشەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن سەرخىل قوشۇنلارنى تۇرغۇزۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قاتناشنى راۋاجلاندۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. دۆلەت مۇداپىئەسى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاچقۇچى يەنىلا قاتناشنى راۋاجلاندۇرۇشتا، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى يەنە تۆمۈريول قۇرۇلۇشى ئۈستىدە توختالغاندا، بولۇپمۇ غەربىي شىمال تۆمۈريولىنى ياساشقا تېزرەك تۇتۇش قىلىش كېرەك، بۇ «جۇڭگونىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان مۇھىمنىڭ مۇھىمى» دەپ تەكىتلىگەن.

3) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش.

سۇن جۇڭشەن ئەزەلدىن مىللىي مەسىلىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنتى، ئۇ خېلى بۇرۇنلا «بەش مىللەت بىر جۇمھۇرىيەت، بەش مىللەت بىر ئائىلە» دېگەن ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1912 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سۇن جۇڭشەن «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت پرېزىدېنت خىتاپنامىسى»دا يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن جۇڭخۇا مىنگو مىللىي، تېررىتورىيە، ھەربىي ـ مەمۇرىي، ئىچكى باشقۇرۇش ۋە مالىيە قاتارلىق بەش بۈيۈك سىياسەتنىڭ بىرلەشكەنلىكىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىغان. ئۇ يەنە «دۆلەتنىڭ ئاساسىي تۈۋرىكى خەلق بولۇپ، بۇ دۆلەت خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، تىبەت ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شەكىللەنگەن»لىكىنى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۇ جۇڭخۇا بۈيۈك ئائىلىسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئەزاسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلىتىمىزنى قۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۆھپىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مىللىي مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۆزىنىڭ نۇتۇق ۋە ماقالىلىرىدە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سودىنى گۈللەندۈرۈپ مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا چاقىرىق قىلغان. بولۇپمۇ مىللىي مائارىپتا ئالدى بىلەن پېداگوگىكا خاراكتېرلىك مەكتەپلەرنى كۆپرەك ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مالىيە جەھەتتە قىيىنچىلىقى بولغانلىقتىن گەرچە ياردەم بېرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، سىياسەت جەھەتتە قوللىدى ۋە ئىلھام بەردى... «جۇڭخۇا مىللىتى بەش مىللەتنىڭ بىر كىشىدىن شەكىللەنگەن ھەرقايسى مىللەتلەر باراۋەر ئاساستا مائارىپ – تەربىيەلىنىشتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە، موڭغۇل، ئۇيغۇر، تىبەت قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەرقايسىسى ئۆز تىل – يېزىقىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە، ئۇلارغا ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىدىن بولغان بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىشقا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا موڭغۇل، ئۇيغۇر، تىبەت قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپىغا ئاساس سېلىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئورتاق ئىلگىرىلەپ جۇڭخۇانى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ» دەپ ئالاھىدە تەكىتلىگەن سۇن جۇڭشەن ئەپەندى.

**2. سۇن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىشتىكى پىلانى ئاساسلىقى قاتناشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاھالە كۆچۈرۈپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن كان بايلىقلىرىنى ئېچىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدۇ.**

«قاتناش – ترانسپورت — سودا – سانائەت، ئالاقە ئىشلىرىنىڭ بىردىنبىر ئاساسى». شۇڭا، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى قاتناش – ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ قاتناش – ترانسپورت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تۆمۈريول ياساشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قايتا – قايتا تەكىتلىگەن. ئۇ يەنە «تۆمۈريولنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسى تاشيولغا قارىغاندا كۆپ بولىدىغانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن تۆمۈريول ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئىپادىسى» دەپ قارايتتى. شۇڭا، سۇن جۇڭشەن تۆمۈريول ياساشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. 19 – ئەسىرنىڭ 20 – يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگونى بۆلۈۋېلىش دولقۇنىنى قوزغاپ، تۆمۈريول ياساش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا كاپىتال كىرگۈزۈشىنىڭ بىر خىل مۇھىم شەكلى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە جۇڭگودىكى تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەشنىڭ مۇھىم بىر ۋاستىسى قىلغان. جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۆمۈريول ياساش ھوقۇقىنى غالجىرلارچە تالىشىش كۆرۈشكە دۇچ كەلگەن سۇن جۇڭشەن تۆمۈريولنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى ئورنىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. سۇن جۇڭشەننىڭ سىياسىي پائالىيەت ھاياتى ئەمدىلا باشلانغان ۋاقىتتا، ئۇ تۆمۈريولنىڭ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم جان تومۇر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭا، «ھەممىلا جايدا تالان – تاراج قىلىش، قەدەمدە بىر توساق جازا قۇرۇشتەك» ئۇنداق ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ، «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قاتناش يوللىرى ھەممىلا جايغا تۇتاشقان»، قاتناشتىكى تورلىشىش ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئارزۇ قىلغان. سۇن جۇڭشەن جۇڭخۇا مىنگونىڭ پىرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى جۇڭخۇا مىنگو تۆمۈريول جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسى بىلەن تۆمۈريول قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇ تۈزۈپ چىققان «سودا – سانائەت پىلانى»دا سىستېمىلاشقان بىرقەدەر مۇكەممەللەشكەن جۇڭگونىڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۈز مىڭ كىلومېتىرلىق تۆمۈريول ياساش كۆرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

سۇن جۇڭشەن تۈزۈپ چىققان پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشى پىلانىدا، تۆمۈريول ياساش ئىشىنىڭ تەخىرسىزلىك پىرىنسىپىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇش پىلانىدا 14 غول تۆمۈريول لىنىيەسىنى پىلانغا كىرگۈزگەن. بۇ تۆمۈريول غول لىنىيەسى تۆۋەندىكىچە:

1) شىمالىي چوڭ تارماق داخۋا (ئۈرۈمچى) لىنىيەسى: تىبەت، جىنەندىت دولىن ئارقىلىق تاشقى موڭغۇلدىن شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچىگە بارىدىغان تۆمۈريول لىنىيەسى بولۇپ، بۇ لىنىيەنى ئېلىغىچە ئۇزارتىش؛

2) شەرقىي چوڭ تارماق تارباغاتاي لىنىيەسى: شاڭخەيدىن نەنجىڭ، شىئەن، لەنجۇ، ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يول بولۇپ، بۇ لىنىيە تارباغاتايغىچە ئۇزارتىلى بولىدىغان يول؛

3) شىمالىي چوڭ تارماق قۇمۇل لىنىيەسى: بۇ تيەنجىن، بېيجىڭ، جاڭجياكۇ ئارقىلىق ئىچكى موڭغۇلنىڭ كۆكخوتتىن شىنجاڭنىڭ قۇمۇلغا بارىدىغان يول؛

4) ئەنشى ـ خوتەن لىنىيەسى: گەنسۇدىكى ئەنشىدىن دۇنخۇاڭ، لوپنۇرنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ چارقىلىق (نوپچان) ئارقىلىق چەرچەننىڭ غەربىدىن خوتەنگە بارىدىغان يول؛

5) چەرچەن كورلا لىنىيەسى: چەرچەننىڭ شىمالىي ئارقىلىق كورلىغا بارىدىغان يول؛

6) غەربىي شىمالى چېگرا لىنىيەسى: ئىلىدىن تارباغاتاي، ئالتاي (چېڭ خۇاسې) ئارقىلىق تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ خوۋد (ژارگىلانت) شەھىرىگە بارىدىغان يول؛

7) دىخۇا (ئۈرۈمچى)، ئۇلانگوم (موڭغۇلىيەنىڭ غەربىي ـ شىمالىدىكى شەھەر) لىنىيەسى: ئۈرۈمچىدىن فۇكاڭنىڭ شىمالىدىن خوۋدقا بېرىپ، ئاندىن ئۇلانگومغا بارىدىغان يول؛

8) جىڭنىڭ غەربىدىكى ئورگا لىنىيەسى: بارىكۆلنىڭ شىمالىدىكى چۆللۈكنى كېسىپ ئۆتۈپ ئورگا (بۇگونكى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ئۇلامباتۇر شەھىرىنى)گە بارىدىغان يول؛

9) قاراشەھەر ئىلى لىنىيەسى: قاراشەھەرنىڭ (بايىنغولىن ئوبلاستىغا تەۋە) غەربىي شىمالىدىن باشلىنىپ تەڭرىتېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئىلىغا بارىدىغان يول؛

10) ئىلى خوتەن لىنىيەسى: ئىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن باشلىنىپ تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ بىۋاستە خوتەنگە بارىدىغان يول.

11) جىڭ ناھىيەسىنىڭ غەربىدىن قەشقەرگە بارىدىغان لىنىيە بىلەن تارماق لىنىيە: شىنجاڭنىڭ بارىكۆلدىن باشلىنىپ غەربىي جەنۇبتىكى پىچان، كورلادىن قەشقەر بارىدىغان يول.

12) لىخاسادىن خوتەنگە بارىدىغان لىنىيە: تىبەتتىكى لىخاسانىڭ شىمالىدىن كۇئېنلۇن تاغلىرى ئارقىلىق خوتەنگە بارىدىغان يول.

13) لەنجۇ ـ چەرچەن لىنىيەسى: لەنجۇ، چىڭخەيدىكى گارمۇنىڭ شىمالىدىن باشلىنىپ كۇئېنلۇن تېغىدىن ئۆتۈپ چەرچەنگە بارىدىغان يول.

14) خوتەن گاردۇ لىنىيەسى: شىنجاڭدىكى خوتەننىڭ غەربىي جەنۇبىدىن باشلىنىپ دۆلەت چېگرىسىغىچە بارىدىغان يول قاتارلىقلار.

سۇن جۇڭشەن ئەپەندى يۇقىرىقى تۆمۈريول لىنىيەلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ قاتناش قولايسىزلىقتەك قالاق ھالىتىگە خاتىمە بەرمەكچى بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلەتمەكچى بولغان ھەمدە ئۆز پىلانى بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە تۆمۈريول ياساشقا كىرىشىپ، كەلگۈسىدە ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان تۆمۈريول قاتناش لىنىيەسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىلىدىن بىۋاستە گۇاڭجۇغا، قەشقەردىن شاڭخەيگە قاتنايدىغان تۆمۈريول لىنىيەسىنى ئېچىشنى پىلانلىغان.

تۆمۈريول ياساشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان چەت جايلارغا نىسبەتەن سۇن جۇڭشەن ئەپەندى تاشيول، سۇ قاتنىشى قاتارلىق يوللارنى ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا سۇ قۇرۇقلۇق يوللىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ تەرەققىياتىغا تەڭ ئېتىبار بېرىپ، شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويلىرى رايونلىرىنىڭ ئادەم كۈچى، تېخنىكا كۈچى بىلەن ماددىي كۈچىنى غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى ئۆلكە ـ رايونلارغا چىقىرىپ، غەربىي ـ شىمالدىكى خام ئەشيانى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرگۈزۈش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم دەپ كۆرسەتكەندى. بۇنداق قىلغاندا، ئۆزئارا ھاجەتتىن چىقىپ، ئورتاق

www.uyghurkitap.com



تەرەققىي قىلىپ پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىغا شارائىت يارىتىشنى مەقسەت قىلغان.

سۇن جۇڭشەن شىنجاڭنى ئېچىشتا، ئېچىش بىلەن ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ئۇ «شىنجاڭ مول يەر ئاستى بايلىق، سۇ بايلىقىغا ۋە زېمىن بايلىقىغا ئىگە بولۇپ، بوز يەر ئېچىپ تېرىلغۇ يەرلەرنى كېڭەيتىشتە، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يوشۇرۇن ئەۋزەللىككە ئىگە»، «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى بايلىقىنى قېزىپ پايدىلىنىشتا، گېئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلىش لازىم»، «بوز يەر ئېچىشتا، ئاق قالغان يەرلەردىن پايدىلىنىشتا قارىغۇلارچە، ئېچىشقا ۋە كېڭەيتىشكە بولمايدۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىلەن مۇھىت ئۈنۈمىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، شۇ جاينىڭ كىلىماتى، تۇپرىقىغا ماس كېلىدىغان زىرائەتلەرنى تېرىش لازىم. چارۋىچىلىققا ماس كېلىدىغان جايلاردا ئوتلاق ۋە يايلاقلارنى كېڭەيتىپ چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تاغلىق رايونلاردا كۆچەت تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىشتەك» بىر تۇتاش پىلانلاپ ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئېچىلىدىغان جايلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى بىلەن سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشنى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى بىلەن سانائىتى ۋە چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ جان تومۇرى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا سۇنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭدا يەنە چارۋىچىلىق كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەۋزەل شارائىتىنى كۆزدە تۇتقان سۇن جۇڭشەن: شىنجاڭنى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان مۇھىم بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. بۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە جۈملىدىن شىنجاڭدىن ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت ئاتا قىلىدۇ، دەپ تەكىتلىگەن.

كان ئېچىش شىنجاڭنى ئېچىشتىكى مۇھىم نۇقتا، سۇن جۇڭشەن بۇ جەھەتتە «جۇڭگونىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە گۈللىنىشىدىكى ئاچقۇچ سودا - سانائەتتە»، سودا - سانائەتنى راۋاجلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز ئالدى بىلەن كان ئېچىشىمىز لازىم»، «كانچىلىق بارلىق سانائەتنىڭ ئاساسى... ئەگەر كانچىلىققا سەل قارىلىدىكەن سانائەت ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كانچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئېلىمىز ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم» دەپ كۆرسەتكەن.

**3. سۇن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش پىلانى چوڭقۇر تارىخى ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.**

1820 - يىلى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە لى زىجېن غەربىي يۇرت ئۆلكىسىنى قۇرۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن لىن زېشۈي شىنجاڭغا چىققاندا، شىنجاڭغا ئاھالە كۆچۈرۈپ بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە غەربىي شىمال چېگرىسىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ زو زۇڭتاڭ شىنجاڭغا چىققاندىن كېيىن، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم دەپ كۆرسەتكەن، سۇن جۇڭشەنمۇ شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدا ئىنتايىن سىستېمىلىق ئۇلۇغۋار پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ شەك - شۈبھىسىزكى، ئالدىنقىلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن بىز تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز:

1) مەقسەت جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. ئالدىنقىلارنىڭ شىنجاڭنى قوغداش لايىھەسى ھەربىي ئىشلارنى ئاساس قىلغان. مەسىلەن، خەن سۇلالىسى بىلەن تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ غەربىي يۇرتتا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ تەمىناتىنى ھەل قىلغاندىن باشقا، يەنە ھونلار بىلەن تۈركلەرنى بويسۇندۇرۇش بولسا، چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنىڭ توپىلىڭنى تىنجىتىپ، غەربىي چېگرىنىڭ

ئۇزاق مۇددەت ئامان ـ ئېسەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. لېكىن، سۇن جوڭشەن ئەپەندىنىڭ شىنجاڭنى ئېچىشتىكى پىلانى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى شۇ رايوننىڭ نامرات قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلارغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت.

2) قوللانغان تەدبىرى جەھەتتىكى پەرق ئالدىنقىلارنىڭ شىنجاڭنى ئېچىشتىكى مۇھىم ۋاستىسى ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، ئاھالە كۆچۈرۈپ، ئاشلىق تېرىپ ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى غەملەش، شەرق بىلەن غەرب قاتنىشىنىڭ راۋانلىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. لېكىن، سۇن جوڭشەن ئەپەندىنىڭ شىنجاڭنى ئېچىشتىكى تەدبىرى، زامانىۋىلىشىشنىڭ بەلگىسى — تۆمۈريول ياساش، دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، سانائەتلىشىشتىن ئىبارەت شىنجاڭنى ئۇنىۋېرسال تەرتىپكە سېلىش بىلەن بىرگە، شىنجاڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى جايلارنى ئۆزئارا ماس قەدەم بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان شەكىللەنگەن نامرات، قالاق قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش.

3) نەتىجە جەھەتتىكى پەرق. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۆتكەن سۇلالىلەر غەربىي يۇرتقا نىسبەتەن ھەربىي جەھەتتە ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان، بۇنىڭ بىلەن سىياسىي جەھەتتە تۇراقسىزلىق ۋەزىيەت ھالىتى شەكىللەندى. بولۇپمۇ يېقىنقى زاماندا، ئەنگلىيە ۋە رۇسىيەلەر شىنجاڭغا قارىتا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈردى. كونا ئۇسۇلدا تەرتىپكە سېلىش تەدبىرى تېخىمۇ روشەن ھالدا سۇسلىشىپ، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدىغان بولۇپ قالغان، لېكىن، سۇن جوڭشەن ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان شىنجاڭنى ئېچىش پىلانى، ئىقتىسادىي جەھەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۆمۈريول ياساش، كان قېزىش، سانائەتلەشتۈرۈش، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قىياپىتىدە تۈپتىن يېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭنى ئىلمىزنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى روشەن پەرق، ئالاھىدىلىكتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۇن جوڭشەن ئەپەندىنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش پىلانى جوڭخۇانى گۈللەندۈرۈپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدىكى ئىسلاھات پىلانى بولۇپ، بۇرۇنقى لىن زېشۈي، لى زىجىن، زو زوڭتاڭ قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭنى قوغداش ئىدىيەسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سۇن جوڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىسلاھات پىلانى ئالدىنقىلارنىڭكىدىن تېخىمۇ كونكرېت ھەم تېخىمۇ ئىلغار. ھازىر مەركەز غەربنى ئېچىش ئىستىراتېگىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ زور ئۇنۇمگە ئېرىشۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە، بىزنىڭ سۇن جوڭشەن ئەپەندىنىڭ شىنجاڭنى ئېچىشتەك ئۇلۇغۋار پىلانىنى تەتقىق قىلىشىمىز، پارتىيەمىزنىڭ بىرقانچە ئەۋلاد رەھبەرلىرىنىڭ بولۇپمۇ ئېلىمىز ئىسلاھاتىنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىسلاھات ئىدىيەسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ۋە ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم، رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


① «سۇن جوڭشەن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم.

② «سۇن جوڭشەننىڭ غەربىي شىمالنى ئېچىشتىكى تەسەۋۋۇرى ۋە پىلانى»، غەربىي شىمال تارىخ جۇغراپىيەسى (خەنزۇچە نەشرى، 84 ـ يىللىق 3 ـ سان.)

③ «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى (خەنزۇچە نەشرى).


**(ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تارىخ تەتقىقاتى ئورنىنىڭ دوتسېنتى)**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت قارىشىنىڭ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تەرەققىياتىدىكى تارىخىي ئورنى

مۇھەممەت زۇنۇن (تەتقىقاتچىمىز)

ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت قارىشى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋ قاتارلىقلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدىكى باياناتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا نۇرلۇق چىراغ بولۇپ، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان، توغرا ئېتىقاد ۋە ئىجادىيەت ئىدىيەسىنى شەكىللەندۈرگەن ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قارىشىنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1. ماركسىزم ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئىنسانلارنىڭ بىر خىل تۇرمۇش پائالىيىتى، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئەركىن، مەنىۋى ھەرىكەت شەكلى دەپ قارايدۇ. ماركس «كاپىتال» ناملىق ئەسىرىدە ئەمگەك جەريانى تاماملانغاندا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ئەمگەك باشلىنىشى بىلەنلا ئەمگەكچىنىڭ ئېڭىدا شەكىللەنگەن بولىدۇ. ئىدىئولوگىيە شەكلىدە ساقلانغان بولىدۇ دېگەنىدى («كاپىتال»، خەنزۇچە، 1 ـ توم، 202 ـ بەت).

ئىنسان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ياراتقان، ئەدەبىيات ـ سەنئەتمۇ ئادەم ئوبرازىنى يارىتىدۇ. ئادەمنى تەربىيەلەيدۇ. شۇڭا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ئادەمشۇناسلىقتۇر. ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئەدەبىيات بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى تىرىشىپ ياخشى ھەل قىلىش ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قارىشىنىڭ ئاساسى.

2. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنسان مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. ماۋ زېدۇڭ «نۇتۇق»دا تۇرمۇش بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېيدۇ: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت خام ئەشياسىنىڭ خەزىنىسى خەلق ئىچىدە ئەزەلدىنلا بار، بۇلار تەبىئىي ھالەتتىكى نەرسىلەر، ئەمما، بۇلار ئەڭ جانلىق، ئەڭ مەزمۇنلۇق، ئەڭ ئاساس نەرسىلەردۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇلار بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بۇلىقى».

ماركسىزم يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەتتىكى سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ «شەخسنىڭ ئىجادچانلىق ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بېرىش لازىم. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق ئىنتايىن مۇھىم، لېكىن سۇبيېكتىپ ھامان ئوبيېكتىپ ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھېس ـ تۇيغۇ ھامان ئەقىل ـ تەپەككۇر ئىچىدە بولىدۇ. شۇڭا، ماۋ زېدۇڭ «نۇتۇق»دا «ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ شەرتسىز رەۋىشتە، ئۇزاق مۇددەتكىچە، پۈتۈن روھى، ۋۇجۇدى بىلەن ئامما ئىچىگە كىرىشىنى، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى، جەمئىيەتنى ئۆگىنىشىنى، ئۆزىنىڭ مەيدان ۋە دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىش»نى تەلەپ قىلغانىدى.

دېمەك، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنسان مېڭىسىدىكى ئەكس ئەتكەن مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ تۇرمۇشقا چۆكۈشنى چوقۇم ئوقۇيدىغان بىرىنچى دەرس قىلىش ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قارىشىنىڭ ئۇل تېشى.

3. ماركس، ئېنگېلس ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئېستېتىك ئىنكاسى ئىكەن-

لىكىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇپ يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى بايقىشى، «ئېستېتىك بايقاش» تۇرمۇشقا نىسبەتەن «سەنئەت شەكلى بويىچە پىششىقلاپ ئىشلەش» يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان باھاسى «شېئىرىي ھۆكۈم»، «بەدىئىي ئەسەر كىشىگە بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ» دەپ تەكىتلەيدۇ. ماركس ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «ئادەم يالغۇز ماددىي مۇقەررەرلىك بويىچە ئەمەس، بەلكى گۈزەللىك بويىچە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ» دېگەنىدى. («سىياسىي، ئىقتىساد تەنقىدىگە مۇقەددىمە»، خەنزۇچە 21 ـ بەت).

ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ئەنە شۇنداق، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، لېكىن، ئىقتىسادقا بېقىنمايدۇ. سىياسىي، ئىقتىساد بىر خىل ۋاستە، خەلققە ياخشى مەنىۋى ئوزۇق بېرىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ھەممە بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ئىدېئولوگىيە خۇسۇسىيىتىنى تولۇق نامايان قىلغان، جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى بىرلەشتۈرۈش»نى ئوتتۇرىغا قويۇشىمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

4. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قىممىتى ۋە رولى. ماركسىزم ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قىممىتى ۋە رولىنى بىلىش، تەربىيەلەش، كۆڭۈل ئېچىش ئارقىلىق كىشىلەرنى چىنىقىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىككە ئۈندەيدۇ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ياخشىلاش، مىللىي روھنى تاۋلاش رولىنى ئوينايدۇ، دەپ قارايدۇ. جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قىممىتى ۋە رولىنى ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن چەمبەرچەس باغلايدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى «ئىككى قولدا چىڭ تۇتۇش»، «ھەر ئىككى قول قاتتىق بولۇش» ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يولداش جياڭ زېمىن سوتسىيالىستىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت «دۆلەت ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، ئىلغار مەدەنىيەت جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى» دەپ كۆرسەتتى.

يولداش خۇ جىنتاۋ «مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ روھى ۋە جېنى»، «سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش، پۈتۈن مىللەتنىڭ مەدەنىيەت يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇش» دىن ئىبارەت ئىستىراتېگىيەلىك ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ نەزەرىيەۋى قاراشلار ماركسىزمنىڭ جۇڭگولاشقان ئەڭ يېڭى مېۋىسى بولۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خۇددى لۇشۈن ئوتتۇرىغا قويغاندەك «دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ روھىدىن چاقنايدىغان يالقۇن، شۇنداقلا دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ روھىنى يېتەكلەيدىغان چىراغ» ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قىممىتى ۋە رولىنى يېڭى يۇكسەكلىككە كۆتۈردى.

5. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىيات يولى. ماركسىزم ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئەمگەك ياراتقان، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىدا، بەزى شەكىللەر دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ماركس ئەپسانە توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىدى: «ھەرقانداق ئەپسانىلەر تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرىنى يېڭىدۇ. دېمەك، تەبىئەت كۈچلىرىنى ھەقىقىي بويسۇندۇرۇش بىلەنلا ئەپسانىلەرمۇ يوقىلىدۇ». ماۋ زېدۇڭ ماركسنىڭ سۆزىنى شەرھلەپ مۇنداق دېدى: ئەپسانىلەر زىددىيەتلەرنىڭ مۇئەييەن كونكرېت شارائىتى ئاساسىدا يارىتىلغان ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار رېئاللىقنىڭ ئىلمىي ئىنكاسى ئەمەس (ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدا، ئۇيغۇرچە نەشرى، 4 ـ، 5 ـ بەتلەر). دېمەك، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئىنسانلارنىڭ بالىلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى.

www.uyghurkitap.com



ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىدا ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش، چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى ئەينەك قىلىش، شۇ ئاساستا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش مۇھىم قانۇنىيەت ھەممىگە ئايانكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئۆلمەس كىلاسسىك ئەسەرلەر كۆپ ھاللاردا ھەم تارىخىي جۇغلانما سىڭىپ كەتكەن، ھەم دەۋرنىڭ غايىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان، ھەم ئەنئەنىۋىدىكى ئالاھىدىلىكىنى داۋاملاشتۇرغان ھەم يېڭى مەزمۇن بىلەن يېڭى شەكىلنى ئىجات قىلغان. ماۋ زېدۇڭ: «نۇتۇق» ۋە «يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرلىرىدە ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش، چەت ئەلنىڭكىنى ئەينەك قىلىش، شۇ ئاساستا يېڭىلىق يارىتىش توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىپ يېڭى دېموكراتىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىنى تىكلىگەنىدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ھەم بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ داغدام يولىنى ئاچقان.

جياڭ زېمىن مۇنەۋۋەر ئەسەر بىلەن كىشىلەرگە ئىلھام بېرىشنى، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. خۇ جىنتاۋ يېقىندا ئىدىيەۋىلىكنى، بەدىئىيلىكنى، ھۇزۇرچانلىقنى بىرلەشكەن خەلق ياقتۇرىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يارىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بۇ ئۆلچەملىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىدا يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ.

ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىش، دۇنيا بازىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە پەن ـ تېخنىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشى بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى تەدرىجىي ھالدا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنىشقا باشلىدى.

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى خەلقئارالىق نەزەر ۋە يەر شارى نەزەرى بويىچە تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلىنىشى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ئارىسىدىكى بېرىپ ـ كېلىش، زىيارەت ئەسەرلىرىنى ئۆزئارا تەرجىمە قىلىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۆيۈشتۇرۇش قاتارلىق ھەر خىل شەكىل ئارقىلىق مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى ئۆزدىن ئۆگىنىشكە پايدىلىق بولغان بارلىق ئوزۇقلۇق ماتېرىياللارنى ئۆگىنىش، جۈملىدىن ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىجادىيەت ئىدىيەسى، قىممىتى بار ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەپ، بۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ بايلىقىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ھېسسىيات ۋە تەپەككۇرىنى قوزغايدىغان، ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان چوڭقۇر ئىدىيەۋى مەزمۇن ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پەۋقۇلئاددە جەزبىدارلىقىنى، سېھرىي كۈچىنى پۈتۈن مەملىكەتكە، ھەر مىللەت خەلقىگە نامايان قىلىشىمىز، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەتىجىلىرىمىز بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە دۇنيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدىغان بولۇشىمىز كېرەك. بۇ دەۋر تەقەززاسى ۋە خەلق ئارزۇسى.

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەپ، تولۇق نەزەرىيەۋى سىستېمىغا ئىگە بولغان ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا، ئاممىغا يېقىنلىشىپ، تارىخنى چوڭقۇر قېزىپ، ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدا گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويىدى. بۇ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە گۈللىنىشنىڭ مۇھىم بەلگىسى شۇ بولدىكى، زور بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 2300 دىن ئارتۇق ئەزالىرى ئىچىدە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلاردىن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى 600 دىن ئاشىدۇ. ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىي تەنقىد، نەزەرىيەۋى تەتقىقات، ئەدەبىي تەرجىمە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. رومان ئىجادىيىتى ئالاھىدە يۈكسەلدى. ئەخەت تۇردى، مەمتىمىن ھوشۇر، ئەختەم ئۆمەر، نۇرمۇھەممەت توختى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

قاتارلىق يازغۇچىلار پىروزا ئىجادىيىتىنىڭ باشلامچىلىرى بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ يۇرۇشلۇك پوۋېست ـ رومانلىرى نەشر قىلىنىپ، مەدەنىيەت جۇغلانمىسى ھېسابىدا جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ياسىنجان سادىق چوغلان «جاللات خېنىم» رومانىدىن كېيىن «باھادىرنامە» ناملىق كۆپ قىسىملىق ئالتە توملۇق رومانى بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

ئەخەت تۇردىنىڭ «قاباھەتلىك چۈش»، «سەرسان روھ»، «كونا كوچا» رومانلىرى، پەرھات جىلاننىڭ «مەھمۇت كاشغەري»، ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ «يېگانە دۇنيا»، ئارسلان تالىپنىڭ «خىزىرغا يولۇققان ئاتا» ناملىق رومانلار خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. زوردۇن سابىرنىڭ «دولان ياشلىرى»، مەمتىمىن ھوشۇر ـ نىڭ «ساراڭ» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئېنگلىس تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇيغۇر يېڭى دەۋر پىروزىچىلىـ قىمۇ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»، ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى بىلەن بىرگە پۈتۈن مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلىنىشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدىكى ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەر يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنىڭ ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قارىشىنى پۇختا ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى بىلەن ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلغانلىقىنىڭ، زامانىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش يولىدا تىرىشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قارىشىنىڭ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تەرەققىياتىـ دىكى تارىخىي ئورنىنى جەزمەن مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئۇنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش لازىم.

**(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى)**

**قىسقا خەۋەر**

★ دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مىنىستىرى، داڭلىق يازغۇچى، مەركەز تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى ۋاڭ مېڭ ئەپەندى 2011 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ديارىمىزغا كېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك قامۇسى»نى ئىشلەش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە سۆھبەت يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

سۆھبەت يىغىنىغا سابىق مۇدىر جۇرئەت قادىر رىياسەتچىلىك قىلدى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى، ۋۇ فۇخۇەن، مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرزاق سايىم، تەتقىقاتچى ليۇ گوفاڭ، قامۇسنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى، تەتقىقاتچى جۇڭ گاۋ ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بۇ سۆھبەتكە قاتناشتى. ۋاڭ مېڭ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك قامۇ ـ سى»نىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ۋە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، تارىخى ھەققىدىكى بەزى پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ قامۇسنى ئىشلەشتە، ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرىنىڭ ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلغانلىقىنى، بۇ قامۇسنىڭ تەسىـ رىنىڭ ۋە ئەھمىيىتىنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. جۇڭ گاۋ ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ھالقىلار ھەققىدە پىكىر قىلدى.

www.uyghurkitap.com



# خەتتاتلاردا پەزىلەت ۋە ماھارەت

نىياز كېرىم شەرقى (تەتقىقاتچىمىز)

مەن خەتتاتلىق ھەققىدىكى ھەر خىل يىغىن، مۇھاكىمە ۋە خەتتاتلار بىلەن بولغان سۆھبەتلەردە دائىم دېگۈدەك «تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن، بىلىمى بار ھەممە ئادەم خەت يازالىغان بىلەن ‹خەتتات› بولالىشى ناتايىن، خەتتات دېگەن بۇ پەخىرلىك نام ھەممە كىشىگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ، پەقەت ئۆز ئېلىنى، ئۆز خەلقىنى، ئۆز تىل يېزىقىنى سۆيىدىغان، پەزىلەتلىك، مويسىپىت ۋە ئالىيجاناپ، بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر، باشقىلارغا يېزىقنىڭ گۈزەل شەكىللىرى ئارقىلىق ئېستېتىك زوق ھەم بەدىئىي لەززەت بېرەلەيدىغان كىشىلەرگە خاستۇر» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ كەلدىم. بەزى خەتتاتلار بۇ سۆزگە ئېتىبار بىلەن قارىدى، بەزى خەتتاتلار قىلچىمۇ پەرۋا قىلمىدى، بەزى خەتتاتلار بۇ سۆزنى ئۆزىنىڭ تىرىشىش، ئۆرلەش نىشانى قىلدى ۋە بەزىلەر ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك مەنىسىگە يېتەلمەي پىسەنت قىلمىدى. بۇ سۆز «خەتتات» دېگەن نامغا بېرىلگەن تەبىر ئىدى، شۇنداقلا «خەتتات» دېگەن نامنىڭ ئۆلچىمى ئىدى. مەن بۇ سۆزنى ئۆزۈمگە ھەر ۋاقىت سوئال تەرىقىسىدە قويۇپ، ھەربىر تىنىقتا «شەرقى، سەن قانچىلىك ئەمەل قىلدىڭ» دەپ جاۋاب ئىزدىدىم. بەزىدە ئۆزۈمدىن خۇش بولسام، بەزىدە ئۆزۈمدىن ئۆكۈندۈم.

پەزىلەت جەھەتتە، مەندە ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان روھ بارمۇ؟ تىل ـ يېزىققا مۇھەببىتىم بولسا، ئۇنى قانچىلىك سۆيدۇم، ئۇنى قوغداش، ئۇنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن قانچىلىك ئەمەلىي ئىش قىلدىم؟ پەزىلەتلىك، مويسىپىت ۋە ئالىيجاناپ دېگەن سۈپەتلەرنى ھازىرلاش ئۈچۈن ئۇزاقتىن بېرى قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم؟ خوش، ماھارەت جەھەتتە مەندە قانچىلىك بىلىم، قانچىلىك ئىقتىدار بار؟ قانچىلىك ئىشلىتەلىدىم؟ يېزىقتىن كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك، قەلبىنى تىترەتكۈدەك ۋە دەۋرنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكۈدەك ئەسەرلەرنى يارىتالىدىممۇ؟ دەپ ئۆزۈمگە سوئال قويغاندا، خەتتاتلىرىمىزمۇ بۇ سوئالنى ئۆزلىرىگە قويۇش شۇنداق تەسمۇ؟ بەزىلەر « ھەي، ئۇستاز، خەتتات بولۇش شۇنداق تەسمۇ؟ خەتتات دېگەن خەتنى چىرايلىق يازسىلا بولمىدىمۇ، ناخشىچى، ئۇسسۇلچى ۋە ئارتىسلار كەسپىتە ئۆسۈپ بىر ناخشا ئېيتىپلا، بىر ئۇسسۇل ئويناپلا بىر كۈندە چولپان بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلاردا ئۇنداق مويسىپىت، پەزىلەتلىك، ئالىيجاناپ دېگەن ئۆلچەملەر يوققۇ دەپ سورىشى تەبىئىي. نېمە ئۈچۈن خەتتاتلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ يۇقىرى بولىدۇ. بۇنىڭ جاۋابىنى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئالىم بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن كىتابىدىن ئاڭلايلى.

ئەگەر بولسا خان، قانچە ئالىم ئۆزى، كېرەكتۇر پۈتۈكچى يازارغا سۆزى،
پۈتۈكچى بىلىملىك بولسۇن ئەقىللىق، خېتى ئۇز بالاغەتتە بەك يېقىملىق.

خېتى ئۇز يېزىلسا كۆڭۈل ئېچىلۇر، ئوقۇغانچە ئاندىن كۆڭۈل ئاۋىنۇر،
پۈتۈن ياخشى سۆزلەر پۈتۈكتە بولۇر، پۈتۈلگەن ئۈچۈن سۆز ئۇنتۇلماي قالۇر.

مانا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەتتاتلارنى نېمىدېگەن يۇقىرى ئورۇنغا قويغان. ئۇ خان بولسا كىشى ھەرقانچە بىلىملىك ئالىم بولۇپ كەتكەندىمۇ، قېشىغا خەتتات قويۇشى كېرەكلىكىنى، خەتتاتنىڭمۇ خېتى ناھايىتى چىرايلىق، يېقىملىق بولۇشتىن باشقا، بىلىملىك ھەم ئەقىللىق بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ. خەتتاتلارنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە توختىلىپ:

«پۈتۈكچى بىتاما بولسۇن كۆزى توق، كۆيۈمچان ساپ كۆڭۈل، موھتاجلىقى يوق.

تاماگەر قول ئېرۇر، بولسىمۇ خان، بولۇر پەس، تاماگەر كىشى ھەرقاچان.
پۈتۈكچى بولسا ھېرىس، بىلىمنى بۇزار، تاما بىرلە يازار، خېتى بۇزۇلار.»

دەپ خەتتاتلارنى كۆزى توق، موھتاجلىقى يوق، مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل، دۇرۇس ۋە پەزىلەتلىك بولۇشقا چاقىرىپ، ئەگەر پەزىلەتتى بولمىسا، خېتى چىرايلىق بولسىمۇ كۆزگە سەت كۆرۈنىدىغانلىقىنى، ئۇنداق ئادەمنىڭ بىلىمىمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەي، يۈزىنى تۆكىۋالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى يازما ماتېرىياللىرىدا «خەتتاتلار» ئوخشىمىغان ماكان، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە، باخشى، پۈتۈكچى، مىرزا، كاتىپ ۋە خەتتات دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن ئىدى. قەدىمدىن تارتىپلا خەتتاتلارنىڭ ئورنى ھەر قايسى سەنئەتكارلار ۋە قول ھۈنەرۋەرنلەردىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق بولۇشى، ئۇلار بىلىملىك ھەم ئەقىللىق، قولى چېۋەر ھەم سەنئەت دېتى بار پەزىلەتلىك كىشىلەردىن بولغانلىقىدا، ئۇلار ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى ئەڭ تايانچلىق كىشىلەردىن بولغان، «قۇتادغۇبىلىك»تە «ئەگەر ئەل ئېلىنسا، قىلىچ بىلەن ئېلىنىدۇ، ئەگەر ئەل ئىدارە قىلىنسا، قەلەم بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ» دەپ ئېيتىلغان. ھاكىمىيەتنىڭ ئەمىر ـ پەرمان، قانۇن، ھۆججەت، ھەر خىل پىزىقچىلىق، ھېسابات ئىشلىرىدىن باشقا، مەتبەئە كەسىپ قىلىنمىغان ۋە كەسىپ قىلىنغان بولسىمۇ راۋاج تاپمىغان ئەينى دەۋرلەردە تارىخ، ئەدەبىي ئەسەر، دىنىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنى نەچچە ئون، نەچچە يۈز نۇسخىدىن كۆچۈرۈپ تارقاتقۇچىلارمۇ خەتتاتلار ئىدى. بۇنداق كىشىلەرنى كىممۇ ئەتىۋارلىمىسۇن. ئۇيغۇر كىلاسسىك قولىيازمىلىرىنى ۋاراقلىساقلا ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىمىز ئېشىپ، تېخىمۇ سۆيۈنۈپ كېتىمىز. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ تالاي ئىجادىي ئەسەرلىرىنى شۇنداقلا خەتتاتلىقتىن ئىبارەت گۆھەرنى بوگۈنگە ئۇلاشتۇرغۇچىلاردۇر. بىزنىڭ دەۋرىمىز مەتبەئەچىلىك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، كىتاب كۆچۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى ئانچە يوق دەۋر بولسىمۇ، ئەمما خەتتاتلىق ئۆز رولىنى يوقىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن تېخىمۇ جۇلالىنىپ، قايتىدىن گۈللەنمەكتە، ئۇنىڭ نۇرى خەلقىمىزنىڭ سەنئەتخۇرمار قەلبىنى يورۇتۇپ، مەنىۋى ھاياتىغا روھ بېغىشلىماقتا.

ھەممىگە مەلۇمكى، مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقۇچىدا مەنىۋىلىك كەم بولسا، ياراتقان مەنىۋى بايلىقىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. شۇڭا، مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقۇچىدا يۈكسەك دەرىجىدىكى پەزىلەت بولۇشى كېرەك. پەزىلەت ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۈستىگە تۇغۇزۇلغان. پەزىلەت جەھەتتە تەربىيەلىنىش ئۈچۈن ئەخلاققا مۇراجىئەت قىلىمىز. ئەخلاق ياخشى سۈپەتلەردىن: ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق، ھەققانىيەتنى ياقىلايدىغان، خەلق ئۈچۈن بەجانىدىل ئىشلەيدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، مىننەتسىز، لىللا ئىش قىلىدىغان، سەممىي، ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل، توغرا پىكىرلىك، ئىشەنچلىك، ئىنساپلىق، ئىچى كەڭ، كەمتەر، مېھرىبان، مۇلايىم... دېگەندەك جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھە ـ ھەر قاتلىمىدىكى كىشىلىك تۇرمۇش ۋە مۇناسىۋەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چېتىلىدىغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي تۇرمۇش بىلىملىرى بولسىمۇ، بىلىپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلغۇچىلار، يامان ئىللەتلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالغانلارمۇ ئاز ئەمەس، ئەخلاق كاتېگورىيەسىگە تەۋە ئىشلارغا رىئايە قىلمىغانلار قانۇن جاۋابكارلىقىغا تارتىلمايدۇ، بۇلار ھەربىر ئادەمنىڭ ۋىجدانىغا، ئىنسابىغا باغلىق ئىش.

خەتتاتلىرىمىز ئارىسىدىمۇ بەزى يامان سۈپەتلەرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالغانلارمۇ بار، ئەلۋەتتە. ئۇلار ۋىجدانسىزلىق، تەكەببۇرلۇق پىتنىخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، ئىسراپخورلۇق، جازانىخورلۇق، ھۇرۇنلۇق، تاماخورلۇق ھەمدە ئۆزئارا چىقىشالماسلىق، ئۆزئارا ياردەملەشمەسلىك، رەھىمسىزلىك، ئاچ كۆزلۈك، ساختىپەزلىك، خۇشامەتچىلىك، چېقىمچىلىق قاتارلىق بىرتالاي مەرەز كېسەللىكلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان. ئۇلۇغ ئالىم ئېينىشتېين: «پۈتۈن ئىنسانىيەت قىممىتىنىڭ ئاساسىي ئەخلاقتا» دېگەنىدى. ئىنسانلاردا ئەخلاق بولمىسا جەمئىيەت ھالاك بولىدۇ. ھەربىر شەخستە ئەخلاق بولمىسا، ئۇلار ئۆز تۇرمۇشىنىڭ قىممىتىنى يوقىتىدۇ. ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتتە.

ئەخلاقلىق ئادەم ئۆز قەلبىدە شەيتاننىڭ ئېزىتقۇ تۇمان كۆتۈرگەنلىكىنى سەزگەن ھامان ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، ھەرگىزمۇ باش ئەگمەيدۇ. ئەخلاق بىلەن پەزىلەت ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. ھەربىر كىشىدە ئەخلاق بولغاندا ئاندىن پەزىلەت يېتىلىدۇ. پەزىلەت بىر خىل ئىچكى كۈچ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەر كىشىدە بىۋاسىتە رول ئوينايدۇ. يەنە كېلىپ ھېچقانداق ۋاسىتىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولمايدۇ. پەزىلەت ياش خەتتاتلىرىمىزنىڭ ياشلىق باھارىغا نۇر، پېشقەدەم خەتتاتلىرىمىزنىڭ يۈزىدىكى قورۇق ۋە ئاق چاچلىرىغا سالاپەت بېغىشلايدۇ، شۇنداقلا پەزىلەت خەتتاتلىرىمىزنىڭ جەمئىيەتتىكى قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرۇشتا ۋە ئىناۋىتىنى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن چوڭ رول ئوينايدۇ. شۇڭا، خەتتاتلار پەزىلىتىنى ئۆزىنىڭ تېنىدىمۇ بەكرەك قەدىرلىشى كېرەك. بەزى ياخشى پەزىلەتلەر تۇيغۇغا ئوخشايدۇ، ئۇ پۈتۈنلەي ئادەمنىڭ ئىچىدىكى نەرسە، پەزىلەتلىك كىشىلەر سەۋر ـ تاقەتلىك بولىدۇ. بىر ئىشقا يولۇقسا ئېغىر ـ يېنىكلىكىنى دەڭسىيەلەيدۇ. ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. مەيلى چوڭ ئىش ياكى كىچىك ئىشتا بولسۇن، مەيلى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر بىلەن ياكى ئادەتتىكى پۇقرالار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولسۇن بىردەكلىكىنى ساقلايدۇ. ياخشى سۈپەت ئەخلاقلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ قېنى ـ قېنىغا سىڭدۈرگەن بولىدۇ. تۆۋەندە بىر ـ ئىككى ئەمەلىي ئىش ئارقىلىق پەزىلەتتە تەربىيىلىنىش جەريانىنى سۆزلەپ، ئورتاقلىشىش مەقسىتىگە كەلدىم: بىرقانچە يىللار ئىلگىرى نۇر باغدىكى بىر چوڭ يولدا كېتىۋاتسام، ئالدىمدا كېتىۋاتقان بىر كىشىنىڭ بىر بولاق نەرسىسى چۈشۈپ قالدى. مەن يېقىنلاپ بۇ بىر بولاق نەرسىنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇنىڭ پۇل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالدىمىدىكى كىشىنى چاقىردىم، ھەي... يولداش بۇ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويدىڭىز، ئېلىڭ دەپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم. ئۇ، رەھمەت ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ئۆيگە كېلىپ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرسەم، بەزىلىرى ئەخمەقكەنسىز دېسە، بەزىلىرى ياخشى قىلىپسىز دېدى. بەزىلىرى تاس قىلىپسىز ئالدانغىلى، بۇ ئالدامچىلارنىڭ ئويۇنى دېدى. يەنە بىر كۈنى كۆكتات بازىرىغا بېرىپ بىرمۇنچە كۆكتات سېتىۋېلىپ ئەللىك يۈەن پۇل بەرسەم، سەكسەن ئۈچ يۈەن قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. مەن قايتۇرۇلغان پۇلنى يانچۇققا سېلىپ يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ماڭا پۇلنى ئارتۇق ھېسابلاپ بەرگەنلىكىنى سېزىپ، ئارقىمغا يېنىپ كۆكتاتچىغا پۇلنى ئارتۇق قايتۇرغانلىقىنى ئېيتىپ، ئارتۇق قىسمىنى قايتۇرۇپ بەردىم. 1989 ـ يىلىغۇ دەيمەن. قىش مەزگىلى ئىدى، قارامايغا شەخسىي كۆرگەزمە ئېچىش ئۈچۈن بارغاندا، بىر يىگىت كېلىپ ئۆزىنىڭ ئۇرۇمچىدىن بىرسى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىگەنلىكىنى يولدا پورتمالنى يۈتتۈرۈپ قويغانلىقىنى، سوغۇقتا بۇ ناتونۇش شەھەردە نەگە بېرىپ ـ نەدە تۇرۇشنى بىلمەي قالغانلىقىنى ئېيتىپ مەندىن ياردەم سورىدى. مەن ئۇنى مېھمانخانىغا ئاپىرىپ تاماق يېگۈزۈپ، قېشىمدا قوندۇردۇم. ئەتىسى سەھەردە شىۋىرغانلىق سوغۇقتا قارىماي ئۇنى قاتناش بېكىتىگە ئاپىرىپ بېلەت ئېلىپ بېرىپ قولىغا ئەللىك يۈەن تۇتقۇزۇپ يولغا سېلىپ قويدۇم...

مەن ھەر ۋاقىت ئۆزۈمنى پەزىلەت جەھەتتە تەربىيىلەش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلدىم، شۇنداقلا ھەربىر ئىشقا دۇچ كەلگەندە، ئۇنى توغرا قاراش بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا تىرىشتىم. چۈنكى مەن ئۆزۈمنى يەنە باشقىلارنى پەزىلەت جەھەتتە يېتەكلىگۈچى دەپ ئويلايمەن. پەزىلەت قەلبنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى، ئۇ ئادەمنىڭ تۇغما تەبىئىتى، سالماقلىقى ۋە ئەقىل ـ ئىدراكىدىن شۇنداقلا تەربىيىلىنىشىدىن ئايرىلمايدۇ. مەن نۇرغۇن گۈزەل ئەخلاق پەزىلەت ئىچىدە «مىننەتدارلىق»نى ئەڭ تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ دەپ قارايمەن، ئەكسىچە تۇزكورلۇق ئەڭ ئۈچىغا چىققان پەسكەشلىكتۇر. ئېشىنى يەپ تۇزىغا سىيىدىغان، ياخشىلىق قىلسا، يامانلىق قىلىدىغان، ئۇستازلاردىن بىلىم ئېلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان ھەر خىل تۇزكورلۇق بىزنىڭ خەتتاتلىرىمىزغا ياراشمايدۇ. ئادەم ئىچ ـ ئىچىدىن ياخشى ئادەتلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەندە ئادەمنىڭ پەزىلىتى ھەرقانداق ئېغىر سىناقلارغىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، شۇڭا ئادەمنىڭ پەزىلىتى قورام تاشتەك مەزمۇت بولۇشى كېرەك. چۈنكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئۇلۇغ ئەخلاق ـ

پەزىلەت بولمىسا، ئۇلۇغ ئادەم بولمايدۇ. ھەتتا ئۇلۇغ سەنئەتكارمۇ بولمايدۇ. ئادەمنىڭ پەزىلىتى يوشۇرۇن بىر خىل روھ بولسىمۇ باشقىلار ھامان سېزەلەيدۇ. ئەڭ مەجبۇرىي ھەرىكەت، ئەڭ يوشۇرۇن مەقسەتمۇ بىر ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى ھامان ئەكس ئەتتۈرۈپ قويىدۇ. پەزىلەتتىن تېپىش تەس، ئادەم بولۇش تەس ئەمەس، پەزىلەت ئىگىسى بولۇش تەس. خەتتاتلار پەزىلەتلىك، ئالىيجاناب بولۇش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى تىرىشىشى، تەربىيەلىنىشى كېرەك.

ھەربىر كىشىنىڭ كىشىلىك ھاياتىدا دۇنياسىنى بېيىتىش، تۇرمۇشىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىر خىل قىزىقىش ۋە ھەۋەس بولۇشى كېرەك. كىشىلەر ھەتتا ئۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن دۆلەتكە ياكى مىللەتكە تۆھپە قوشالىشى ۋە ياكى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن. قىزىقىش ھەربىر كىشىنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر روھ، بارلىق كۈچ ـ قۇدرەت، بارلىق ئىختىرا ئۇنىڭدا يېتىلىدۇ ۋە تەربىيەلىنىدۇ. بولۇپمۇ سەنئەتكە بولغان قىزىقىش يوقاتقىلى بولمايدىغان بىر خىل تەبىئىي ھەۋەستۇر. بولۇپمۇ خەتتاتلىقتا بولغان قىزىقىش كىشىلەرنى جىسمانىي جەھەتتە ساغلاملىقتا، روھىي جەھەتتە يۈكسەكلىككە يېتەكلەيدۇ. خەتتاتلىقتا ئەڭ ئەۋزەل قىزىقىش ھەۋەسى بولۇشى كېرەك، ھەۋەستىن ئۆگىنىشكە ئۇرۇنۇپ تىرىشسا بىر گەپ بولىدۇ. تىرىشىشتىن ئىزدىنىش كېلىپ چىقىدۇ. ئىزدىنىشتىن ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ، چوڭقۇرلىغىلى بولىدۇ. ئىزدىنىشتىن ئىجادىيەت كېلىپ چىقىدۇ. مانا بۇ خىل قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەش خەتتاتلىقنى ئۆگىنىشنىڭ ئۆزگىچە بىر خىل فورمىسىدۇر. خەتتاتلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مانا مۇشۇنداق قىزىقىش، ھەۋەس، ئۆگىنىش، تىرىشىش، ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش ۋە ئۆرلەش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن. ئەمدى مەن خەتتاتلارنىڭ ماھارىتىنى مۇشۇ فورمىغا سېلىپ يەشمەكچىمەن. ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە بولسۇنكى، ئادەمنىڭ ھاياتى ئىنتىلىش دېمەكتۇر. ئەگەر ئەخلاق بۇزۇلسا ئىنتىلىش، قىزىقىشمۇ تەبىئىي ھالدا سۇسلىشىپ كېتىدۇ. كۆپ ھاللاردا قىزىقىشنىڭ پىشىپ يېتىلىشى خۇشاللىقنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كېلىدۇ. شۇنداقلا خەتتاتلىقتا بىر ئىش قىلىمەن دېگەن ئەزىمەت ۋاقىتنى قەدىرلىشى، ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىشى كېرەك. ياشلاردا قىزىقىش تەبىئىي ھاجايان تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. چوڭلاردا بولسا ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەچكە ساقلىنىپ قالىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەردە ئاساسلىق قىزىقىشتىن باشقا يەنە ئەقىل بىلەن خۇشاللىق قوغلىشىپ نۇرغۇن ھەۋەسلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرىدۇ. شۇڭا، قانداق قىزىقىش بولسا، شۇنداق ئىدىيە بولىدۇ. شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، قىزىقىش، ھەۋەس بەك كۆپ بولسا ھېچقايسىسىدىن چوڭ نەتىجە چىقمايدۇ. شۇڭا، بىرگە ماھىر كۆپكە قادىر بولغان ئەڭ ئاقىلانىلىقتۇر. خەتتاتلىقتا قىزىقىش، ھەۋەس قىلىش بىلەنلا مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ. بىسمىللا دەپ قول سېلىپ ئۆگىنىش بەك مۇھىم، ئەلۋەتتە، ئۆگىنىشنىڭ ئۆزى ئېغىر بىر ئەمگەك، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان داڭلىق خەتتاتلارنىڭ ھەممىسى جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق ناھايىتى ئېسىل ئەسەرلەرنى يارىتىپ جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان خەتتاتلار يۇقىرى ماھارەت يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ھەرقانداق بوش ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ قېتىرقېنىپ، زېرىكمەي ـ تېرىكمەي تىرىشىپ مەشىق قىلغاندا، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرىدۇ. تاتلىق مېۋىسىنى تېتالايدۇ.

شۇ ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ھازىرقى بىز ياشاۋاتقان دەۋر ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر دەۋرى، شۇنداقلا، ئىلغار زامانىۋى ئىلىم ـ پەن دەۋرى. قول بىلەن خەت يازىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كومپيۇتېر ئۈستىگە ئالدى يېزىقچىلىق ئىشلىرى ئاپتوماتىكلاشتۇرۇلۇپ قول بىلەن خەت يازىدىغان كىشىلەر ئازىيىپ كەتتى. بۇ بىر تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يولى. ھېچكىم بۇ 12 بال تەيفېڭ بورىنىدەك كەلگەن دۇنياۋى تەرەققىيات كەلكۈنىنى توسۇپ قالالمايدۇ. ھەمدە بۇنداق تەرەققىياتنىڭ كەينىدە قىلىشنى خالىمايدۇ. مىللىي ئەنئەنە قولىمىزدىكى گۆھەردۇر. خەتتاتلىق دېگەن يەنىلا خەتتاتلىق، ئۇ ئۇيغۇر روھى دۇنياسى بىلەن مەدەنىيەت قاتلىمىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان خۇددى بىر توغراقتۇر. خەتتاتلىق تىل ـ يېزىق بىلەن

www.uyghurkitap.com



چىرمىشىپ كەتكەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، بۇنى ئۆگىنىش ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش ھەربىر چېچەن، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ئىنساننىڭ شەرەپلىك بۇرچى. شۇڭا، خەتتاتلار نەچچە ھەسسە قىزغىنلىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۆز ماھارىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. ھازىرقى خەتتاتلىق بۇرۇنقى خەتتاتلىق بىلەن ئوخشىمايدۇ. بۇرۇنقىلار ئىستېمال نۇقتىسىدىن كىتاب كۆچۈرۈش، ھەر خىل يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، بۇ دەۋر كىشىلەرنىڭ كۈنسايىن ئۆرلەۋاتقان ماددىي تۇرمۇشقا ماس كېلىدىغان مەنىۋى تەلىپىنى قاندۇرالايدىغان ھۈزۈرلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەسەر يارىتىش كېرەك. بۇ ئېھتىياج يۇزىدىن خەتتاتلار تەپەككۇرىنى، ئىجادىيەت ئېڭىنى يېڭىلىشى زۆرۈردۇر. ھەربىر ئىجادىي ئەسەردىكى مەزمۇن، شەكىل، نۇسخا، كومپوزىتسىيە جەھەتتە ئەتراپلىق ئويلىنىپ، جەلىپ قىلىش كۈچى كۈچلۈك ئېسىل ئەسەرلەرنى يارىتىش ئۈچۈن خەتتاتلىق ماھارىتىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

خەتتاتلىق كۆپ تەرەپلىمە تەربىيەلىنىشنى، ئىزچىل مەشغۇلات قىلىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان سەنئەت تۈرى، ئۇنىڭ پەللىسى ئېگىز، كامالەتكە يېتىپ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئۆگىنىشكە ۋە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا يەنە خەتتاتلىق بىر ئىلىم ئۇنىڭدا ماھارەت يېتىلدۈرۈشتە كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ ئۆگىنىش ئىستىلىنى توغرىلاش كېرەك، مەغرۇرلۇق، قانائەتچانلىق قىلماسلىق، ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسىمەسلىك كېرەك. ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، قائىدىلەرگە بويسۇنۇش ماھارەت يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى، خەتتاتلىق ئالاھىدە بىر پەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرى نۇسخا ئالاھىدىلىكلىرى بار. ھەربىر نۇسخىنىڭ ئۆزىگە خاس كونكرېت يېزىش ئۇسۇلى، ئۆلچىمى، تەلەپ ۋە تەرتىپ سىستېمىسى بار. شۇڭا، ماھارەت يېتىلدۈرۈشتە جەزمەن تۈرلەر بويىچە ھەربىر نۇسخىنىڭ ھەرپ قۇرۇلمىلىرىنى، يېزىش ئۇسۇلىنى ۋە تەلەپلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ مەشىق قىلىش كېرەك. ھەرگىزمۇ ئۆز مەيلىگە ھەر خىل نۇسخىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئەبجەش قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇ نۇسخىدا يېزىلغان ھۆسنىخەت ھەرپلىرى باشتىن ـ ئاخىرىغىچە ئىزچىل توغرا يېزىلسا، بۇ ئەسەر ئۆلچەملىك، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە كومپيۇتېردىن ئىبارەت زامانىۋى ئۈچۈر قورالى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مۆلچەرلىگۈسىز ھالدا ئىنتايىن ئەپچىل، قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى، پۈتۈن خىزمەتلەر كومپيۇتېر بىلەن ئىشلەنمەكتە. كومپيۇتېر بىلەن باغلانغان تور، پۈتۈن يەر شارىنى قاپلىدى، خەتتاتلىقمۇ ئەلۋەتتە بۇ توردىن مۇستەسنا ئەمەس. خەتتاتلىرىمىز بۈگۈنكى كۈندە بەش ـ ئون كىۋادرات مېتىرلىق ئۆيدە ئولتۇرۇپ يەر شارىنى پىرقىرىتىپ قويۇپ، نەدىكى خەتتاتلىق ئەسەرلىرىنى كۆرىمەن دېسە شۇنى كۆرەلەيدىغان ھەمدە ئۆزىگە كېرەكلىك مەزمۇنلارنى توردىن چۈشۈرەلەيدىغان بولۇپ كەتتى. شۇڭا، ماھارەت يېتىلدۈرۈشتە ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدىكى ئۆزىمىزگە خاس نۇسخىلاردىن باشقا نۇسخىلارنى ئىسلام خەتتاتلىقىدىكى نۇسخىلارغا يېقىنلاشتۇرۇش بىزگە پايدىلىقتۇر. خەتتاتلىق بىر پەن، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىپ، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىش كېرەككى، ساختىلىق ئىشلىتىشكە، ئۇنىڭ پەللىسىگە ئىز قالدۇرماي سەكرەپلا چىقىۋېلىشنى ئويلاپ، يوشۇرۇن يەر ئاستى يول تاللاشلارنىڭ ھەممىسى خاتا. بەزىلەر ھۆسنىخەت ئۆگىنىش مەشىقىنى ئاۋارىگەرچىلىك دەپ بىلىپ، كومپيۇتېرغا تايىنىپ خەت ئىشلەيدىغان، ھەتتا كومپيۇتېردا بېسىپ چىقىرىلغان خەت ۋە نەقىشلەرنى ئانچە ـ مۇنچە پەدەزلەپ، مەن يازغان ئەسەر دەپ كۆز بويايدىغان، ھەر خىل ھىيلە ـ مىكىرلەر بىلەن ئىشلىگەن خەتلەرنى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىدىغان، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىش روھى يوق قىلمىشلار قوشۇنىمىزدا ساقلانماقتا. بۇنداق ئىللەتلەرنى چوقۇم قەتئىي تۈزىتىش كېرەك.

ماھارەت يېتىلدۈرۈشنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش بىلەن بولىدۇ. ھازىرقى گۈزەل نەرسىلەرنى ھەممىسى ئىزدىنىش ئىجادىيەتنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدىكى تۈز خەت نۇسخىسى، ئەسلىيە خەت نۇسخىسى، كۇفى خەت نۇسخىسى، رەيھانى خەت نۇسخىسى ۋە رۇقئى خەت نۇسخىلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن كومپيۇتېر خەت نۇسخىلىرىدىن ئورۇن ئالدى، بۇ نۇسخىلار ئەرەپ

يېزىقىنى قوللىنىدىغان دۆلەت ۋە رايونلاردا ئىشلىتىۋاتقان ھەرپلەردىن كۆپ گۈزەلدۇر. ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا يېزىلغان نۇرغۇن ھۆسنىخەتلەر كومپوزىتسىيە، شەكىل گۈزەللىكىدە باشقىلاردىن ھېچقانداق كەم يېرى يوق، بىزنىڭ خەتتاتلىرىمىزدا ئۈمىد بار. ئېلىمىزنىڭ «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن، ھەممە بەس ـ بەستە سايرىسۇن» دېگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېنىنىڭ ئۆزىلا، ئىزدىنىش، ئىجادىيەتكە كەڭرى زېمىن ھازىرلىغانلىقىنىڭ جۇملىسىدىندۇر. ئۆگىنىش بولمىسا ئىجادىيەت بولمايدۇ. ۋارىسلىق قىلىش بولمىسا تەرەققىيات بولمايدۇ. بۇ بىر ھەقىقەت! ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى بولمىغان بولسا، ئۇيغۇر خەتتاتلىقى بولمايتتى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قولىيازمىلىرى بولمىسا، ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ بۈگۈنى بولمايتتى. شۇڭا، خەتتاتلىق ۋارىسلىق قىلىش بىزنىڭ شەرىپىمىز خەتتاتلىق مىراسلىرىنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز.

خۇلاسە شۇدۇركى، بىر خەتتاتنىڭ تاكاممۇللىششى، ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئالىيجاناب ۋە يۈكسەكلىكى ئۇنىڭ ۋەتەن، خەلق، مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىدە نۇرلىنىدۇ. شۇنداقلا خەتتاتلىق ئىجادىيىتىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىششىنىڭ يوشۇرۇن ئاساسىي سەنئەتتە ئىزدىنىشنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ۋىجدان، نومۇس، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە كەسپچانلىق خەتتاتنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغاندا خەتتاتتا بىر خىل ياخشى خاراكتېر شەكىللىنىدۇ، شۇنداقلا ئېسىل پەزىلەت تىكلىنىدۇ. پەزىلىتى بار ئادەم خەتتاتلىق ماھارىتى بولمىسا، ھەرگىزمۇ خەتتات بولالمايدۇ. شۇنداقلا ماھارىتى بار ئادەمنىڭ پەزىلىتى بولمىسا ھەقىقىي خەتتات بولالمايدۇ. خەتتات شەردپگە ئېرىشكۈچى كىشى تىرىشىپ ئۆزىنى يۈكسەلدۈرگەندىلا ئاندىن ھەقىقىي خەتتاتقا ئايلىنالايدۇ.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

**قىسقا خەۋەر**

★ «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» ۋە «دېھقان ـ چارۋىچىلار كىتابخانىسى قۇرۇلۇشى»غا ماسلىشىش ۋە كەڭ ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 60 نەچچە يىلدىن بۇيانقى زور ئۆزگىرىشلىرىدىن خەۋەردار قىلىش، دېھقان ـ چارۋىچىلار ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ۋەتەن ئىپتىخارلىقىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇش يۈزىسىدىن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىشى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى)نىڭ تەشكىللىشى بىلەن، ئالاقىدار تەتقىقاتچىلىرىمىز تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ۋەتەنگە تەشەككۇر» ناملىق مەجمۇئە (16 كىتاب) يېقىندا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. 30غا يېقىن ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن ئاممىباب تىل ۋە ئەمەلىي پاكىت ئارقىلىق يېزىپ چىقىلغان بۇ مەجمۇئەنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول بولۇپ، «خەلق تۇرمۇشى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»، «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش»، «ئەمگەك ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش»، «مائارىپ»، «سودا-سېتىق»، «تېببىي داۋالاش ۋە سەھىيە»، «سانائەت»، «مەدەنىيەت»، «مۇھىت ئاسىراش»، «پۇل مۇئامىلە»، «قاتناش ـ تىرانسپورت»، «سۇچىلىق»، «يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا ئىقتىسادى »، «شەھەرلىشىش ۋە ئاھالىلەر تۇرالغۇسى»، «قانۇنچىلىق»تىن ئىبارەت 16 ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەربىر قىسمى خەنزۇچە خەت سانى بويىچە 100 مىڭ خەت ئەتراپىدا بولۇپ، جەمئىي 1 مىليون 600 مىڭ خەتكە بارىدۇ. ھەربىر كىتابقا قىممەتلىك تارىخىي ۋە رېئال سۈرەتلەر قىستۇرۇلغان، ئىلمىيلىكى ۋە ماتېرىياللىق قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى. بۇ كىتاب خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىندى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاپپار ھەبىبۇللا بۇ كىتابقا كىرىش سۆز يېزىپ بەرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان يېزىق ئىسلاھاتىنىڭ باش ـ ئاخىرى توغرىسىدا

تاھىرجان مۇھەممەت (تەكلىپلىك تەتقىقاتچىمىز)

## 1

ماۋ زېدۇڭ 1940 ـ يىلى ئېلان قىلغان «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە «يېزىقنى مۇئەييەن شارائىتتا ئۆزگەرتىش لازىم» دەپ يازغان. 1951 ـ يىلى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ «يېزىقنى ئۆزگەرتىش لازىم، دۇنيا يېزىقىدا ئورتاق بولغان ئېلىپبەلىك يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى. 1952 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىقى «جۇڭگو يېزىق ئىسلاھاتى تەتقىقات كومىتېتى»نى تەسىس قىلدى. يېزىق ئىسلاھاتى تەتقىقات كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى: خەنزۇچە خەتنى ئاددىيلاشتۇرۇش ۋە خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسىنى تەتقىق قىلىش ۋە تۈزۈشتىن ئىبارەت بولدى. 1954 ـ يىلى 10 ـ ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە «جۇڭگو يېزىق ئىسلاھاتى كومىتېتى» قۇرۇلدى. ۋۇ يۈجاڭ ( 1878 ـ 1966) بۇ كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. يېزىق ئىسلاھاتى كومىتېتى قارمىقىدا «خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى ھەيئىتى» تەسىس قىلىندى. بۇ ھەيئەت چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق خەنزۇچە خەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇش لايىھەسىدىن بىرنى، خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسىدىن ئالتىنى تۈزۈپ چىققان. بۇ ئالتە لايىھەنىڭ تۆتى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ سىزىق سانى ئاساسىدا، بىرى سلاۋيان ھەرپلىرى ئاساسىدا، يەنە بىرى خەلقئارادا ئورتاق بولغان لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەنىدى.

1955 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بېيجىڭدا جۇڭگو يېزىق ئىسلاھاتى كومىتېتى بىلەن مائارىپ مىنىستىرلىقى بىرلىكتە مەملىكەتلىك يېزىق ئىسلاھاتى چوڭ يىغىنى چاقىرغان. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مۇئاۋىن زۇڭلى چېن يى (1901 — 1972) سۆز قىلدى، ئۇ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «تۈمەن مىڭلىغان ساۋاتسىزلار مەۋجۇت ئەلنى كۈچلۈك سانائەت دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز نۆۋەتتىكى يېزىق ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئېلىمىزنى كۈچلۈك سوتسىيالىستىك سانائەت دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك» دېگەن. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېزىق لايىھەلىرى ئۈستىدە، بولۇپمۇ «مىللىي شەكىل» ھەققىدە ئەركىن ۋە ئەتراپلىق بەس ـ مۇنازىرە ئېلىپ باردى. شاڭخەي فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد فاكۇلتېتىنىڭ پىروفېسسورى جۇ يۇگۇاڭ ( 1906 ـ ) ئەپەندى مۇنداق پىكىر قىلدى: «مىللىي شەكىلنىڭ شەكىللىنىشى ئادەت خاراكتېرلىك تەربىيەۋى جەريانغا موھتاج. ئالايلى، غېجەك (胡琴) ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق دۆلەتنىڭ مىللىي مۇزىكىسىغا ئايلاندى؛ چىپاۋ (旗袍) كىيىش ئارقىلىق خەنزۇلارنىڭ مىللىي كىيىمىگە ئايلاندى؛ چەت ئەلنىڭ ھەرپلىرىنى قوللانساق ئۇمۇ مىللىي يېزىققا ئايلىنىدۇ. ئىنگلىز يېزىقىدىكى ھەرپلەرمۇ لاتىنلاردىن كىرگەن ھەرپلەر. دېمەك، لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئىنگلىز يېزىقى ھازىر ئۇلارنىڭ مىللىي شەكلى بولۇپ قالدى. خەنزۇ يېزىقى (چاسا خەت)نىڭ شەكلى تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان ئېلىپبەلىك يېزىقنىڭ شەكلىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگىمۇ ئۇيغۇنلاشمايدۇ. دۇنيادا ئەڭ كەڭ قوللىنىلىۋاتقان ھەرپ لاتىن ھەرپلىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ لاتىنچە ھەرپلەرنى قوبۇل قىلغىنىمىز تۈزۈك.» بۇ پىكىر يېزىق ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋۇ يۈجاڭنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە قوزغىدى. مەملىكەتلىك

يېزىق ئىسلاھاتى چوڭ يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، 49 ياشلىق جۇ يۇگاڭ يېزىق ئىسلاھاتى كومىتېتىغا ئېلىپ قېلىنىپ، خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسىنى تۈزۈش بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندى.

1956 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بېيجىڭدا «زىيالىيلار مەسىلىسى يىغىنى» ئېچىلدى. يىغىندا ۋۇ يۈجاڭ: «جۇڭگونىڭ يېزىق ئىسلاھاتى خىزمىتى ھەققىدە» دېگەن تېمىدا مۇھىم دوكلات بەردى. يىغىننىڭ رەئىس سەھنىسىدە ئولتۇرغان ماۋ زېدۇڭ ئۆزلۈكىدىن مىكرافوننى قولغا ئېلىپ تۆۋەندىكىچە سۆز قىستۇردى: «يېزىق ئىسلاھاتىمىزدا مەن لاتىن ھەرپلىرىنى قوللىنىشنى بەك قۇۋۋەتلەيمەن، كۆپچىلىك سىلەر قوللامسىلەر ـ يوق؟ مېنىڭچە، بۇ ھەقتە كەڭ ئاممىدا مەسىلە ئانچە چوڭ ئەمەس. زىيالىيلار ئارىسىدا بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت. جۇڭگو قانداقلارچە چەت ئەلنىڭ ھەرپلىرىنى قوللىنىدۇ؟ دېگەندەك سوئاللار بار. ئەمما، بىز يەنىلا چەت ئەلنىڭ ھەرپلىرىنى قوللانغىنىمىز ياخشىدەك قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەرپلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز، بىر تەرەپكىلا قارىتىپ يېزىلىدىكەن، سىزىقلىرى ئاددىي، ئېنىق ئىكەن. دېمەكچىمەنكى، چەت ئەلنىڭ ياخشى نەرسىلىرىنى، بىزگە ھاجەتلىكى نەرسىلىرىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك، ھەممىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك ھەمدە ئۇنى ھەزىم قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ نەرسىسىگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.» مۇشۇ يىغىن بىلەن يېزىق ئىسلاھاتىدىكى قانداق ھەرپنى قوللىنىش تالاش ـ تارتىشى توختىدى.

1956 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى « يېزىق ئىسلاھاتى خىزمىتى مەسىلىسى ھەققىدە يوليورۇق»نى تارقاتتى. ھۆججەتتە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: «مەركەزنىڭ قارىشىچە، خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسىدە لاتىنچە ھەرپلەرنى قوللىنىش بىرقەدەر مۇۋاپىق.»

1956 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـكۈنى جۇڭگو يېزىق ئىسلاھاتى كومىتېتى «خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى (دەسلەپكى نۇسخا)»نى ئېلان قىلدى. بۇ لايىھە سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي ھەيئەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ، ھەتتاكى ئايرىم ناھىيەلەردىكى سىياسىي كېڭەش ئورگانلىرىدىمۇ مۇزاكىرىگە قويۇلۇپ پىكىر ئېلىندى. تۈنجى لايىھەنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى شۇ يىلى 8 ـ ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە سۇنۇلغان. گوۋۇيۈەن دەرھال مەخسۇس «خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى»نى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتىنى تەسىس قىلغان. بۇ ھەيئەت بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مائارىپ، تىل تەتقىقاتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئاخبارات ـ نەشرىيات، پەن ـ تېخنىكا، تەرجىمە ساھەلىرىدىن ۋە ھەربىي قىسىم، خەلق تەشكىلاتلىرى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان 178 نەپەر ۋەكىلنىڭ ئىشتىراكىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزگەن. بېيجىڭدىن سىرت 39 شەھەردىكى نوقۇل تىل ـ يېزىق ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى 100 نەپەر مۇتەخەسسىستىن خەت ئارقىلىق پىكىر ئالغان. ھەتتا چەت ئەلدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىدىنمۇ پىكىر تەكلىپلەر كەلگەن. پىكىر ۋە تەكلىپلەردە بىرلىك ئاز، ئوخشىماسلىق كۆپ بولغان. ئوخشىماسلىقنىڭ ئاساسلىقى «خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى»نىڭ رولىغا مەركەزلەشكەن ئىدى. جۇ ئېنلەي زۇڭلى بۇ مەسىلىنى كۆزدە تۇتۇپ لايىھەنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتىگە مۇنداق يوليورۇق بەرگەن: «خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى رەسمىي يېزىق لايىھەسى ئەمەس. ئۇنىڭ پەقەت خەنزۇچە خەتلەرگە ئاھاڭ بېرىش، ساۋات چىقىرىشقا ياردەم قىلىش ۋە ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشلا رولى بار. ئۇ ھازىرچە خەنزۇچە يېزىقنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ، خەنزۇچە چاسا يېزىق ئەمەلدىن قالمايدۇ. خەنزۇچە يېزىقنىڭ ئورنىنى ئېلىپبەلىك يېزىقنىڭ ئىگەللىشى يىراق كەلگۈسى تارىختىكى ئىش، بۇنىڭغا ھازىرچە ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ.» شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ يېڭى يېزىق لايىھەسىنىڭ رولىغا قارىتا تونۇشى ئايدىڭلاشقان، پىكىر بىرلىككە كەلگەن، تالاش ـ تارتىشمۇ ئاياغلاشقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



1957 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ 16 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنى «خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسىنى ماقۇللاش توغرىسىدىكى قارارى»نى چىقاردى ھەم ئۇنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قاراپ چىقىپ تەستىقلاپ بېرىشىگە سۇندى. بۇ لايىھە 1958 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بىرىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«بىرىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ سانلىق يىغىنى گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى جۇ ئېنلەي تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى» ھەققىدىكى تەكلىپنى ۋە جۇڭگو يېزىق ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋۇ يۈجاڭنىڭ «نۆۋەتتىكى يېزىق ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى توغرىسىدا دوكلاتى»نى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن مۇنداق قارارغا كەلدى: بىرىنچى، خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى تەستىقلانسۇن. ئىككىنچى، مۇدىر ۋۇ يۈجاڭنىڭ «نۆۋەتتىكى يېزىق ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلاتى» پىرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللانسۇن. يىغىن يەنە مۇنۇلارنى زۆرۈر دەپ تەكىتلەيدۇ: خەنزۇچە خەتلەر داۋاملىق ئاددىيلاشتۇرۇلۇشى، پۇتۇڭخۇا (ئەدەبىي تىل) پائال ئومۇملاشتۇرۇلۇشى لازىم. خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى خەنزۇچە خەتلەرنى ئۆگىنىش ۋە ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان قورال سۈپىتىدە، ھەممىدىن ئاۋۋال دارىلمۇئەللىمىن (پېداگوگىكا مەكتەپلىرى)دە، ئوتتۇرا ھەم باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتۇلۇپ تەجرىبە توپلىنىشى، نەشرىيات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەردە پەيدىن ـ پەي يولغا قويۇلۇشى، ئەمەلىيەت جەريانىدا لايىھە يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى لازىم.»

1958 ـ يىلى كۈزدە، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا خەنزۇ يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش دەرسى تەسىس قىلىندى. «خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى»دىكى ھەرپلەر، ھازىر ئېلىمىزدە خەنزۇچە ناملارنى يېزىشتىكى ئۆلچەم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چەت ئەللەردىمۇ خەنزۇچە ئىسىملارنى يېزىشتىكى ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ قالدى. ئالايلى، 1982 ـ يىلى خەلقئارا ئۆلچەملەشتۈرۈش تەشكىلاتى: خەلقئارا ئۆلچەم بەلگىسى (ISO) قوللىنىلىدىغان بارلىق ھۆججەت ماتېرىيال خىزمىتىدە، ج خ ج مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېلان قىلغان «خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى»دىكى ھەرپلەرنى ئىشلىتىشنى قارار قىلغان. ئامېرىكىنىڭ پارلامېنت كۇتۇپخانىسى ئامبارىدا ساقلىنىۋاتقان خەنزۇچە كىتابلارنىڭ كاتالوگىنى 20 مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىپ لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە يېڭىۋاشتىن تۈرغۇزۇپ چىققان.

## 2

1949 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي پىروگراممىسى» بىلەن 1952 ـ يىلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ھەيئىتى تۈزگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پىروگراممىسى»دا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولىدۇ، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق يولغا قويۇلىدۇ. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز تىل ـ يېزىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېيىلگەن. 1954 ـ يىلى تۈزۈلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ۋە 1984 ـ يىلى بىرىنچى ئۆكتەبىردىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ مىزانلاردا : «جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

1950 - يىلى شىنجاڭدا تۇنجى مەخسۇس مىللەتلەر تىل - يېزىقى خىزمىتى ئورگىنى بولغان مىللەتلەر تىل - يېزىق تەتقىقاتى يېتەكچىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. بىر قاتار تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش خىزمىتى نەتىجىسىدە، 1954 - يىلى ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر، قازاق يېزىقى ئېلىپبەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئىملا قائىدىسىنى تولۇقلاش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1957 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى گوۋۇيۈەن جۇڭگو يېزىق ئىسلاھاتى كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان: «ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق لايىھەسىدە ھەرپ بەلگىلەشكە دائىر بىرقانچە پرىنسىپ» (يېزىق ئىسلاھاتىدىكى «بەش پرىنسىپ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى تەستىقلاپ تارقاتتى. «بەش پرىنسىپ» مۇنۇلار: بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئىجات قىلىشتا لاتىن ھەرپلىرىنى ئاساس قىلىش كېرەك؛ ئەسلىدىكى يېزىقنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىدىن ھەرپ سىستېمىسىنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ئىمكان قەدەر لاتىن ھەرپلىرىنى ئاساس قىلىش لازىم. ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەت تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى ئوخشاش ياكى يېقىن كېلىدىغان تاۋۇشلارنى، ئىمكانقەدەر خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسىدىكى مۇۋاپىق ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلەش لازىم. ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىدا مەۋجۇت، ئەمما خەنزۇ تىلىدا يوق بەزى تاۋۇشلارنى بىرلا لاتىن ھەرپى بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمىسا، ئۇ ھالدا، ئۇنى ئىككى قوشۇلما ھەرپ بىلەن، ياكى يېڭىدىن ھەرپ سەپلەش بىلەن ۋە ياكى مەلۇم ھەرپنىڭ ئۈستىگە مۇئەييەن شەرتلىك بەلگىنى قويۇش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىش لازىم. تۆتىنچى، تىلدىكى تون ياكى ئىنتەنۇتاتسىيە مەسىلىسىنى ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا قاراپ، ئاخىرقى بوغۇمغا ھەرپ قېتىش ياكى باشقا چارە بىلەن ھەل قىلىسىمۇ ۋە ياكى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتسىمۇ بولىدۇ. بەشىنچى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ تۇغقان تىللارنىڭ ھەرپ شەكلى ۋە ئىملا قائىدىسى ئىمكان بار بىردەك بولۇش لازىم. يۇقىرىقى پرىنسىپلار ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېزىق ئىسلاھاتىدىكى يېتەكچى ئىدىيە ئىدى.

1958 - يىلى 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى» بىرىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - سانلىق يىغىنىدا تەستىقلىنىپ گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن رەسمىي ئېلان قىلىندى. 1958 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4- كۈنى بېيجىڭدا ئىككىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مىللەتلەر تىل - يېزىقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى. بۇ يىغىندا ئالدى بىلەن گوۋۇيۈەن ئوتتۇرىغا قويغان « يېزىق ئىسلاھاتىدىكى بەش پرىنسىپ» ئۆگىنىلدى. شىنجاڭ ۋەكىللىرى يىغىنغا ئېلىپ بارغان: «ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل ۋە شىبەدىن ئىبارەت بەش مىللىي تىلنىڭ سىلاۋيان ھەرپلىرى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىق لايىھەسى (دەسلەپكى نۇسخا)»نىڭ ھەممىسى ئىنكار قىلىندى. مۇزاكىرە - مۇھاكىمىلەردىن كېيىن لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدا ئاۋۋال ئۇيغۇر ۋە قازاق مىللىتىنىڭ يېڭى يېزىق لايىھەسىنى ئىشلەپچىقىش كۈنتەرتىپكە تىزىلدى. 1959 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق لايىھەلەش خىزمىتىگە ياردەملىشىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى تەتقىقات ئىنستىتۇتى شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان كەڭ كۆلەملىك تىل تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاساسىدا «خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى»دىكى ھەرپلەر بويىچە ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىق لايىھەسىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى ۋە يېڭى يېزىق ئاددىي ئىملا قائىدىسىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئالدى. 1959 - يىلى 11 - ئايدا، ئۈرۈمچىدە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان ئىككىنچى نۆۋەتلىك مىللەتلەر تىل - يېزىقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا يەنە مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى تەتقىقات ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئاساسلىقى ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە قارىتا تونۇشىنى ئۆستۈردى. ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىق لايىھەسىنى ۋە ئىملا قائىدىلىرىنىڭ نۇسخىلىرىنى

www.uyghurkitap.com



ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلدى ھەم ئۇنىڭغا زۆرۈر تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۇمىتى بۇ ئىككى لايىھەنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، شۇ يىلنىڭ ئاخىرىلا مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەستىقلاپ بېرىشىگە يوللىدى. ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىق لايىھەلىرى مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، 1960 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن تاكى 1965 ـ يىلغىچە سىناق(تەجرىبە) تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. يەنى 1960 ـ يىلنىڭ بىرىنچى مەۋسۇمىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق ئۇيغۇر، قازاق باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ بىرىنچى سىنىپىدا پۈتۈنلەي يېڭى يېزىقتا نەشر قىلىنغان دەرسلىكلەر قوللىنىلدى. سىناق باسقۇچىدا، ئاساسلىقى تەشۋىقى تەربىيە كۈچەيتىلىپ، كەڭ كادىر ۋە ئامما يېڭى يېزىقنى قىزغىن ئۆگىنىشكە سەپەرۋەر قىلىنغان. يېڭى يېزىق ئوقۇتقۇچىلىرى قاتلاممۇقاتلام، تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ يېتىشتۈرۈلگەن، «يېزىق ئىسلاھاتى ھەققىدە تەشۋىقات تېزىسى»، «يېزىق ئىسلاھاتى ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار» قاتارلىق تەشۋىقات ماتېرىياللىرى كەڭ تارقىتىلغان. « يېڭى يېزىق ھەرپلىرى ۋە ئۇنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى»، «فونېتىكا توغرىسىدا ساۋات» قاتارلىق ئاممىباپ كىتابلار نەشر قىلىنغان. «شىنجاڭ گېزىتى»گە ياندىشتۇرۇلغان «يېڭى يېزىق گېزىتى» 1962ـ يىلى 1 ـ ئايدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر تىلىدا، ئىككىنچى يىلدىن باشلاپ قازاق تىلىدا چىقىشقا باشلىغان. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ساۋات چىقىرىش ئوقۇتۇشىمۇ پۈتۈنلەي يېڭى يېزىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان.

1965 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى ئىمزاسىدا: ئۇيغۇر يېڭى يېزىق لايىھەسى بىلەن قازاق يېڭى يېزىق لايىھەسىنىڭ 1964 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەستىقلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. دېمەك، شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرى سىناق باسقۇچىدىن ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇش باسقۇچىغا قەدەم قويغان. بۇ باسقۇچ 1975 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە داۋاملاشقان. بۇ باسقۇچتا رەھبەرلىك قاتلاممۇقاتلام كۈچەيتىلگەن. يەنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيەلىرىدە، ھەتتاكى ھەرقايسى تارماق ئورگانلىرىدا يېڭى يېزىق خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان مۇناسىپ ئورگان تەسىس قىلىندى، كەسپىي خادىملار سەپلەندى. يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يېڭى يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۇزۇن ۋە قىسقا مۇددەتلىك پىلانى تۈزۈپ چىقىلغان. 1965 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن ئېتىبارەن «شىنجاڭ يېزىق ئۆزگەرتىش» ژۇرنىلى ئايدا بىر ساندىن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نەشر قىلىنغان. « شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ يېڭى يېزىقتىكى نۇسخىسى ھەپتىدە ئۈچ سان چىققان. 7 ـ ئايدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى» كۈنلۈك گېزىتكە ئۆزگەرگەن. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت «ئۇيغۇر، قازاق كونا يېزىقلىرىنى ئىشلىتىشنى توختىتىپ، ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى ۋە بۇ قارارنى 1976 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

1982 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 ـ سانلىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ۋەكىللەر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۇمىتىنىڭ: «ئۇيغۇر، قازاق كونا يېزىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىش توغرىسىدىكى دوكلات»نى ئاڭلاپ مۇھاكىمە قىلدى. يىغىن ئەھلى «بىرقانچە يىلدىن بېرىكى ئەمەلىيەت ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقلىرىنى يولغا قويۇشنىڭ شەرت ـ شارائىتىنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى، يېڭى ۋە كونا يېزىقلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەڭ يولغا قويۇلۇشى، ئۇيغۇر، قازاق مىللىتىنىڭ پەن، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىغا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.» يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 2 ـ سانلىق يىغىن چىقارغان «ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقلىرىنى داۋاملىق يولغا قويۇش بىلەن بىللە ئۇيغۇر، قازاق كونا يېزىقلىرىنىمۇ بىللە ئىشلىتىش ھەققىدىكى قارارى»نى ئۆزگەرتىشنى بىردەك تەلەپ قىلدى. يىغىن يەنە مۇنداق كۆرسەتتى: «ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقلىرىنى يولغا

قويۇش جەريانىدا كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. يېزىق ئۆزگەرتىشنىڭ مول تەجرىبىلىرى توپلاندى. كونا يېزىقنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىش ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ، يېڭى يېزىق يەنىلا بىر خىل يازما بەلگىسى سۈپىتىدە ساقلىنىدۇ ھەمدە زۆرۈر ئورۇن ۋە شارائىتلاردا ئىشلىتىلىدۇ. يېڭى يېزىق ئېلىپبەسى داۋاملىق تەتقىق قىلىنىپ، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ.» («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1982 - يىل 15 - سېنتەبىردىكى سانىغا قارالسۇن) 1982 - يىل 11 - ئايدا تارقاتقان ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1982 - يىل 283 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە: «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق كونا يېزىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدىكى دوكلاتى» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 - سانلىق يىغىنىدا تەستىقلاندى. ئۇنى ھازىر سىلەرگە تارقاتتۇق، ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىڭلارنى سورايمىز، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. دېمەك، 1960 - يىلى يانۋاردىن 1965 - يىلى يانۋارغىچە سىناق تەرىقىسىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى 1982 - يىل نويابىرغىچە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئۇيغۇر، قازاق كونا يېزىقىنى لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقىغا ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىگە خاتىمە بېرىلدى. بۇ ئارىلىقتا توپ توغرا 22 يىل ئۆتتى.

## 3

ئاپتور تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بىر كەسپىي خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، (بولۇپمۇ 1971 - يىلدىن 1978 - يىلغىچەئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى يېنىدىكى مىللەتلەر تىل - يېزىقى خىزمىتى ئورگىنىدا كەسپىي خادىم بولغانلىقى تۈپەيلى ئەينى چاغدا مائارىپ بىلەن تىل - يېزىق بىر پارتىگورۇپپىسى يېتەكچىلىكىدە ئىش يۈرۈشتۈرەتتى) ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى مەملىكەت بويىچە قانات يايغان يېزىق ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنىڭ باش ئاخىرىنى ئەسلەپ قىسقىچە قەلەمگە ئېلىپ چىقتى.

كەمىنە مىللىي تىل - يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، يېزىق ئىسلاھاتى خىزمىتى جەريانىدا باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگەن ھەرساھەدىكى زاتلارنىڭ ( خۇسۇسەن تىل - يېزىق ئىلمىي تەتقىقاتى، تىل - يېزىق مائارىپى ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇشى بىلەن شۇغۇللانغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ) ئەجرىنى كېيىنكىلەرنىڭ ئادىللىق بىلەن ئوبيېكتىپ ئەسكە ئالىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.


**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① «نۆۋەتتىكى يېزىق ئىسلاھاتىنىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1959 - يىل 3 - ئاي، بېيجىڭ تۇنجى نەشرى.

② جۇ يۇگۇاڭ: «خەنزۇچە يېزىقنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، جوڭگو يېزىق ئىسلاھاتى نەشرىياتى 1979 - يىل 10 - ئاي، بېيجىڭ 3 - نەشرى( خەنزۇچە).

③ خۇاڭ جاجا: «خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسىنىڭ تۈزۈلۈش جەريانى»، « بېيجىڭ گېزىتى»، 2008- يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى مەخسۇس بەت ماقالىسى.

④ «شىنجاڭ تىل - يېزىق تەزكىرىسى»، 2009 - يىل 1 - ئاي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى ( خەنزۇچە).

⑤ ش ئۇ ئا ر يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى: «شىنجاڭ يېزىق ئۆزگەرتىش» ژۇرنىلىنىڭ 1960 - يىللاردىكى سانلىرى.



**(ئاپتور ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ پېنسىيونېرى)**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈش ھەققىدە

ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

## 1

ئۇيغۇرلار تارىختا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۈرك يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى، بىراخما يېزىقى، مانى يېزىقى، سوغد يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، كارۇشتى يېزىقى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئەرەب يېزىقى قاتارلىقلارنى قوللانغانلىقىنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى قېزىش جەريانىدا يىغىۋېلىنغان قەدىمكى يازما ھۆججەتلىرى، ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىيدىغان قەبرە تەزكىرىسى، مەڭگۈ تاش، مېتال ـ تۆمۈر، ياغاچ ـ تارىشا پۈتۈك، تېرىگە يېزىلغان بېغىشلىمىلار، ھەر خىل توقۇلما ماتا، بۆز بۇيۇملىرىغا بېسىلغان، كەشتىلەنگەن يازما يادىكارلىق، خەت-چەكلەر، شۇنداقلا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچى، ئارخېئولوگلار تۇرپان، تەكلىماكان رايونلىرىدىن يوشۇرۇن ئېلىپ كەتكەن 19 تۈرلۈك تىل، 24 خىل يېزىقتا يېزىلغان قىممەتلىك يادىكارلىقلار ۋە قېپقالغان قالدۇق يازما يادىكارلىقلار ئۇنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىسپاتلايدۇ.

ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلاردا يېزىق تارىخى باشلانغاندىن كېيىن، مەكتەپ، مائارىپ ئىشلىرىغا تۇنجى ئاساس سېلىنغان ماكان قوچۇ — تۇرپان ھېسابلىنىدۇ. قوچو ئەينى زاماندا شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى بىر-بىرى بىلەن سىڭىشىپ يۇغۇرۇلغان مەركىزى تۈگۈن ئىدى. بۇ يەردە تۈرلۈك دىنلار ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئىبادەتخانىلار قۇرغان، مەكتەپ ئاچقان، كىتاب باسقان، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخىدا بۇددا، مانى دىنى ۋە ئەدەبىياتقا دائىر كىتابلار ئەڭ كۆپ يېزىلىپ بېسىلغان، ساقلانغان جايمۇ ئەنە شۇ قوچۇ — تۇرپان ئىدى. بۇ يەردىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار تۈمەن پارچىدىن ئارتۇق①. شۇڭا، كىشىلەر قوچۇ — تۇرپاننى ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەر ئاستى كۇتۇپخانىسى دەپ ئاتىغان②. مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە تۇرپاندا ئويما تامغا مەتبەدە بېسىلغان بۇددا رەسىملىرىنىڭ ئۆرنەكلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، 300 پارچىدىن ئارتۇق بوددا نومى پارچىلىرى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ياخشى ساقلانماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە سانسكرىت، توخرى، ساك، بىراخما، تۈرك، ئۇيغۇر، تۈبۈت، مانى يېزىقلىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ كۆپ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئېلىمىزنىڭ لياۋنىڭ ئۆلكىسى دالييەن شەھىرىنىڭ لۇشۇن مۇزېيىدا تېخى رەتلەنمىگەن ئالتە خالتىدا ھەر خىل يېزىقتىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ قالدۇق پارچىلىرىمۇ ئۆز پېتى ساقلانماقتا③. چەت ئەل ساياھەتچىلىرى ۋە ھەر خىل تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى شىنجاڭنىڭ تېخى ئېچىلمىغان مەدەنىيەت خەزىنىسى ئىكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا جۇملىدىن نۇقتىلىق ھالدا شىنجاڭ رايونىغا كەينى ـ كەينىدىن سایاھەتچىلىرىنى، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنى ۋە ئالىملىرىنى ئەۋەتىپ، رايونىمىزدا كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدە چارروسىيە كۆپ قېتىم، ياپونىيە ئۈچ قېتىم، ئەنگلىيە تۆت قېتىم، گېرمانىيە تۆت قېتىم، فرانسىيە ئىككى قېتىم، بۇلاردىن باشقا ئامېرىكىمۇ ۋارنېر قاتارلىق تەكشۈرگۈچىلەرنى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى كۆپ بىباھا يازما ۋە يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان. چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن يادىكارلىقلار سانىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەسىلەن، روسىيەدە 27000 پارچىدىن ، ئەنگلىيەدە

24000 پارچىدىن، گېرمانىيەدە 20000 پارچىدىن ، ھىندىستاندا 11000 پارچىدىن، ياپونىيەدە 10000 پارچىدىن، فرانسىيەدە 6600 پارچىدىن، كورېيەدە 2300 پارچىدىن، فىنلاندىيەدە 270 پارچىدىن، ئامېرىكىدا 100 پارچىدىن، دانىيەدە 14 پارچىدىن جەمئىي 103000 پارچىدىن ئارتۇق ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، تۈركىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە ئېلىمىزنىڭ لۇشۇن مۇزېيى، دۆلەتلىك كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىلىرى قاتارلىق 13 دۆلەتنىڭ 30 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت تەشكىلات ئورۇنلىرىدا ناھايىتى كۆپ ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ساقلىنىۋاتىدۇ. گېرمانىيەنىڭ 2 - قېتىملىق تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بىر قېتىمدىلا 284 ساندۇق يادىكارلىقىنى 80 نەچچە تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ كەتكەن. نۇسخا سانى 16 مىڭغا يېتىدۇ. ئۇيغۇرشۇناس گابائىن خانىم (1901 - 1993)نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ يەتتە چوڭ ئىشكاپى گېرمانىيەنىڭ تۆت قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى قېزىۋالغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار ۋە ئۇيما تامغا خاتىرىلەر بىلەن تولغان④.

«غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەرنىڭ 42 - بابىدا: «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇلار تېخى بىرلىككە كەلمىگەن چاغلاردىمۇ مەدەنىيەت بۇيۇمى ۋە قەغەزلەرنى ئىشلەپچىقارغان ئىدى. ھايۋانلارنىڭ موي - قىللىرىنى ماتېرىيال قىلىپ قەلەم ياساپ ئىشلىتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا قومۇش، ياغاچ، پەي قەلەملەرنى يېزىش قورالى قىلاتتى. مىسنى ماتېرىيال قىلىپ ياسىغان قۇتىغا پاختا ۋە شۇ خىلدىكى يۇمشاق نەرسىلەرنى سېلىپ، ئۈستىگە قارا كۆيۈگە قويۇپ سىياھ قىلىپ قەلەم چىلاشقا ئىشلىتەتتى. بۇنى «دۇۋەت» دەپ ئاتايتتى. ئۇجمە دەرىخىنىڭ ياش نوتىلىرىنىڭ قوۋزىقىنى ماتېرىيال قىلىپ قەغەز ياسايتتى. قەغەزنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل، يۈزى پارقىراق بولۇپ، خۇددى گاۋلىڭزى قەغىزىگە ئوخشاپ كېتەتتى.»⑤ دېگەن بايان بېرىلگەن.

مىلادىيە 8 — 9- ئەسىرلەردە ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقالغاندىن باشلاپ، ئەرەب يېزىقىمۇ «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شېرىف» ۋە باشقا دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشقا باشلىدى. 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تەڭرىتاغنىڭ شىمالى، جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن چاغاتاي خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى «ئۇيغۇر تىلى» بولسا ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب يېزىقىدا خاتىرىلىنىپ «ئۇيغۇر تۈركچىسى» ياكى «ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالدى. بۇ يېزىق كېيىنچە ئەل ئىچىدە تەدرىجىي «كونا ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالدى. ئەجداتلىرىمىز قەدىمكى ئۇيغۇر - تۈركچىسى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ۋە يېزىقىنى ئىنچىكە تەكشۈرمەي، بىر قىسىم ئەجنەبىيلەرگە ئەگىشىپ ئاتىۋالغان ئاتالمىش «چاغاتاي يېزىقى» دېگەن سۆز ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە ئۇچرىمايدۇ، ئۇلاردا پەقەت ، ئەرەبىي، پارسىي، تۈركىي ياكى ئۇيغۇر تۈركچىسى دەپ يېزىلغان «شاھنامەئىي تۈركىي» دېگەندەك. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىنى ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا خاتىرىلەپ كەلگەن بۇ يېزىق كېيىنچە ئەل ئىچىدە تەدرىجىي «كونا ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالدى. شۇ سەۋەبتىن، ھازىر دىيارىمىزدا تارىخنىڭ ئۆلمەس گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ئەرەب يېزىقى، پارس يېزىقى، ئوردۇ يېزىقى، كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن، بېسىلغان، قولىيازما، تاش باسما، مىخ مەتبەدىكى قەدىمكى ئەسەردىن 15000 پارچىدىن ئارتۇق بار. 1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى قۇرۇلدى. ئىشخانا قۇرلغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن، ئىختىساسلىق ئادەمنى قۇتقۇزۇش، كىتابنى قۇتقۇزۇش، ئىلىم - پەننى قۇتقۇزۇش بويىچە ، يىغىش - توپلاشنى ئاساس قىلىپ، كونا ئۇيغۇر يېزىقى (ئاتالمىش چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى)دىكى قەدىمكى ئەسەردىن 2100 پارچە، ئەرەب يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەردىن

630 پارچە، پارس يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەردىن 870 پارچە، جەمئىي 3600 پارچىدىن ئارتۇق، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە 850 پارچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا 415 پارچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 360 پارچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىدا 150 پارچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابىتى تەتقىقات ئورنىدا 120 پارچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە بەش پارچە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا توققۇز پارچە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 180 پارچە، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 325 پارچە، قومۇل ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 52 پارچە، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 33 پارچە، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 1800 پارچە، خوتەن ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 475 پارچە، قاراماي شەھەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا توققۇز پارچە، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا 43 پارچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالى تېخنىكومى كۇتۇپخانىسىدا 60 پارچىدىن ئارتۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئاپتونوم رايون، ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىلىرىدا ساقلانغاندىن باشقا، يەنە مەرىپەتپەرۋەر، كىتابخۇمار خەلقنىڭ قولىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەرمۇ ناھايىتى كۆپ. يېقىنقى يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ئوبلاست، ۋىلايەتنىڭ 17 ناھىيەسىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەرقايسى ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيەلىك، ئارخىپ ئىدارىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قوغداش، باشقۇرۇش ئورۇنلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، تاموژنا، مەدەنىيەت يۇرتلىرى، كۇتۇپخانا، مەسچىت - خانىقا قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەر نەچچە ئون مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ.

## 2

جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى ئىشلەشتىن مەقسەت ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يېزىپ قالدۇرغان بارلىق قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ مول خەزىنىسىنى نامايان قىلىپ، بارلىق ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىپ، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن ۋە مېدىتسىنا پەنلىرى تەتقىقاتى ئۈچۈن يېڭى ھەم تولۇق بولغان ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش؛ قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمەت ئورۇنلىرى بىلەن قەدىمكى ئەسەرلەرنى ساقلاۋاتقان ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، رايونلار، تارماقلاردىكى ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ماتېرىيال بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ «جۇڭگو قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگى» بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى يازما - يادىكارلىقلىرى ئۈچۈن مۇكەممەل ماتېرىيال ئامبىرى بەرپا قىلىش؛ جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇش ۋە ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

بۇ كاتالوگ ئىشلەش دائىرىسىگە 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن بۇرۇن يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن ياكى كىتاب شەكلىگە كەلگەن ۋە تارقىلىپ يۈرگەن ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ نادىر نۇسخىلىرى كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، كۆچۈشى، مەدەنىيىتى قاتار-

لىق مەزمۇنلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي قىسسە، داستان قاتارلىق ۋەسىقىلىق قىممىتى بار ھېكايە، چۆچەكلەر، ھۆججەت، داستانلار؛ تارىختا ساقلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر ۋە باشقا يېزىقتىكى مەڭگۇ تاشلار، ۋەسىقىلەرنىڭ مۇھىم تارىخىي مەدەنىيەت قىممىتى بارلىرى؛ مەملىكىتىمىز ئىچىدە تېپىلىپ، ھازىرغىچە چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلىپ ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار، ئەرەب، پارس، ئوردۇ، ئۇيغۇر، تۈرك، كارۇشتى، براخما، سوغدى، مانى، رۇنىك، سۇرىيە، توخرى، كۇسەن، قاراشەھەر، سانسكرىت، ساك، تۇبۇت قاتارلىق تىل - يېزىقلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان،ئۇيغۇرلار يازغان، تەرجىمە قىلغان ، كۆچۈرگەن، چاپى قىلىنغان، مەتبەدە باسقان قەدىمكى ئەسەرلەر؛ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى ساقلاۋاتقان ئورۇنلار ۋە ساقلىغۇچىلار، كۇتۇپخانىلار، ئارخىپخانىلار، مۇزېيلار، مەدەنىيەت سارايلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورۇنلىرى، مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئىلمىي جەمئىيەتلەر، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى ھەمدە شەخسلەر ساقلاۋاتقان ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ۋە چەت ئەللەردىكى ھەرقايسى ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمى «جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى» دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. ئارخىپتا ساقلاش ياكى نەشر قىلىش پىلانلاندى.

«جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى»نى يېزىشتا، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى»نى ئىشلەش تېزىسى بويىچە ھەربىر تارماقنى تولدۇرغاندا بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك كارتا ئىشلىتىلدى. جەدۋەل قاتتىق تەلەپ قويۇلۇپ ئۆلچەم بويىچە تولدۇرۇلدى. بۇ ئارقىلىق پۈتۈن ئەسەر مەزمۇنىنىڭ بىردەكلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. كارتىدىكى مەلۇم تۈرلەر ئېنىق بولمىغاندا، ئاپتورى ياكى «يىل» ئېنىقلانمىغانلار «ئېنىق ئەمەس» ياكى «نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىدا، ئاخىرىدا» يېزىلغان، تەرجىمە قىلىنغان، دەپ ئىزاھلاپ يېزىلدى. ھەر خىل يېزىقتىكى ۋەسىقىلەر، كىتابلار مەزمۇنىغا قاراپ پەن تۈرىگە ئايرىلدى. پەن تۈرىدىن ھالقىغان كىتاب، ۋەسىقەلەر بولسا قايسى پەنگە تەئەللۇق بولسا، شۇ پەن تۈرىدە تارماق تۈرگۈزۈلۈپ، ئاساسىي مەزمۇنىنى يازغاندا مۇناسىۋەتلىك پەن تۈرىنىڭ مەزمۇنى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئوخشاش بىر قەدىمكى ئەسەرنىڭ ئىككى ياكى ئىككىدىن كۆپ ئىسمى بولسا، ھەربىرىگە ئايرىم تارماق ئاجرىتىلىپ، ئومۇملاشقان نامى ئاساس قىلىنىپ، قالغانلىرى پايدىلىنىش تارمىقى قىلىندى. كىتاب نامى ئوخشاش بولسىمۇ مەزمۇنىدا پەرق بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ئايرىم تارماق تۈرگۈزۈلۈپ ئايرىم كارتا ئىشلەندى.

ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئىسمىنى يازغاندا ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا يازغاندىن سىرت، ئۇنىڭ ئوقۇلۇش ئاھاڭى، بىرلىككە كەلگەن لاتىنچە ترانسكرىپسىيە ھەرپلىرى بولمىغاچقا، يېڭىدىن ترانسكرىپسىيە ھەرپلىرىنى تۈزۈپ، كىتاب نامى شۇ ھەرپلەر بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىندى. كىتاب ئىسمىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغاندا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مەنا تەرجىمىسى قىلىندى، پەقەت ئىمكانىيەت بولمىغان ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، مانىچە كىتاب ناملىرى ئاھاڭى بويىچە يېزىلدى، ئىسمى ئېنىق بولمىغان ئەسەرلەرگە، كاتالوگنى ئىشلىگۈچى تەرىپىدىن كىتابنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئەڭ مۇھىمى كىتابنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ يېڭى نام قويۇلۇپ، يۇلتۇز (*) بەلگىسى سېلىندى.

«ئاساسىي مەزمۇنى»نى يازغاندا ئاساسىي مەزمۇن تولۇق، تەلتۆكۈس يىغىنچاقلاپ يېزىلدى. ھەر ساھەدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش، پايدىلىنىشى، ئىزدىنىشتەك كۆپ تەرەپلىمىلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كىتاب ۋە ۋەسىقىلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بىلەن ئالاقىدار پەن

www.uyghurkitap.com



تۈرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سۆز-جۈملىلەر سەرخىل، ئوقۇشلۇق، ئوچۇق، راۋان، گىراماتىكىسى قېلىپلاشقان، لوگىكىسى پۇختا، ھەر خىل تەركىبلىرى ئېنىق يېزىلدى. قەدىمكى ئەسەرنىڭ قىممىتى توغرىسىدا سۇبيېكتىپ مايىللىق ياكى ھېسسىياتقا تايىنىپ باھا بېرىشتىن ساقلىنىلدى. ئادەتتىكى كىتاب ۋە ۋەسىقىلەر ئاساسەن 150 – 250 خەت ئەتراپىدا يېزىلدى.

«جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى»نى يازغاندا، ئاساسەن، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى»نى يېزىش تېزىسىدىكى تەلەپلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ يېزىلدى. پىرىنسىپ جەھەتتە، ھەربىر مىللەتنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى كاتالوگى بىر توم ياكى بىرقانچە توم بولۇپ تۈزۈلىدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى توم بولۇپ تۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەربىر مىللەتنىڭ بۆلۈنمە توملىرى ۋەسىقىلىرىنىڭ ژانىر-شەكىللىرىگە قاراپ تەرتىپ بويىچە تۈزۈلىدىغان يەنى A تۈر — قەدىمكى ئەسەرلەر-كىتابلار؛ B تۈر — مىس، مەڭگۈتاش، ياغاچ ئويمىلار؛ C تۈر — ھۆججەت - ۋەسىقەلەر؛ D تۈر — ئاغزاكى ۋەسىقەلەر قىسىمى - قوشاقلار بولغاچقا، ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىمۇ بىر تومى ئاساسەن كىتابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. يەنە بىر تومى تاش پۈتۈكلەر، ۋەسىقە - ھۆججەتلەر ۋە ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

كىتابنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىرى دېگەندە مۇقاۋا قېپى، تۈرغۈچ، قىستۇرما رەسىم، تەمتەك خاتىرىسى، يان ئىزاھات، ھاشىيە دېگەندەك تۈرلەر بولۇپ، بۇلار، كۆن مۇقاۋىلىق، شايۇن مۇقاۋىلىق، تېرە - خۇرۇم مۇقاۋىلىق، مىللىيچە نەقىشلىك، تامغىلىق دېگەندەك ئاتالغۇلاردا يېزىلدى. دېمەك، جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى»نى يېزىش تېزىسىدىكى تەلەپ، پىرىنسىپ، ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ئىشلەندى.

ھازىر جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ كىتابلار تۈرىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىدىكى ئۇيغۇر كەسپىي گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەردىن تەكرار تاللاش ۋە ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ شاللاش ئارقىلىق 1200 پارچىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇتقۇچى ۋە مۇتەخەسسىسلەر ئەرەبچە، ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەردىن 135 پارچىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى؛ پارسچە 320 پارچە ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسىرىنىڭ كاتالوگىنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىكى كەسپىي خادىملار ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلەردىن 325 پارچىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىكى كەسپىي خادىملار ئەرەبچە ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەردىن 260 پارچە، پارسچە 155 پارچە، كونا ئۇيغۇرچە 237 پارچىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدىكى كەسپىي خادىملار كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەردىن 208 پارچىنىڭ كاتالوگىنى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىكى كەسپىي خادىملار كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەردىن 120 پارچىنىڭ كاتالوگىنى ئىشلەپ بولدى. بۇلار ئىچىدىن تاللاش ئارقىلىق جەمئىي 1560 پارچە ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى ئىشلىنىپ «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى ‹ئۇيغۇرلار تومى›»نىڭ 1 - تومى قىلىندى. ئومۇمىي كاتالوگى ئىشلەنگەن 1650 پارچە ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەن دەۋرى ئەڭ قەدىمكىسى مىلادىيە 9 - ئەسىرلەردىن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئومۇملاشقان مىلادىيە 11 -، 12 - ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. ئەڭ كېيىنكى دەۋرلىرى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە تەۋە كىتابلاردۇر.

20 يىلدىن بۇيان 10 مىڭ پارچىدەك، ئەرەب، پارس، ئۇيغۇر، تۈرك، بىراخما، قاراشەھەر، كۇچا تىل ـ يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەر ۋە ۋەسىقە توپلاندى. 70 پارچىدەك ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەر رەتلىنىپ نەشردىن چىقتى. «مايترى سىمىت»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «ئىسكەندەرنامە»، «مەلۇماتۇل ئافاق» قاتارلىق 30 پارچە ئەسەر «دۆلەتلىك قىممەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى»گە كىردى. جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى تۈزۈش خىزمىتى پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن سانىنىڭ كۆپ بولۇشى، كىتاب تۈرىنىڭ جىقلىقى، تىلىنىڭ قەدىمىي ۋە مۇرەككەپلىكى قاتارلىق تۈرلۈك ئوبيېكتىپ سەۋەبلىك كاتالوگ تۈزۈش سۈرئىتى بىرقەدەر ئاستا بولدى. لېكىن 10 يىل جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق ،كاتالوگ تۈزۈش تېزىسى تەلىپىدىكى ئۆلچەم بويىچە پۇختا ھەم ئەستايىدىل ئىشلىنىپ، بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىدە سان ـ سۈپەت ئۆلچىمى بويىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا، 2011 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جوڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

## پايدىلانمىلار:

① «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مائارىپ ئىستاتىستىكا ماتېرىيالى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى 2005 ـ يىل تۈزگەن (خەنزۇچە)، 6 ـ بەت.

② «شىنجاڭ مىللەتلەر خىزمىتى قوللانمىسى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى 2004 ـ يىل تۈزگەن (خەنزۇچە)، 11ـ بەت.

③ ما شيەنپىڭ، «تاۋيۈەن ناھىيەسى مىللەتلەر تارىخى» ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تاۋ يۈەن ناھىيەلىك كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ناھىيەلىك مىللەتلەر ئىشلىرى ئىشخانىسى 2004 ـ يىل 9 ـ ئايدا تۈزگەن؛ چېن زۇڭۋاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «خۇنەن ئۇيغۇرلىرى» يۈلۇ نەشرىياتى 1994 ـ يىل 7 ـ ئاي (خەنزۇچە) نەشرى، 17 ـ بەت؛ شىنجاڭ «مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلى 2006 ـ يىل 3 ـ سان (خەنزۇچە)، 25 ـ بەت.

④ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1992 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى «ماۋ زېدۇڭنىڭ سەيپىدىن ئەزىزىنى پارتىيەگە تونۇشتۇرۇشى» ناملىق ماقالە.

⑤ ئابدۇقەييۇم خوجا، ئىسراپىل يۈسۈپلەر تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى، 9 ـ، 10 ـ، 23 ـ بەت.

★ ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى 2003 ـ يىل باستۇرغان، قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىپ قۇتقۇزۇشقا دائىر ھۆججەتلەر توپلىمى.

★ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ھەرقايسى مىنىستىرلىق ، كومىتېتلار ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەرقايسى نازارەت، كومىتېتلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرى.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئالىي مۇھەررىرى)

www.uyghurkitap.com



# تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى تەرجىمە ـ نەشر قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا

ئابلەت نۇردۇن (تەكلىپلىك تەتقىقاتچىمىز)

2010 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 12 نەشرىيات ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز ۋە شىبە قاتارلىق ئالتە خىل تىل ـ يېزىقتا نەشر قىلغان تۆرلۈك كىتاب، ئۈن-سىن بۇيۇملىرى ۋە ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇملىرى 10 مىڭ خىلدىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان نەشر بۇيۇملىرىنىڭ سانى پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان نەشر بۇيۇملىرىنىڭ 56 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا مەخسۇس ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئورگىنى ـ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردە ھەم تارىخ ئوقۇتۇش ۋە تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تارىخ فاكۇلتېتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قارىمىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى، ئالتايشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى قاتارلىق تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى شۇنداقلا، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ تارىخشۇناسلىق جەمئىيىتى قاتارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 يىل مابەينىدە، ئىچكىردىكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات ئورۇنلىرىدا تارىخ، ئارخېئولوگىيە كەسپى بويىچە مەخسۇس تەربىيەلەنگەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى تارىخ تەتقىقاتى ۋە تارىخقا دائىر (جۈملىدىن ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر) ئەسەرلەرنى تەرجىمە ـ نەشر قىلىش خىزمىتىنى تەتقىقات ۋە تەرجىمە قوشۇنى كاپالىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن قادىر ھاپىز، ۋەلى ئەلىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە (قۇربان ۋەلى بېكىتكەن) ۋەلى ئەلى، داۋۇت سايىم، ئابلەت نۇردۇن تۈزگەن «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشر قىلغان، بۇ لۇغەتكە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن)، ئابلەت نۇردۇن تۈزگەن «تارىخ ئاتالغۇلىرى تەرجىمە قوللانمىسى» 1998 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ژۇرناللار نەشرىياتى نامىدا ئىچكى نومۇر بىلەن نەشر قىلىنغان، بۇ قوللانمىغا تەخمىنەن ئالتە مىڭ ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن.) ئابلەت نۇردۇن ئاساسلىق تۈزگۈچى بولغان «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشر قىلغان. بۇ سېلىشتۇرمىغا تەخمىنەن 27 مىڭ ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن) قاتارلىق قورال كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنىشى «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»لەردىكى تارىخ ئاتالغۇلىرىنىڭ تەرجىمىسى بولماسلىق ياكى ئاساسەن بولماسلىق ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، تارىخقا دائىر قىيىن، چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش، تارىخ ئاتالغۇلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، بىرلىككە كەلتۈرۈش خىزمىتىگە قولايلىق يارىتىلدى.

يۇقىرىقى بىرنەچچە جەھەتلەردىكى شەرت ـ شارائىتلارنىڭ ھازىرلىنىشى جۇڭگونىڭ جۈملىدىن، شىنجاڭنىڭ مىللەت، دىن، ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىلمىي ماقالە، ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ كەينى ـ كەينىدىن تەرجىمە-نەشر قىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى ۋە بۇ جەھەتتىن كىشىنى خۇشال قىلىدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بۇنىڭغا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى،

شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۈن ـ سىن نەشرىياتى قاتارلىق نەشرىياتلارنىڭ ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئەسەرنى نەشر قىلغانلىقىنى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «خوتەن ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (1997 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە جەمئىي 33 سان نەشر قىلىندى)، «بۇلاق»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» (ھازىرغىچە تۆت سان چىقىرىلدى)، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (40 نەچچە سان چىقىرىلدى)، «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئاسىيا كىندىكى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرنال، مەجمۇئەلەردىمۇ ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر نۇرغۇن تەرجىمىلەرنىڭ بېسىلغانلىقىنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، چوڭ ھەجىملىك تارىخقا دائىر ئەسەرلەردىن «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنى نەشرگە تەييارلىغان، ئىبراھىم مۇتىئى، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، قاسىم ئارىش، ئابلەت نۇردۇنلار تەرجىمە قىلغان «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئۈچ قىسىم، 1982 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1991 ـ يىلغىچە نەشر قىلىنغان)، كوروپاتكىن يازغان، ھەكىمە ئەرشىدىن ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغان «قەشقەرىيە» (1986 ـ يىل 6 ـ ئاي)، ياپونىيىلىك خادا تورۇ يازغان ئىسلامجان شېرىپ خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» (1986 ـ يىل)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرگە تەييارلىغان، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا خېلى كۆپ مەلۇمات بېرىلگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» (1984 ـ يىل 5 ـ ئاي)، جاڭ جىجۇڭ يازغان، رازاق مالىك تەرجىمە قىلغان «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر» (1987 ـ يىل 5 ـ ئاي)، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشرگە تەييارلانغان، ئەزىز يۈسۈپ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1990 ـ يىل 5 ـ ئاي)، تۈركىيەلىك رىشاد گەنج يازغان، تۇرسۇن ھوشۇر بىلەن تۇرسۇنئاي ساقىم ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» (1990 ـ يىل 3 ـ ئاي)، ۋاڭ جىلەي يازغان ئابلەت نۇردۇن، ئەزىز يۈسۈپ، غەيرەت ئۆزغار قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى» 1 ـ 4 ـ قىسىم،(1991 ـ 2010 ـ يىل)، ھىمىت ئىسمائىل قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «ئاراتۇرۇكنى قوغداش جېڭى» (1993 ـ يىل 7 ـ ئاي)، رۇسىيەلىك ئا. گ. مالياۋكىن يازغان، ئۇيغۇر سايرانى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان «9 ـ، 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» (1994 ـ يىل 8 ـ ئاي)، لى يىنپىڭ يازغان، ئەبەيدۇللا ئاقۇپ تەرجىمە قىلغان «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» (1995 ـ يىل 8 ـ ئاي)، دۇەن ليەنچىن يازغان، يۇنۇسجان، ھەنىپە تەرجىمە قىلغان «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار، تېلېلار» (1996 ـ يىل 4 ـ ئاي)، پاكىستانلىق سەئىد فەيياز پازغان، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1996 ـ يىل)، شىنجاڭ تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزگەن «شىنجاڭدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر» (جەمئىي تۆت قىسىم، 1997 ـ يىل)، سۋېن ھېدىن (شۋېتسىيە) يازغان، داۋۇت غازى، تاھىر تالىپ تەرجىمە قىلغان «قاچقۇن ما جۇڭيىڭ» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999ـيىل)، سەي خۇڭشېڭ يازغان، قۇربان تۇران تەرجىمە قىلغان «تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار ۋە تۈرك مەدەنىيىتى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2008 ـ يىل نەشرى)، ليۇ ليەنيىن يازغان، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «ۋۇزېتيەن» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 ـ يىل نەشرى»، سۇ بېيخەي، خۇاڭ جيەنخۇا يازغان، قۇربان تۇران، ئەركىن ئەرشىدىن تەرجىمە قىلغان «قۇمۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى)، س. گ كىلياشتورنىي يازغان، ئابدۇبەسىر شۈكرى تەرجىمە قىلغان «قەدىمكى

www.uyghurkitap.com



تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى)، ۋېي لياڭتاۋ يازغان، قۇربان تۇران تەرجىمە قىلغان «غەربىي يۇرت خوجىلىرىنىڭ شەجەرىسى»، (مىللەتلەر نەشرىياتى 2009 ـ يىل نەشرى)، ياڭ شېڭمىن يازغان، ئىمىن ئەھمىدى تەرجىمە قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى)، چيەنداۋ شىنى (ياپونىيەلىك) يازغان، ئەركىن ھوشۇر تەرجىمە قىلغان «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» (شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى)، چارلىز بولگېر يازغان، ۋەلى تەرجىمە قىلغان «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى)، گ. غاپۇرۇف يازغان، زايىت رەھىم تەرجىمە قىلغان «تاجىكلار تارىخى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى)، رىشات گەنج يازغان، تۇرسۇنئاي ساقى، تۇرسۇن ھوشۇر تەرجىمە قىلغان «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىل نەشرى)، جۇ چېڭباۋ تۈزگەن، پەرھاد سەئىد تەرجىمە قىلغان «غەربىي يۇرتقا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيەچىلەر» (شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996 ـ يىل نەشرى)، دۇ جىڭگو يازغان، ئىبراھىم سۇلايمان تەرجىمە قىلغان «زو زۇڭتاڭ ۋە شىنجاڭ» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىل نەشرى)، گۇننار ئالفرېد ياررىڭ يازغان، ئابدۇغۇپۇر سەئىدى تەرجىمە قىلغان «قەشقەرگە قايتا سەپەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى)، دوسسون يازغان، ئەركىن شېرىپ تەرجىمە قىلغان «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل نەشرى)، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «شىنجاڭنىڭ 2000 ـ يىلى» (شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1999 ـ يىل نەشرى)، چيەن بوچۇەن يازغان، يۇنۇسجان ئېلى، ھەنىپە ئابدۇللا تەرجىمە قىلغان «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل تەشرى)، چېن زۇنئاۋ، جيەن ۋېن يازغان، ئابلەت نۇردۇن، جۇمەخۇن تەرجىمە قىلغان «خۇنەن ئۇيغۇرلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى)، ۋېي لياڭتاۋ يازغان، ئابلەت نۇردۇن تەرجىمە قىلغان «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل نەشرى)، لىن گەن، گاۋ زىخۇ يازغان، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى)، ۋېي لياڭتاۋ يازغان، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى)، فولك بېرگمان يازغان، مەرھۇم ياسىن ئەيسا تەرجىمە قىلغان «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى) ستەيىن يازغان، مەھمۇد ئابدۇۋەلى تەرجىمە قىلغان «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى)، لى جىنشىن يازغان، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «غەربىي يۇرتتا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى)، ر. گرۇسسې يازغان، ئابلىمىت مۇھەممەد ئاقيول قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «ئىمپېراتور — تۆمۈرلەڭ» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى) دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى تۈزگەن، جۇمەخۇن، ئەزىز يۇسۇپ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (مىللەتلەر نەشرىياتى 1989 ـ يىل نەشرى)، ليۇ شىگەن يازغان، ئەخمەتجان مۆمىن تارىمى تەرجىمە قىلغان «تۈرك قاغانلىقى تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى)، لىن گەن يازغان، يۇنۇسجان ئېلى تەرجىمە قىلغان «تۈرك تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى)، خۇاتاۋ يازغان، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى)، ليۇ زىشياۋ يازغان، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇر تارىخى» (ئوتتۇرا قىسىم 1 ـ، 2 ـ كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل نەشرى)، كىلمكايت يازغان، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل نەشرى)، لىن گەن يازغان، تۇرسۇنجان ئىبراھىم قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «ھونلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى)،

فەن ۋېنلەن قاتارلىقلار يازغان، قادىر ھاپىز قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» (12 قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 ـ يىل نەشرى) قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئەمدى شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىدا مۇھىم يازما يادىكارلىق مەنبەسى بولغان «24 تارىختىكى غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى»نىڭ قەدىمكى خەنزۇچىدىن ھازىرقى زامان خەنزۇچىگە، ئاندىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشىغا كەلسەك، ھەر مىللەت تارىخ تەتقىقاتچىلىرى، پىشقان تەرجىمان، مۇھەررىرلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق ئەجرى سىڭگەن ئىلمىي ئەھمىيىتى زور بولغان.

«24 تارىخ»تىكى غەربىي يۇرتقا دائىر ماتېرىياللارنى ئۇيغۇرچە ئىزاھلاپ تەرجىمە قىلىش خىزمىتى 1980 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئېچىلغان «ئۇيغۇر تارىخى» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن باشلانغان، شۇ چاغدا يىغىن ئىشتىراكچىلىرى خەنزۇچە «24 تارىخ»تا غەربىي يۇرتقا دائىر مول ماتېرىيال ساقلانغان. 1985 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى قۇرۇلغاندىن كېيىن «24 تارىخ»تىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىش ئىشى مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقات ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى تەرىپىدىن رويخەتكە ئېلىنىپ، مۇشۇ كومىتېت مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغان تەتقىقات تېمىسى بولدى. ھازىرغىچە «24 تارىخ»تىكى «تارىخىي خاتىرىلەر» (قاسىم ئارىش قاتارلىقلار تەرجىمىسى، 682 ـ بەت، 1978 ـ يىل 9 ـ ئاي)، «خەننامە» (چېن شىمىڭ، ئادىل ساقى قاتارلىقلار تەرجىمىسى، 982 ـ بەت، 1993 ـ يىل 12 ـ ئاي)، «كېيىنكى خەننامە» (قاسىم ئارىش، ياسىن ئەيسا، ئابدۇللا تالىپ قاتارلىقلار تەرجىمىسى، 702 ـ بەت، 1996 ـ يىل 12 ـ ئاي)، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» (ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى، 592 ـ بەت، 2002 ـ يىل 12 ـ ئاي)، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» (ئابدۇكېرىم ھاشىم، چېن يۈگۈي تەرجىمىسى)، «جىننامە» (ئىسمائىل مەڭلىك، خۇيى تەرجىمىسى)، «سۇڭنامە» (رازاق مەتنىياز تەرجىمىسى 726 ـ بەت، 2001 ـ يىل 7 ـ ئاي)، «24 تارىختىكى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر تارىخىغا ئائىت غەربىي يۇرت تارىخ ماتېرىياللىرى» (يەنى ۋېينامە) كېرىم ھاشىم، چېن يۈگۈي تەرجىمىسى)، شىمالىي چىنامە (ئىسمائىل مەڭلىك تەرجىمىسى)، جۇنامە (ئىسمائىل مەڭلىك تەرجىمىسى)، سۇينامە (ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى، 950 ـ بەت، 2004 ـ يىل 12 ـ ئاي)، «تاڭنامە» (كونا ـ يېڭى تاڭنامە) (بۇنىڭدا ئىككى جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بار، ئىسمائىل مەڭلىك تەرجىمىسى، 1042 بەت، 2010 ـ يىل 3 ـ ئاي) رەسمىي نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، «24 تارىختىكى بەش دەۋر ۋە سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن سۇلالىلىرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى» (730 بەت)، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» (ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى، تەخمىنەن 850 بەت)، پات ئارىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلماقچى.

1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە ئىزاھلىق تەرجىمە — «تارىخىي خاتىرىلەر» شىمالدىكى 15 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون بويىچە پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1995 ـ يىلى «خەننامە» — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پەن ـ تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ كىتاب ۋە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» يەنە شۇ يىلى شىمالدىكى پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شىنجاڭ تارىخى ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر تەرجىمە ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش جەھەتتە قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، يەنە بىر جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان بەزى يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئاساسلىقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، پېشقەدەم تارىخشۇناسلار، پىشقان تەرجىمانلارنىڭ پېنسىيەگە چىقىپ كېتىشى، ۋاپات بولۇشى، خىراجەت قىسلىقى قاتارلىق ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تارىخ تەرجىمانلىقى قوشۇنىدا ئۈزۈكچىلىك كۆرۈلۈپ ئەتراپلىق تەربىيەلەنگەن، ئۇزاق مۇددەت تەرجىمە خىزمىتى ۋە تەرجىمە تەھرىرلىكى بىلەن شۇغۇللانغان، خەنزۇ تىلىنىلا ئەمەس، قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىمۇ پۇختا ياكى خېلى پۇختا ئىگىلىگەن، ئۆز

www.uyghurkitap.com



ئانا تىلىغا پۇختا، قەلىمى كۈچلۈك ياش ــ ئوتتۇرا ياش تارىخ تەرجىمانلىرى، ئىستىبداتلىق تەرجىمە تەھرىرلىرى كەمچىل بولماقتا.

ئىككىنچى، يۈرۈشلۈك تارىخ كىتابلىرى تەرجىمىدە پۈتكۈل كىتابنى بىر ئادەم ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشمىگەچكە، بىر يۈرۈش كىتابلاردىكى ھەرقايسى قىسىم ــ بۆلەكلەردە يەر ــ جاي، مىللەت ــ قوۋم، ئۇنۋان ــ مەنسەپ، يازما يادىكارلىق نامى، تارىخىي شەخس قاتار ـ لىقلارغا دائىر ئاتالغۇلار بىرلىككە كەلمەسلىك، قېلىپلاشماسلىق ئەھۋاللىرى ساقلىنىۋاتىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال «24 تارىخ»تىكى غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرىدىمۇ، «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»دىمۇ چېلىقىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭغا بىر سۇلالە ياكى بىر خانلىقنىڭ نامى بەزىدە «سۇلالە»دەپ، بەزىدە «خاندانلىق»دەپ، يەنە بەزىدە «خانلىق» دەپ؛ «قوچۇ» دېگەن نامنىڭ «قوچۇ»، «قوجۇ»، «قوجۇ» دەپ؛ ئاپتونوم رايونلۇق تىل ـ يېزىق كومىتېتىنىڭ ئاتالغۇلار ئىشخانىسى بېكىتكەن «غەربىي يۇرت» دېگەن ئاتالغۇنىڭ «غەربىي دىيار»، «غەربىي ئەل»، «قورىغار» دەپ ھەر خىل ئىپادىلىنىشىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش كۇپايە.

ئۈچىنچى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىرنەچچە «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» (سېلىشتۇرمىسى) نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىكى ئاتالغۇ سانى چەكلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپى، پايدىلىنىش ئۇسۇلى جەھەتتە قىسمەن يېتەرسىزلىك بولغاچقا، تارىخ، ئارخېئولوگىيە ۋە تارىختا چېتىلىدىغان سانى تولىمۇ كۆپ بولغان تولىمۇ نۇرغۇن ئاتالغۇلارنى تەرجىمە قىلىشتا بۇ لۇغەت «سېلىشتۇرما» تارىخ تەرجىمانلىرى ۋە تارىخىي ئەسەرلەر تەھرىرلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ ياكى تولۇق قاندۇرالمايۋاتىدۇ.

تۆتىنچى، تەرجىمە ساھەسىدە ئەڭ قىيىن ھېسابلىنىدىغان تارىخىي ئەسەرلەرنى بەزىلەر «تەييار لوق گۆش» دەپ قاراپ خالىغانچە تالان ـ تاراج قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۆچۈرمە ئەسەرلىرىدە ياكى ئۈستىلىق بىلەن قوراشتۇرۇلغان ئاتالمىش «ئىجادىي ئەسەرلىرى»، «ئىلمىي ئەسەرلىرى»دە باشقىلارنىڭ مۇقەددەس ئاپتور ـ لۇق ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىپ، خالىغانچە كۆچۈرۈۋالىدىغان، ھەتتا تارىخ تەرجىمانلىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، نام ـ شەرىپىنى ئەسكەرتىپ قويۇشنىمۇ خالىمايدىغان يامان ئىللەت ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۆزلىرى خەنزۇچىنى تولۇق بىلمەي تۇرۇپ (قەدىمكى خەنزۇچىنى مۇتلەق بىلمەي تۇرۇپ)، كۆچۈر ـ مە ياكى قوراشتۇرما ئەسەرلىرىنىڭ «پايدىلانما» قىسمىغا خەنزۇچە ئەسەر ياكى خەنزۇ ئاپتورلارنىڭلا ئىسمىنى يېزىپ، تەرجىمانلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئەسكەرتمەيۋاتىدۇ. يەنە مۇھىم تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر ئەسلىي ئۇيغۇرچە يېزىلىپ، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، جاپاكەش تەرجىمانلارنىڭ ئىسمى يېزىلمايدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت.

بەشىنچى، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرىنى باھالاش ـ مۇكاپاتلاش پائالىيىتى كۆپ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغىچە ئەڭ قىيىن تەرجىمە ھېسابلىنىدىغان تارىختا دائىر تەرجىمە ئەسەرلەرنى باھالاش ـ مۇكاپاتلاش پائالىيىتى بىرەر قېتىممۇ ئېلىپ بېرىلمىدى. بۇ مۇقەررەر ھالدا تارىخ تەرجىمانلىرى ۋە تارىخ ئەسەرلەر تەھرىرلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا بەرھەم بەرمەي قالمايدۇ.

تارىختا دائىر ئەسەرلەرنى تەرجىمە ۋە نەشر قىلىش داۋامىدا ساقلىنىۋاتقان يۇقىرىقى كونكرېت، ئەمە ـ لىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مېنىڭچە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

بىرىنچى، ھازىر بار پېشقەدەم تارىخشۇناسلار، پىشقان تەرجىمانلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى تارىختا دائىر مۇھىم تەرجىمە ئەسەرلەرنى ئاخىرقى قېتىم بېكىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىش، بۇ جەرياندا ياش ــ ئوتتۇرا ياش كەسپىي خادىملارنى ئۇلارنىڭ تەرجىمە مېتودى، كەسپىي ئەخلاقى ۋە تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشكە تەشكىللەش، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تارىخ، خەنزۇ تىلى كەسپلىرى خەنزۇ تىلى ۋە قەدىمكى خەنزۇ تىلىنى پۇختا ياكى خېلى پۇختا ئىگىلىگەن شۇنداقلا ئۆز ئانا

تىلنى پىششىق بىلىدىغان، قەلىمى كۈچلۈك تارىخ تەرجىمانلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ئېھتىياجلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش پىلانىغا كىرگۈزۈش كېرەك.

ئىككىنچى، تارىخ تەرجىمە ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش، كوررېكتورلۇق نەشر قىلىش تۈزۈمىنى ئىلمىيلەشتۈرۈش، يۇقىرىقى خىزمەت ھالقىلىرىدا كونكرېت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، تارىخ تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە، تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇق ۋە باسما سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ئۈچىنچى، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»نى تولۇقلاپ، تۈزىتىپ نەشر قىلىشنى مۇھىم خىزمەتلەر كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش، شۇنداقلا تارىخ تەرجىمىسىگە دائىر «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى ئىزاھلىق لۇغىتى»، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە يەر ناملىرى ئىزاھلىق لۇغىتى» قاتارلىق لۇغەتلەرنى تۈزۈش ۋە نەشر قىلىشنى، بۇنىڭغا يېتەرلىك مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئويلىشىپ كۆرۈش لازىم.

تۆتىنچى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى، نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى ۋە ھەرقايسى نەشرىيات ئورۇنلىرى ئاپتورلۇق ھوقۇقى ھەققىدىكى تەشۋىق ـ تەربىيەنى ئېلىپ كۈچەيتىش، نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ، تەرجىمانلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى، تەرجىمانلارنىڭ جاپالىق ئەجرى بەدىلىگە كەلگەن تەرجىمە ئەسەرلەرنى خالىغانچە تالان ـ تاراج قىلىدىغان قىلمىشلارنى پاش قىلىش ۋە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشى، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئاپتورلارنىڭ جۈملىدىن، تەرجىمانلارنىڭ جاپالىق ئەجرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئاپتورلار ۋە تەرجىمانلارنىڭ ئەقلىي ئەمگىكىنى قەدىرلەيدىغان، باشقىلارنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان ناچار خاھىش، ناچار ئىللەتلەر كوچىدىكى چاشقان باشقىلارنىڭ ئۇر ـ ئۇر قىلىشىغا ئۇچرىغاندەك ئاقىۋەتكە قالىدىغان، ياخشى ئىلمىي مۇھىت يارىتىش كېرەك.

بەشىنچى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان تارىخ تەرجىمانلىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى، جاپالىقلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرىنى باھالاش ـ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزگەنگە ئوخشاش، تارىخ تەرجىمە ئەسەرلىرىنى باھالاش ـ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى قەرەللىك ئۆتكۈزۈپ، تارىخ تەرجىمانلىرىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە تىرىشچانلىقىغا ئىلھام بېرىش لازىم.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى: «شىنجاڭ تارىخىنى بىلىمەن»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2011 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى.

② ئابلەت نۇردۇن «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2003 ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى.

③ «تارىخىي خاتىرىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى.

④ چېن شىمىڭ: «"24 تارىخ"تىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى ئۇيغۇرچە ئىزاھلاپ تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» (خەنزۇچە)، 1997 ـ يىل 2 ـ سان.

⑤ ئابلەت نۇردۇن: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسەرلەر ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» (خەنزۇچە)، 1998 ـ يىللىق 2 ـ سان.

**(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى)**

www.uyghurkitap.com



# يېڭى جۇڭگودىكى بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر گېنېرال

## — پېشقەدەم رەھبىرىم ھەم ئۇستازىم ساۋدانوف زاھىرنى ئەسلەيمەن.

ئېلى توختى

ساۋدانوف زاھىر 1920 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى غۇلجىدا نامرات تۆمۈرچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1927 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە چېلەك، «ئۆزبېك نەمۇنە» باشلانغۇچ مەكتىپىدە ۋە كۇرە ئوتتۇرا مەكتىپىدە، 1937 ـ يىلى كۈزدىن 1938 ـ يىلى يازغىچە ئېلى گىمنازىيەسىدە ئوقۇغان. ئېلى گىمنازىيەسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1938 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلى يازغىچە غۇلجا شەھىرى قىزارادۆڭ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1940 ـ يىلى كۈزدە ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى ئاچقان تېخنىكومغا (بۇ تېخنىكوم 1941 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلگەن) ئوقۇشقا كەلگەن، شۇ يىلى يازلىق تەتىلدە ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغان. 1942 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1943 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى نەنسەن ئات فېرمىسىدا تېخنىك بولۇپ ئىشلىگەن، شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا غۇلجا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ، دۆڭ مەھەللە زايومكىدىكى سۈتچىلىك فېرمىسىدا تېخنىك بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ شۇ مەزگىلدىكى خىزمەت ئورنى مۇقىم، تۇرمۇشى خاتىرجەم ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، مەپكۇرىسى، تەبىئىتى ئۆزىنىلا ئويلايدىغانلاردىن بولمىغاچقا، ئەتراپىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ناھەقچىلىق ۋە زۇلۇمنىڭ دەستىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالمىغان. ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «قەلبىمدە ئۇزاقتىن بۇيان بىر ئوت يالقۇنجايتتى. مەن ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى باش ـ ئايىغى يوق تىنىمسىز داۋالغۇشلار، ئېزىش ـ ئېزىلىش، خەلقنىڭ ئاھ ـ زارى، بايلارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشى قەلبىمدە بىر ۋولقان ياسىغان بولسا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقى، جاللات شېڭ شىسەينىڭ قىرغىنچىلىقى، كەڭ زىيالىيلارنى، ئوقۇغۇچىلارنى يولسىز تۇتقۇن قىلىش، ئوچۇق ـ ئاشكارا ۋە خۇپىيانە ئۆلتۈرۈش قاتارلىق رەزىل ھەرىكەتلىرى قەلبىمگە كۈرەش ئۇرۇقىنى چاچقانىدى. سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئۆز ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىش، گېتلېر گېرمانىيەسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشتەك ئىنقىلابىي روھى مېنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىشقا ئۈندەيتتى، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئۆز جېنىمنى پىدا قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم.» (گېنېرالنىڭ 2000 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇنتۇلماس مۇساپە» ناملىق كىتابىدىن). ئۇ ئاشۇنداق ئۇلۇغۋار ئارزۇ، ئېنىق مەقسەتتە، 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا «ئۈچ ۋىلايەت» ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، ئېلى ئايروپورتى، جىڭ، شىخۇ، يەنسىخەي (ئورمانباغ)، ماناس قاتارلىق جايلاردىكى ئۇرۇشلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. بۇ جەرياندا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، غۇلجا ناھىيەسى پارتىزانلار سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ كاتىپى، مىللىي ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيونىنىڭ ئىشتاب باشلىقى، پولك ئىشتاب باشلىقى، مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. جەڭدە جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلغان، ئۇرۇشقا سالماقلىق ۋە چېۋەرلىك بىلەن قوماندانلىق قىلىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قاخشاتقۇچ زەربە بېرىپ كۆپ قىممەت خىزمەت كۆرسەتكەن.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، يولداش ساۋدانوف زاھىر

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 5 - كورپۇسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەنگەن ھەم 1950 - يىلى 4 - ئايدا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ئۇ 1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پايتەختىمىز بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشقان ھەم رەئىس ماۋ زېدۇڭ، ليۇ شاۋچى، جۇدې، جۇ ئېنلەي قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ سەممىي قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. 1952 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن، 1955 - يىل 8 - ئايدا مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەرىپىدىن بېرىلگەن 2 - دەرىجىلىك مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، 2 - دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنىغا ھەمدە گېنېرال مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1958 - يىل 12 - ئايدا پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ئېچىلغان سىياسىي خىزمەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندا، رەئىس ماۋ زېدۇڭ يولداش ساۋدانوفنى ماختاپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ: «سىز يېڭى جۇڭگودىكى بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر گېنېرال» دېگەن.

ساۋدانوف زاھىر شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىغا ئاساس سالغۇچى. ئۇ 1953 - يىلدىن 1969 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن مەزگىللەردە، ئومۇمىي خەلق تەنتەربىيە پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، تەنتەربىيە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، تىرېنېرلار، تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. 1965 - يىلى شىنجاڭ ئاياللار ۋاسكېتبول كوماندىسىنى باشلاپ مەملىكەتلىك ئاياللار ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىگە قاتناشقاندا چېمپىيونلۇقنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ يۈكسىلىشىگە پۇختا ئاساس سالغان.

ساۋدانوف زاھىر 1985 - يىلى ئارمىيەدىكى رەھبەرلىك ئورنىدىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ج ك پ 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 12 -، 13 - نۆۋەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 7 -، 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەت كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى قاتارلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن. مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان 10 يىل داۋامىدا، دېموكراتىيە نازارەتچىلىك، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتەك فۇنكسىيەسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرغان

## گېنېرالنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندە

1961 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىدى. پولك بويىچە يېڭى ئەسكەرلەر تەربىيەسى داغدۇغىلىق باشلاندى. بىز يېڭى ئەسكەرلەرگە ئۆتۈلگەن تۇنجى دەرس — «ئارمىيىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى — جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»، «نېمە ئۈچۈن ئەسكەر بولىسىز»، «ئەسكەرلەرنىڭ بۇرچى ۋە شان - شەرىپى» دېگەن مەخسۇس تېمىلاردىن باشقا، يەنە ئارمىيەمىزدىكى ئون مارشالنىڭ ئۆلچەملىك سۈرىتى ۋە شانلىق تۆھپىسىنى، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان گېنېرال — ساۋدانوف زاھىرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى پىششىق بىلىۋېلىش — بىزنىڭ ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى ئىدى. بىز مارشاللارنىڭ جەڭگىۋار، ئۇلۇغ ھاياتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، نېمە ئۈچۈن ئەسكەر بولغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق چۈشەندۇق، ساۋدانوف زاھىرنىڭ 35 ياشقا كىرە - كىرمەيلا گېنېرال بولغانلىقى بىزگە قاتتىق تەسىر قىلدى، ئىشەنچىمىزنى ئاشۇردى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ بىزنىڭ شانلىق ئۆلگىمىزگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەينى چاغدىكى گازارما تۇرمۇشىدا «گېنېرال بولۇش» ھەربىر

www.uyghurkitap.com



ئەسكەرنىڭ تىرىشىش نىشانى ئىدى، «گېنېرال بولۇش»نى قەلبىگە پۈكمىگەنلەر ئەڭ يارامسىز ئەسكەر ھېسابلىناتتى. گەرچە بىز «گېنېرال بولۇش» ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلسەكمۇ، ئەمما «گېنېرال بولۇش» غايىسى ھەممىمىزنىڭ ئىلگىرىلەش نىشانىغا، بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتىمىزنىڭ تۈرتكىسىگە ئايلانغانىدى. بىراق قېرىشقاندەك بىز قىسمىغا كېلىپ نەچچە ئايغىچە قىسىم تۇرمۇشىغا، مۇھىتقا كۆنەلمىدۇق، ئەتىگەن ـ ئاخشىمى ھاۋا بەك سوغۇق، قىسمىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ناچار، سىياسىي تەربىيە، بولۇپمۇ ھەربىي مەشىق تولىمۇ جاپالىق، تەلەپ قاتتىق، ئۆلچەم يۇقىرى ئىدى. «ئات كەينىگە مىنگەشمە، مىنگەشكەندىن كېيىن ۋاي دېمە» دېگەندەك، بىز يېڭى ئەسكەرلەر «شانلىق ئۆلگە»لەرنىڭ ئىلھام ۋە تۈرتكىسىدە جاپا ـ مۇشەققەت ئالدىدا ۋايسىماي، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ياردەمنى كۈچەيتىپ، كۆڭلىمىزگە پۈككەن نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئۆگىنىپ قانمايدىغان، بەس ـ بەستە تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەيدىغان قايناق ۋەزىيەتنى ياراتتۇق. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىسمىدا «گېنېرال ساۋدانوف كېلىدىكەن» دېگەن خەۋەر تارقالدى. شۇ ھامان بىز يېڭى ئەسكەرلەردە گېنېرالنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈش ئىستىكى قوزغالدى، ئۆزىمىزچە ھەر خىل پەرەزلەرنىمۇ قىلىشتۇق. «تىلىسىڭ ئېرىشىسەن» دېگەندەك، بىر كۈنى ئەتىگىنى قارىغا ئېتىش مەشىقىگە ماڭماقچى بولۇپ تۇراتتۇق، جىددىي ئۇقتۇرۇش كېلىپ قالدى ـ دە، روتا بويىچە تېزدىن پولكنىڭ يىغىن زالىغا يېتىپ باردۇق. يىغىن زالى شۇنچىلىك جىمجىت، شۇنچىلىك سۈرلۈك ئىدى، رەت ـ رېتى بويىچە ئولتۇرغان ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر بەئەينى بىر سىزىقتا تىزىپ قويغاندەك تولىمۇ رەتلىك بولۇپ، ھەممىنىڭ دىققىتى بىر نۇقتىغا، يەنى يىغىن سەھنەسىنىڭ نۇتۇق مۇنبەرىگە تىكىلگەنىدى...

شۇ ئەسنادە، پولك كوماندىرى ئەرشىدىنكا سەھنە ئالدىغا كېلىپ جاكارلىدى:

— كۆپچىلىك دىققەت، ھازىر بىزگە شىنجاڭ ھەربىي سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، گېنېرال مايور ساۋدانوف زاھىر يولىيورۇق بېرىدۇ، قىزغىن قارشى ئالايلى!

پولك كوماندىرىنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈشىگە زالدا ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. كۆز ئالدىمىزدا ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك، قاشلىق ۋە قاڭشالىق، كېلىشكەن بىر ئەزىمەت پەيدا بولۇپ، بىزگە ھەربىيچە سالام قىلدى. بۇ چاغدا بىزنىڭ ئاغزىمىز ئېچىلىپلا قالغانىدى، چۈنكى گېنېرال 40 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە بولسىمۇ، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ياراشقان گېنېراللىق فورمىسى بىلەن، بىزگە خۇددى 30 ياشتەك كۆرۈنۈپ كەتكەندى. ئۇنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن زېرەكلىكى چىقىپ تۇراتتى. يېشىغا باققاندا ئاجايىپ كەچۈرمىشلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ گېنېرال شۇ قەدەر تەمكىن، ئېغىر ـ بېسىق ۋە كۆپنى كۆرگەن ئاقساقاللارغا خاس خاراكتېرى، چېھرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان مېھرىلىك تەبەسسۇمى بىزنى ناڭ قالدۇرغانىدى. بىز ئىختىيارسىز ئالقىش ساداسىنى يەنە ئەۋجىگە كۆتەردۇق ھەم ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشكە تەشنا بولغان قېرىندىشىمىزنى قېنىپ كۆرۈۋالماقچى بولغاندەك ھەدەپ ئالغا ئىنتىلەتتۇق...

— يولىيورۇق بېرىدۇ دېگەندىن كۆرە، نۆۋەتتىكى ئېقىم ۋە سىياسەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە كۆپچىلىك بىلەن پىكىرلىشىدۇ، — دېگەن تۈزۈك.

گېنېرالنىڭ بۇ سۆزى بىلەن تەڭ، يىغىن زالى بۇرۇنقىدەك تىمتاس ھالەتكە دەرھال قايتتى. گېنېرال خەلقئارا ۋە ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە كەڭ ـ كۇشادە توختالغاندىن كېيىن ئۇمىدۋارلىق كەيپىياتتا، قىسمىمىزدا ساقلانغان «تىنچ بىخودلۇق ئىدىيەسى»، «جاپادىن قورقۇپ ھەربىي مەشىققە سەل قاراش»، «قىسمىغا كېلىپ زىيان تارتتىم» دەيدىغان ناتوغرا قاراشلارغا قاراتمىلىقى بولغان ھالدا يېشىم بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بىز نېمە ئۈچۈن ئەسكەر بولىمىز؟ خەلق بىزدىن نېمىنى كۈتىدۇ؟ يولداشلار بۇنىڭغا: «ۋەتەننىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئەسكەر بولىمىز!»، «خەلق بىزدىن جاپاغا چىداپ ھەربىي ماھارەتنى ئىگىلەپ، خەلققە تىنچ، خاتىرجەم ياشاش شارائىتىنى يارىتىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشى

ئېنىق، لېكىن، بۇنى دېمەك ئاسان، ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئىشلەش ۋە كۆرسىتىش تولىمۇ قىيىن. شۇڭا، بىز ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزدە ئاشۇ «قىيىن»لىقنى ئۆلچەم قىلىپ، ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ، يۇقىرى ئۆلچەم قويۇپ، ئەسكەرلىك بۇرچىمىزنى تىرىشىپ ئادا قىلىشىمىز كېرەك. بىز ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇششاق ـ ئۇششاق ئىشلارغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

گېنېرال سۆزىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلىغانسېرى ۋۇجۇدۇم بىر خىل سېزىم ئىلكىدە ئىختىيارسىز سىلكىنەتتى، ھاياجاندىن ئولتۇرالمايلا قالدىم. يېنىمغا قارىسام، سەپدىشىم تۇردى ئەمەت مەندىن ئۆتە ھاياجانلانغاندەك گېنېرالغا ھەۋەستە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ: «مېنىڭ ئاكام» دېۋىدى، مەن ئۇنىڭغا سوئال قويدۇم:

— كىم سېنىڭ ئاكاڭ؟

— گېنېرالچۇ.

— گېنېرال قانداقسىگە سېنىڭ ئاكاڭ بولۇپ قالدى، كۆپ ـ كۆندۈزدە ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋاتامدىغانسەن؟

— ياق، توغرىسىنى ئېيتسام، ئۇ مېنىڭ ھەم سېنىڭ، شۇنداقلا ھەممىمىزنىڭ ئاكىسى...

دەرھەق، ئىنسان ئۇچۇن قەلبداشلىق، دىلكەشلىك تولىمۇ قىممەتلىك ۋە ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەردۇر. بۇ ئەڭگۈشتەر بىر ـ بىرىمىزنىڭ قەلب رىشتىنى باغلايدۇ، ئىجىل ئىناقلاشتۇرىدۇ، بۈيۈك تۇغ ئاستىغا ئۇيۇشتۇرىدۇ. شۇ تاپتا قاچانلاردىندۇر كۆڭۈل خاتىرەمگە پۈتۈۋالغان مۇنۇ شېئىر ئېسىمگە كەلدى:

«سەن كەبى ئوغلانلار ئەلنىڭ پەخرىدۇر،
سۆيۈنەر نامىڭدىن خەلقىم تائەبەت.
مىڭ ئەپسۇس، چەكلىككەن كىشىنىڭ ئۆمرى،
ئېپ كەتتى بىمەزگىل سېنى مالامەت.

ئۆتەركەن بۇ جاھان جۇنەپ شۇ كەبى،
قالغانلار كەتكەننىڭ گېپىنى قىلىپ.
ئېنىقكى، ئورنىڭنى باسار ئەۋلادلار،
سەن كەبى بولماقنىڭ ئېپىنى قىلىپ.

ۋە لېكىن كىشىلىك ئالىمى ئارا،
سەن كەبى تالانتلار كەلمەيدۇ ئاسان.
ئۆتەرمىز ھەرقاچان ئارمىنىڭنى يەپ،
ئۆتكەن دەپ شۇنداق بىر باھادىر ئوغلان.

ئەلۋىدا دېيىشكە كەلمەس تىلىمىز،
ياشايسەن بىز بىلەن دىللار قېتىدا.
ياشايسەن مەڭگۈ پىر ـ ئۇستاز بولۇپ،
ئۆزۈلمەس ئەۋلادلار ئېتىقادىدا.»

www.uyghurkitap.com



## «قايچىنى تاشلاپ، قەلەمنى قولغا ئېلىڭلار»

مەن 1963 ـ يىل 7 ـ ئايدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئورگان گېزىتى — «شىنجاڭ ئازادلىق ئارمىيەسى» گېزىتىگە يۆتكىلىپ كەلدىم. بىر مەزگىللىك ئۆگىنىش، كۆزىتىش ئارقىلىق گېزىتخانىنىڭ ئەھۋالى، ئومۇمىي ساپاسى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. گېزىتنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياخشى چىقىرىش ئۈچۈن تەر تۆكۈۋاتقان مۇھەررىر، مۇخبىر، تەرجىمانلارنىڭ كۆپىنچىسى مەخسۇس كەسىپتە ئوقۇمىغان، ماڭا ئوخشاش قىسىملاردىكى ئاخباراتچىلىق خىزمىتىگە ھەۋەس قىلىدىغانلار ئىچىدىن تاللاپ كەلگەنلەر بولغاچقا، تەجرىبىسىزلىك گېزىت چىقىرىشتىكى گەۋدىلىك مەسىلە ئىكەن. ئەينى چاغدا بىز گېزىت بېتىنى «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە باشقا گېزىت، ژۇرناللاردىن تېپىۋالغان ماقالىلەر بىلەن توشقۇزاتتۇق، شۇڭلاشقىمىكىن، گېزىت تەشۋىقاتىنىڭ ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولماي كېلىۋاتاتتى، بۇ ھەقتە ئىنكاسلارمۇ كۆپ ئىدى.

بۇ ئەھۋاللارنى سەزگەن گېنېرال ساۋانوف خىزمىتى ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، گېزىتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرغان، چارە ـ تەدبىرلەر ئۈستىدە ئىزدەنگەن، بوش ۋاقتى بولسىلا گېزىتخانىغا كېلىپ، گېزىتنى قانداق چىقىرىش ئۈستىدە مۇھەررىر، مۇخبىرلار بىلەن مۇڭدىشاتتى، خۇددى كەسپىي ئوقۇتقۇچىمىزدەك «گېزىتنى ياخشى چىقىرىشتا، قايچىنى تاشلاپ، قەلەمنى قولغا ئېلىڭلار» دەپ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كەسپىي ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزگە دائىم يېتەكچىلىك قىلاتتى. بىركۈنى، گېزىتنىڭ خاراكتېرى ۋە گېزىت چىقىرىش فاڭجېنى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى:

— ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئازادلىق ئارمىيەسى» گېزىتى — پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا نەشر قىلىنىدىغان بىردىنبىر گېزىت، ھەربىي قىسىملىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوفىتسېر، ئەسكەرلىرى، زاپاس خادىملار ۋە خەلق ئەسكەرلىرىگە يۈزلەنگەن بۇ گېزىت — پارتىيەمىزنىڭ، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى، ھەربىي رايون پارتكومىنىڭ قارار ـ يوليورۇقلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنىڭ مېڭىسىنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئارمىيەمىزنىڭ بۇرچى، مەجبۇرىيىتى، ۋەزىپىسى ۋە ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيەسى، پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتى ھەققىدە سىستېمىلىق بىلىمگە ئىگە قىلىدۇ، ئارمىيە روھىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش، پارتىيەنىڭ قوماندىسىغا بويسۇنۇشقا يېتەكلەيدۇ، ئۇ ئەينى سىياسىي تەربىيە، ھەربىي مەشىق، قانۇن ـ ئىنتىزام تەربىيەسى قاتارلىق جەھەتلەردە دەرسلىك ماتېرىيالى ۋە پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇشى كېرەك. گېزىت چىقىرىش فاڭجېنى دېگىنىمىز، «ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىش، ئاز سانلىق ئوفىتسېر، ئەسكەرلىرىنى ئاساسىي ئوبيېكتىپ قىلىش»تىن ئىبارەت. بۇ ئاخباراتچىلىق خىزمىتىدە گېزىتنىڭ مۇلازىمەت خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا، ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرگە يېقىنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت «ئۈچكە يېقىنلاشتۇرۇش» تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى بەلگىلىگەن. ئوفىستېر، ئەسكەرلەر ئاخباراتنىڭ مەنبەسى، «ئۈچكە يېقىنلاشتۇرۇش» ئاخباراتچىلىق خىزمىتىنىڭ مىزانىدۇر. شۇڭا، سىلەر ماركسىزملىق ئاخبارات قارىشىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، روشەن پارتىيەۋىلىك پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشۇڭلار كېرەك، جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنىڭ توغرا بولۇشى پارتىيە، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ بەختى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، گېزىت خىزمىتىنىڭ ھەربىر ھالقىلىرىدا كاللىنى سەگەك تۇتۇپ، سىياسىي جەھەتتىكى سەزگۈرلۈك ۋە ئەستايىدىللىقنى باشتىن ـ ئاخىر قەتئىي ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكى ۋە گېزىت چىقىرىش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىگىلەش — پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، مەركەزنىڭ ۋە ھەربىي

رايون پارتكومىنىڭ قارار ـ يولىيورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، گېزىتنىڭ تەشۋىق قىلىش،
تەربىيەلەش، ئىلھاملاشتۇرۇش، سەپەرۋەر قىلىش رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇ ـ
لۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ھەربىي بىلەن خەلق ئىتتىـ ـ
پاقلىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا غايەت زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن گېزىتـ ـ
نىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوفىتسېر، ئەسكەرلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىدىغانلىـ ـ
قىدەك ئالاھىدىلىكى ۋە ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، پارتىيەنىڭ مىللەت
سىياسىتى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئۈنۈملۈك تەجرىبە، ئىلغار تىپلارنى
تەشۋىق قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىشىڭلار كېرەك. چۈنكى، ئىلغار تىپلار دەۋر روھىنىڭ ۋەكىللىرى،
ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى نەمۇنىچىلىرى ۋە دۇرۇس ئادەم بولۇشتىكى ئۈلگىلىرى.
شۇڭا، گېزىتنىڭ رولى بولىدۇ، ئوقۇشچانلىقى ئاشىدۇ.

كەسپىي ۋە يېزىقچىلىق ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەنىدى:

—— تەشۋىق خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىـ ـ
نىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىدىيەۋى نەزەرىيە ئاساسىنى پۇختا تۇرغۇزۇش بىلەن بىللە، كەسپىي ۋە ئۇنىۋېرسال
بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، يېزىقچىلىق ماھارىتىڭلارنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.
بۇ تەلەپ ئورۇندالسا، قىسىم قۇرۇلۇشىنىڭ تۈز رىتىمگە ماسلىشىپ، دەۋر روھىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈ ـ
رىدىغان، ئىدىيەۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، ئەدەبىيلىكى، جەلپكارلىقى، تەسىر كۈچى زور، قىسىم تۇرمۇش
پۇرىقى قويۇق، كوماندىر، ئەسكەرلەرگە ئۆزاققىچە ئىلھام بېرىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى چوقۇم يېزىپ
چىقالايسىلەر. سىلەر قەلەم ئىگىلىرى، قانداق يېزىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىسىلەر، مېنىڭچە، يازغان
ئەسەرلەرنى ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر ياقتۇرۇپ ئوقۇسۇن دېسەڭلەر، بىرىنچىدىن، ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر
يۈرىكىنىڭ، تومۇرىنىڭ سوقۇشىنى ئالدىدىن بىلىشىڭلار كېرەك. ئالايلۇق، خەلق شېئىرىيىتى غەزەل،
قوشاق، داستانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلاردىمۇ ناھايىتى گۈزەل پىكىر ئۇچقۇنلىرى بار. يازغۇچى،
شائىرلار خەلقىگە يېقىنلىشىشتا مۇشۇ پىكىر ئۇچقۇنلىرىنى تۇتۇشى زۆرۈر. مۇشۇنداق بولغاندا، ئۆزد ـ
ىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى ھەم خەلققە نۇر بەرگىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ناھايىتى زور ئېستېتىك كۈچكە
ئىگە چوڭ بايلىق. شۇڭا، قەلەم ئىگىلىرى ئۆزىمىزنى خەلق ئىچىدىن كېلىۋاتقان مۇشۇنداق نۇر بىلەن
يورۇتۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، كەسپىي ۋە يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ
ئۇسۇلى ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەندىلا ئۇسۇل مەسىلىسىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھېس قىلغىلى
بولىدۇ. ياخشى ئۇسۇل بولغاندىلا ياخشى باشلىنىش بولىدۇ، ياخشى باشلىنىش بولغاندىلا ياخشى ئىلگىـ ـ
رىلەش بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن نادىر ئەسەرلەرنى، بولۇپمۇ ياخشى كىتابلارنى قېتىرقىنىپ، تەكرار ئوقۇشنى
ئىلھامنىڭ مەنبەسى قىلىش لازىم. بۇ كۆپ كۆرۈش، ئۆگىنىش، ھېس قىلىش چۈشىنىش بىلەن بىۋاسىتە
مۇناسىۋەتلىك. ئوقۇغان ئەسەرلەردىن زوقلىنىش، ھاياجانلىنىش بەك مۇھىم، ھاياجان —— يازغۇچى،
شائىرنىڭ مەخپىي سىپرى، شۇنداقلا ئىلھامنىڭ پىلتىسىدۇر. ئەنگلىيەلىك داڭلىق سىياسىي ئوبزورچى،
شائىر مىرتون: «ياخشى كىتابلار داڭدار كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئەڭ قىممەتلىك سۈت،
ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتنىڭ بايلىقلىرى ساقلانغان، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت
قىلىدىغان ئەڭ ياخشى قورال» ئىكەنلىكىنى بىزگە ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. بىز ئۇنىڭ دېگىنىدەك
قىلالىساقلا، بۇ «قورال» ئارقىلىق قەلەمگە ماھىر بولالايمىز. يەنە بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ بەت لايىھە ـ
لەشكە پىششىق بولۇشۇڭلار كېرەك. چۈنكى بەتلەرنىڭ كۆركەم، ئىستونلارنىڭ مەزمۇنلۇق بولۇشى،
ماۋزۇلارنىڭ ئىخچام، ئېنىق قويۇلۇشى، ماقالىلەرنىڭ جانلىق، مەنتىقىلىق يېزىلىشى، تىلىنىڭ ئاممىباب،
ئوبرازلىق بولۇشى گېزىتنىڭ ئوقۇشچانلىقى ۋە جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، تەشۋىق قىلىش،
تەربىيەلەش، ئىلھاملاندۇرۇش، سەپەرۋەر قىلىش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇشتىمۇ ئۇنۇمى ناھايىتى

www.uyghurkitap.com



زور. شۇڭا، بۇ جەھەتتىمۇ تىرىشىپ ئىزدىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

گېنېرالنىڭ ھەربىر سۆزى قەلبىمىزگە مۆھۈر باسقاندەك ئورناپ، كۆزىمىزنى يورۇتتى، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. بىز گېنېرالنىڭ دېگىنى بويىچە كەسپىي ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتتۇق، گېزىت چىقىرىش جەريانىنى كەسپىي ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈشنىڭ جەريانىغا ئايلاندۇردۇق.

## ئۇستازنىڭ ئەجرى

ئەل ئىچىدە: «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما» دەيدىغان ھېكمەت بار. گېزىتخانىمىزدىكى يولداشلار گېزىتىمىز كوماندىرى، جەڭچىلەر تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشلانغاندا، نەتىجىلىرىمىز باشقىلار تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنغاندا ياكى مەدھىيىلەنگەندە، ئالدى بىلەن گېنېرال ساۋدانوفنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. دېمىسىمۇ، گېنېرالنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلىشى، دائىم ئېنىق كۆرسەتمىلەرنى بېرىشى گېزىت ـ تەشۋىقاتىدا خۇشاللىنارلىق ئىلگىرىلەش ۋە يېڭىلىقلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپلا قالماي، مۇھەررىر، مۇخبىر ۋە تەرجىمانلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي جەھەتلەردە تېز ئۆسۈپ يېتىلىشىدىمۇ ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغاندى. گېنېرال دائىم بىزگە شۇنداق دەيتتى: «چارە ـ تەدبىر قىيىنچىلىقلاردىن كۆپ بولىدۇ. يېڭىلىقچىلىق ۋە ئىجادىيەت ئىشىدا، ئىشقىلىپ، بىز قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىشتا قىيىنچىلىق ـ توسالغۇلار ھەرقانچە زور بولسىمۇ، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇل ـ چارىسى ھامان تېپىلىدۇ. گەپ بىزنىڭ كاللا ئىشلىتىشىمىزدە! ئەگەر كاللا ئىشلىتىشكە ھورۇنلۇق قىلماي، كاللا ئىشلىتىشكە ماھىر بولساقلا، قىيىن سوئالدىن پاراسەت گۈلىنى پورەكلەپ ئېچىلدۇرالايمىز. بۇ دەل ‹قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە› دېگەنلىكتۇر.» بىز ئەمەلىيەت داۋامىدا، بۇ كۆرسەتمىلەرنىڭ تېرەن مەزمۇنىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، ئۇز تەپەككۇرىمىزغا ئايلاندۇرغاندا قەلبىمىز بىردىنلا ئۈمىد نۇرىغا تولغان، ئۆزىمىزنى يېڭى ئىلگىرىلەش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتۇق. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بىز ئۆز رايونىمىز، ھەرقايسى ئاخبارات ـ نەشرىيات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئاخبارات ساۋاتلىرى ۋە ئوقۇشلۇقلارنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، ئۆزىمىزگە تەتبىقلاپ مۇلاھىزە قىلىش، گېزىتكە بېرىلگەن ماقالىلەر ئىچىدىكى ئوخشاشلىق ۋە ئۆزگىچىلىك ئۈستىدە دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش، «قۇسۇر» تېپىش، پۇرسەت بولسىلا قىسىملارغا چۈشۈپ، ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش، جەڭچىلەردىن ئېلىپ جەڭچىلەرگە قايتۇرۇش، يېڭىلىقچىلىقنى ئاددىي ـ كىچىك ئىشلاردىن باشلاش دولقۇنىنى قوزغىۋەتتۇق.

گېزىت تەشۋىقاتى ئەمەلىيەتتىن شۇنى ھېس قىلدىكى، ھەرقانداق نەرسىنى ھەقىقىي ئۆگىنىمەن ياكى ئۇنىڭدا نەتىجە قازىنىمەن دەيدىكەنمىز، ئۇنى ئۆگىنىش ئۇچۇنلا ياكى يۈزەكى ئۆگەنمەي، مەقسەتلىك، نىشانلىق ئۆگىنىشىمىز، بولۇپمۇ ئۆز كەسپىمىزگە ئالاقىدار ساۋات، بىلىملەرنى ئەتراپلىق، ئەستايىدىل ئىگىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، كۈچ سەرپ قىلىشىمىز كېرەككەن. ئوخشاش بىر ئىش ـ كەسپتە ھەممەيلەننىڭ تەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى قازىنالماسلىقى، نېگىزىدىن ئېيتقاندا، ئۆزىمىزگە، ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىش ـ سالالماسلىقىمىزغا باغلىقكەن.

## «سىلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم»

يۇرتۇم توغراق ماكانى بولغاچقىمىكىن، توغراقنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىمەن، توغراق خىسلىتى تىلغا ئېلىنسا جان جېنىمدىن سۆيۈنۈپ كېتىمەن. نېمە ئۈچۈندۇ، يېقىندىن بۇيان، يۇرتۇمدىكى ئاشۇ توغراقلار كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. گەرچە ئۇ توغراقلارنىڭ بەزىلىرى ئۇزاق يىللار مابەينىدە ھالىدىن كېتىپ يىقىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەتراپىمدىن بەس ـ بەستە كۆككە بوي تارتقان ھەم كۆكلەپ يېتىلىۋاتقان سان ـ ساناقسىز توغراقلار ھاياتلىقنىڭ ئۈزۈلمەس مەنبەسى سۈپىتىدە كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن

قىلاتتى، كەلگۈسىگە ئۈمىد بېغىشلاتتى. توغراقنىڭ تەبىئەت بوران ـ چاپقۇنلىرى ئالدىدىكى چىدامىلىقى، سۇسىز دالىدىكى خىسلىتى كىشىلىك ھاياتقا ئۆرنەك بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا پايدىسى، قىممەت ـ شاپائىتى كۆپ ئىدى. شۇڭلاشقىمىكىن، ئالەمدىن ئۆتكەن گېنېرال ساۋدانوفنى يۇرتۇمدىكى ئاشۇ توغراققا ئوخشاتقۇم كەلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ جاپالىق كۈرەشلەردىكى قەتئىي مەيدانى، قەيسەر، چىداملىقى، خەلقىگە بولغان ۋاپادار ـ كۆيۈمچانلىقى؛ ئەمەلىي خىزمەتتە ئۆگىنىپ ھارمايدىغان، باشقىلارغا ئۆگىتىپ زېرىكمەيدىغان روھى، يولداشلىرىغا قولىدىن كېلىدىغان ياخشىلىقنى ئايىمايدىغان ئالىيجاناب خىسلىتى بەئەينى مېھرىبان ئانىلارنىڭ پاك ئوغا سۈتىدەك قىسىم قۇرۇلۇشىغا، جۈملىدىن جەمئىيەتكە، خەلققە نى ـ نى يارامىلىق نوتىلارنى بىخلاتقان، ئۆستۈرۈپ يېتىلدۈرگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ئاشۇ ياش نوتىلار قۇرامىغا يېتىپ ئۆز ۋۇجۇدىدا ئالەمچە ئىسسىقلىق، ھاياتقا بولغان چىدامىلىق، چەكسىز ئىنتىلىش ۋە سۆيۈنۈش، ئاجايىپ، ئۇلۇغۋار جاسارەت، كەلگۈسىگە بولغان چەكسىز ئۈمىد ـ ئىشەنچنى نامايان قىلماقتا....

گېنېرالنىڭ ھەر مىللەت ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئالاھىدە تەرىپلەنگەن ۋە تەرىپلىنىدىغان يا خشى خىسلەتلىرىدىن يەنە بىرى، ئۇ خىزمەتتە تولىمۇ كەسكىن، توغرا تاپقان پىكرىنى داداللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويالايدىغان رەھبەر ئىدى. ئۇ قىسىملاردا خىزمەت نەتىجىسى ئالاھىدە كۆزدىلىك يولداشلارنى قىسىم ياكى ھەربىي رايون بويىچە ئىلغار تىپ قىلىپ تۇرغۇزۇش ياكى مۇكاپاتلاش، دەرىجە، ۋەزىپە ئۇنۋانىنى ئۆستۈرۈش، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىش، ھەتتا ئۇلارنىڭ مەركەز ياكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا بىلىم ئاشۇرۇشقىمۇ بەكلا كۆڭۈل بۆلەتتى، قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرەتتى. راستىنى ئېيتسام، بۇنىڭغا ئوخشاش ئامەتلىك ئىشلارغا مېنىڭمۇ نېسۋەم قوشۇلۇپ قالغان چاغلارمۇ بولغان.

1982 ـ يىل ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. گېزىتكە بېرىلىدىغان ماقالىلەرنى كۆرۈش بىلەن ئالدىراش ئىدىم. «جەڭ غەلىبىسى» گېزىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئابدۇۋايىتكام ئىشخانامغا كىرىۋېتىپ:

— ئۇكاموي، ماقالىنىڭ ئىچىگە خۇددى قۇمغا چېچىلغان سۇدەك سىڭىپلا كەتمەي، بىزگىمۇ كۆز قىرىڭنى سېلىپ قويساڭچۇ، — دېدى چاقچاق قىلىپ، مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ سالام قىلدىم. ئابدۇۋايىتكام مېھرىبان ئاتىلاردەك مۆرەمگە پەپىلەپ قويۇپ، ئولتۇرۇشقا ئىما قىلغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ساڭا بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزەي، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار ساۋدانوف ئورۇمچى ھەربىي رايون قىسىملىرىدىن ئالتە يولداشنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە ئاتاپ، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتمەكچى بوپتۇ.

— بۇ تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان خۇش خەۋەرنى يەتكۈزىمەن دېمىسەم، قېشىڭغا كېلەرمىدىم؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى، — مەن ئىتتىك ئابدۇۋايىتكامغا قارىدىم.

— ھەي ئەخمەق بالا، ئەگەر سەن ئاشۇ ئالتەيلەننىڭ بىرى بولمىساڭ، ساڭا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزەرمىدىم.

بۇ كۈتۈلمىگەن خۇشاللىقتىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەك، خېلىغىچە گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدىم. شۇ كۈنلەردە بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتسەم كېرەك، كېچىلىرى كۆزۈم ئۇيقۇغا، كۈندۈزلىرى قولۇم ئىشقا بارماي قالدى، تەييارلىق ئىشلىرىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەپ، ئەتە ـ ئۆگۈن يولغا چىقارمىز دەپ تۇرغاندا، مۇئاۋىن كومىسسارنىڭ كاتىپى ئىشخانىسىغا چاقىرىتتى. مەن دەرھال بارسام، كەڭ ئازادە ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا گېنېرال ساۋدانوف ئولتۇرۇپتۇ. ئىككى تەرەپتىكى كىرىسلودا بىرنەچچەيلەن ئولتۇرغانىكەن. مەن ئالدى بىلەن گېنېرالغا سالام قىلدىم. ئاندىن ئولتۇرغانلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، بوش ئورۇندا ئولتۇرغاچ ئۇلارغا سەپسالدىم.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى خۇددى كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەك، — قېنى، بۇ يەردە ئولتۇرغانلار بىر ـ بىرىڭلارغا ئۆزۈڭلەرنى تونۇشتۇرۇڭلار، بۇگۈندىن ئېتىبارەن سىلەر سەپەرداش ھەم ساۋاقداش بولۇسىلەر، — دېدى كۈلۈمسىرەپ. شۇ چاغدىلا، بۇ بىرنەچچەيلەننىڭ دەل مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە

ئوقۇشقا بارىدىغانلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. بۇ ئالتەيلەننىڭ ھەربىرى پولك دەرىجىلىك بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقانىدى، — سىلەرنىڭ نەگە بارىدىغىنىڭلار، نېمە قىلىدىغىنىڭلار ئۆزۈڭلەرگە مەلۇم. مەن گەپنىڭ مېغىزىنىلا قىلاي، سىياسىي نۇقتىئىنەزەرىنىڭ بولماسلىقى جان بولمىغان بىلەن باراۋەر، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار سائەتكە قاراپ قويۇپ، — ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە ئۈزۈل - كېسىل خاتىمە بېرىلىپ، زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ روھىي قىياپىتىدە، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز ۋە پارتىيەمىزنىڭ قىياپىتىدە تارىخىي ئۆزگىرىش بولدى. مۇشۇنداق خاسىيەتلىك پەيتتە، سىلەر مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارارلىق كۇرسىغا ئۇرۇمچى ھەربىي رايون قىسىملىرىدىن ئوقۇشقا بارماقچى بولۇۋاتىسىلەر. بۇ سىلەرنىڭ سىياسىي ھاياتىڭلاردا ئۇنتۇلغۇسىز چوڭ بۇرۇلۇش، ئىدىيەدە ئاجايىپ يۈكسىلىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالار. بۇ پۇرسەتنى چوقۇم قەدىرلىشىڭلار كېرەك. خۇددى ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ زېدۇڭنىڭ: «بىر تومەن يىل بەك ئۇزاق، تۇتقۇلۇق ھەربىر مىنۇتنى چىڭ تۇتۇپ» دېگەن تەلىمى بويىچە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، پۈتۈن زېھنىڭلارنى ئۆگىنىشكە، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشقا قارىتىشىڭلارنى، ئەلا نەتىجە يارىتىپ ھەربىي رايون باشلىقلىرىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقىڭلارنى، ئۆگىنىشتە قىسىملاردىكى ئوفىستېر، ئەسكەرلەرگە ئۈلگە بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۆگىنىشنىڭ، ئۈنۈمېرسال ساپانى ئۆستۈرۈشنىڭ چېكى يوق، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، پىشقىلىق يارىتىشنىڭ تېخىمۇ چېكى يوق. شۇڭا، سىلەر ئۆگىنىشتە كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، ئۆزئارا ياردەمنى كۈچەيتىپ، قاتماللىق، بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتىن ساقلىنىپ، ھەرقانداق جاپا ۋە كاشىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تولۇق ئىگىلەپ، جۇڭگوچە ماركسىزم نەزەرىيەسىنىڭ شانلىق نۇرى بىلەن قەلبىڭلارنى يورۇتۇشۇڭلار كېرەككى، ئۇنىڭغا مۇخالىپ كېلىدىغان سۆز - ھەرىكەتتە بولماسلىقىڭلار كېرەك. بۇ مېنىڭ سىلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم!

«ئاتا تىلىكى مەدەت، ئاتا تىلىكى ئۈمىد، ئاتا تىلىكى چاپقۇر ئات، ئاتا تىلىكى ئالەمچە ماغدۇر».

مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە كەلگەندىن كېيىن، بىز مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارنىڭ ئۈمىدىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ ۋە ئۇنى ئۆگىنىشتە ئۆزىمىزگە قويۇلغان قاتتىق تەلەپ، يۇقىرى ئۆلچەمنىڭ تۈرتكىسى قىلىپ، ئۆگىنىش قاينىمىغا كىرىپ كەتتۇق.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار ساۋدانوف ھەر قېتىم بېيجىڭغا يىغىنغا كەلگەندە، ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، مەكتەپكە كېلىپ بىزنى يوقلايتتى، ئۆگىنىش ئەھۋالىمىزنى سۈرۈشتە قىلاتتى، بىزمۇ ھودۇقلىماستىنلا، - بىز سىزنىڭ ۋە ھەربىي رايون باشلىقلىرىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدۇق، يەرلىكتىكى يولداشلار ئالدىدا ھەربىيلەرنىڭ يۈزىنى چۈشۈرمىدۇق، — دېيەلىدۇق. بۇ چاغدا، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار بىر خىل مەمنۇنىيەت خۇشاللىقى بىلەن، — دۇرۇس، سىلەرنىڭ شۇنداقلا قىلالايدىغىنىڭلارغا ئىشىنەتتىم، — دەيتتى ۋە ئارقىدىنلا، — يەرلىكتىكى يولداشلار ئالدىدا ئۆگىنىشتىلا ياخشى بولۇپ قالماي، يەنە ئىنتىپاقلىقتا، تەرتىپ، ئىنتىزام ۋە قائىدە - بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىشتىمۇ نەمۇنە بولۇشۇڭلار كېرەك، — دېگەننى دائىم تەكىتلەيتتى.

بىز مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ھەرقايسى جەھەتلەردە قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئىزدىنىپ قىلدۇق، ئاممىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەندۇق، بىلىدىغانلىرىمىزنى ئايىماستىن ئۆگەتتۇق. «ياخشى ئىش يەردە قالماس» دېگەندەك، يىل ئاخىرىسىدىكى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا، ئاما تەرىپىدىن بىز «مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى» بولۇپ تەرىپلەندۇق.

ئەپسۇس، پېشقەدەم رەھبىرىمىز، ياخشى ئۇستازىمىز گېنېرال ساۋدانوفنىڭ تەرىپىنى قىلىۋاتقان شۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ بىزدىن ئايرىلغىنىغا ئۈچ يىل بولۇپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قاپتۇق. ئەمما ئۇنىڭ بىزگە

قالدۇرغان چەكسىز مۇھەببىتى ھېلھەم قەلبىمىزدە گۈلخان بولۇپ يانماقتا. ئۇ بىزگە ياخشى ئۇست
ئالىي سىياسىي رەھبەر ئىدى. ئۇنىڭ نامى، ئەقىدىسى بىزنىڭ قايناق كۆرەشلىرىمىز بىلەن بىللە!

ئەمدى مەن بۇ ئەسلىمەمنى ئۇزۇمنىڭ ۋە سەپداشلىرىمىزنىڭ مەرھۇمغا بولغان چەكسىز سېغىنىش
مۇنۇ شېئىرىم ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇراي:

سانسىز يۇرەك تىۋىشىغا چىن زېھنىمدىن سالسام قۇلاق،
سېغىنىپتۇ ئۇستازىنى ماڭا ئوخشاش چېكىپ پىراق.
جەبرى ـ كۇلپەت تاغلىرىغا باش ئەگمىگەن ئاشۇ ئىنسان،
كۆرەشلەردە زەپەر قۇچقان مەنزىللەردە يېقىپ چىراغ.

قانلار كېچىپ تەر ئاققۇزۇپ سەردار بولغان تالاي جەڭدە،
ئۇتۇق ـ غەلىبە قازانغاندا تەمەننادىن قېچىپ يىراق.
گۈزەل ئەخلاق، پاك خىسلىتى ئۇلگە بولغاچ دائىم بىزگە،
شانۇشەرەپ قۇچتۇق چەندان ئەل ـ يۇرتىمىز تېپىپ روناق،

باغۋەن بولۇپ ئۆستۇرگەنتى سان ـ ساناقسىز نوتىلارنى،
ئاتا كەبى مېھىر بېرىپ ئاۋام بىلەن ئۆتتۇپ ئىناق.
ياد ئېتىمىز شۇ ئۇستازنى— شۇ گېنېرالنى ئىززەت بىلەن،
زىكرى قىلىپ شەرىپىنى پاراڭلاردا ئۇزاق ـ ئۇزاق.

تىنچ ـ خاتىرجەم يېتىڭ ئۇستاز ئىپار ھىدلىق بېھىش باغدا،
روھىڭىزنى خۇش قىلىمىز ياخشى ئىشلەپ چوقۇم ھەر ۋاق.
ۋاھ دەرىغا، ھايات ـ مامات باقمايدىكەن ئەل رايىغا،
نېمە ئارمان سىزدەك ياشاپ، لەپىلدەتسەك قىزىل بايراق.

**(ئاپتور: لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۇيغۇرچە «خەلق ئارمىيەسى» گېزىتىنىڭ سابىق باشلى**

**تېما خەۋەر**

★«يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى» ناملىق كىتاب نەشردىن چىقتى. بۇ كىتاب تەتقىقاتچىمىز مۇھەممەد زۇنۇن تەرىپىدىن يېزىلىپ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان 26 پارچە ئىلمىي ماقالىلەردىن تەركىب تاپقان ماقالىلەر توپلىمى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2011 ـ يىل 8 ـ ئايدا نەشردىن چىقىپ تارقىتىلدى. بۇ ماقالىلەردە ئاپتورنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەھەتتىكى بەزى ئىلمىي ئىزدىنىشلىرى ۋە قاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

★ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەپىقىسى ماھە ـ نۇر قاسىمى يازغان «ئەخمەتجاننى ئەسلەيمەن» ناملىق زور ھەجىملىك ئەسلىمە يېقىندا جوڭگو مەدەنىيەت ـ تارىخ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ ئەسلىمە خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 600 مىڭ خەتتىن ئاشىدۇ. بۇ ئەسلىمە ئۇيغۇرچە يېزىلغان ئارگىنالىغا ئاساسەن ئەدەبىي تەرجىما ـ نىمىز تەلئەت ئىبراھىم (تىلەك) تەرىپىدىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يىغىنى
www.uyghurkitap.com



# مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى

## — نەزەرغوجا ئابدۇسەمەت (ئۇيغۇر بالىسى) ھەققىدە ئەسلىمە

### ماھمۇت زەيدى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان كىشى — نەزەرغوجا بولۇپ، ئۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىغىچە ياشاپ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە سەنئەت ساھەسىگە يېڭى مەزمۇن بەرگەن تالانت ئىگىسىدۇر. ئۇ 1887 ـ يىلى غالچات يېزىسىدا تۇغۇلۇپ 1952 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتى جاغىستايدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ، ھايات سەپىرىدە يېڭىچە ئىجادىيەت ۋە مائارىپ تارىخىمىزدا ئۇنتۇلماس تۆھپە ياراتقان ئاۋانگارت بولغان. (ئۆزىگە «ئۇيغۇر بالىسى» دېگەن تەخەللۇس قويغان. مەرھۇم جاغىستاي «بىرلىك مەكتەپ» ئارقىسىدىكى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان.) بۇ يىل ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 120 يىل بولدى. نەزەرغوجىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئىلى ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن بولۇپ، ئاتىسى 1863 — 1864 ـ يىللاردىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلاڭىغا ئاكتىپ قاتناشقان، ئاشۇ يىللاردىكى مەنچىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىك سىياسىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. سادىر پالۋان، موللا بىلال قاتارلىق يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەرلەر بىلەن زاماندىش ۋە سەپداش بولغان ئىلغار كىشى ئىكەن. شۇ چاغلاردا (19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى) دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ بىرقانچە جايلىرىدا يەرلىك ھاكىمىيەتلەر قۇرۇلغان. ئاشۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ بىرى — ئىلى سۇلتانلىقى ئىدى. بۇ ھاكىمىيەتلەر بىرلىككە كەلمىگەن ۋە بىر تۇتاش مەركەز بولمىغاچقا، ئۇزاققا بارمايلا چەت ئەل جاھانگىرلىرى ئىنقىلابنىڭ مېۋىسىگە ئىگە بولۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئىلىدىكى سۇلتانلىقمۇ، ئىلى ۋىلايىتىمۇ 1871 — 1881 ـ يىللار ئىچىدە چار رۇسىيەنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ قالغان. ئەنە ئاشۇ يىللاردا بىر قىسىم ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەتتە سۇ تەۋەسىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. شۇ قېتىمقى كۆچۈشتە گۈزەل ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ ئابدۇسەمەت ئائىلىسىمۇ يەتتە سۇغا كۆچكەن. كۆچ ـ كۆچ ناخشىسى شۇ چاغلاردا پەيدا بولغانىكەن.

قالدى مىڭ جاپا بىلەن
قۇرغان باغۇبوستانلار.
يۇرت ـ مەھەللىدىن ئايرىلدۇق،
يۈرەكتە قالدى ئارمانلار.

دېگەن ناخشا ـ قوشاقلار شۇ چاغلاردا پەيدا بولغانىدى.

ئابدۇسەمەت ئاكا يەتتە سۇغا كۆچۈپ بېرىپ ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي 1887 ـ يىلى نەزەرغوجا دۇنياغا كەلدى. ئاتا ئۇنى بەش ـ ئالتە ياش ۋاقىتلىرىدىلا خەت ساۋاتقا ئۆگەتتى ۋە تارىخىي ۋەقە، ھېكايىلەرنى سۆزلەپ، ئەسلى ئانا ماكانى ئىلى ۋادىسىگە ئوغلىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. بالىسىنى ئۆسمۈر چېغىدىلا تالا ـ تۈزدە يېتىلەپ يۇرۇپ كۆنچىقىش ياقنى كۆرسىتىپ ئەسلى ئانا يۇرتىمىز ئىلى دەريا بويلىرى دەپ سۆزلەپ بەرگەن. ئىلى دەريا بويلىرىنىڭ گۈزەل تاغ ـ يايلاقلىرىغا ئوغلىنىڭ ھەۋىسىنى ئويغاتقان. ياش بالىنىڭ يۈرىكىدە ئاتىسىنىڭ نەسىھەتلىرى شېرىن ۋە ئۆچمەس نەقىش بولۇپ قالغانىدى. نەزەرغوجا ئون نەچچە ياش ۋاقىتلىرىدا ئىلى ۋادىسىغا بولغان ھېسداشلىقى ئۇرغۇپ تاشتى. كېيىن سادىر پالۋان، نۇزۇ-

گۈملارنىڭ قوشاقلىرىنى ئۆگەنگەن ھەم بۇلار توغرىسىدا ئەسەرلەر يازغان. ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆلكە تارىخىنى ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن ۋە تىرىشىپ ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرى بىلەن تونۇشقان. ئاتىسى ئوغلىنى قازان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقان. شۇنىڭ بىلەن نەزەرغوجا تارىخ ھەم ئەدەبىيات ساھەسىدە مول بىلىمگە ئىگە بولغان. ئۇ 1911 - يىلى رۇسىيەنىڭ قازان شەھىرىدە چىقىدىغان «شورا» ① ژۇرنىلىغا خەت ۋە ماقالىلەر يېزىپ ئەۋەتىپ تۇرغان. مەتبۇئاتتا نەزەرغوجا «ئۇيغۇر بالىسى» دېگەن تەخەللۇسىنى قوللىنىپ ماقالە ئېلان قىلغان. بۇ 1911 - يىلى بولۇپ، «شورا» ژۇرنىلىدا ئۇنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىنى تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ ئەۋەتكەن خېتى ئېلان قىلىنغان. بۇ ئىش باشقىلارنىمۇ ئاجايىپ قىزىقتۇرۇپ «ئۇيغۇر بالىسى»نىڭ ئاما ئىچىدىكى ئابرۇيىنى زورايتقانىدى. كېيىن «شورا» ژۇرنىلى ئۆز سەھىپىسىدە ئايرىم سەھىپە ئېچىپ ئۇيغۇر بالىسىغا جاۋاب يازغان.

«ئۇيغۇر بالىسى»نىڭ ئەسلى ئىسمى - فامىلىسى نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف بولۇپ، كۆپ ھاللاردا ئۇيغۇر بالىسى ياكى ت. ئا. ئۇيغۇر بالىسى دېگەن تەخەللۇسىنى قوللانغان. ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قوللانغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بىر ماقالىسىدا، بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئەسلى قەدىمكى نامى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، كېيىنكى زامانلاردا بۇ نامنى قوللانماي قەشقەرلىك، تۇرپانلىق ياكى ئالتە شەھەرلىك دەپ يۈرگۈزۈلگەن ئەھۋاللارغا قارىتىپ ئەسلى مىللىتىمىزنىڭ قەدىمكى نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

ئۇيغۇر بالىسى «تارانچى تۈركلىرىنىڭ تارىخى» دېگەن رىسالىسىنى يېزىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇ تارىخ ئۆزىمىزدە سىستېمىلىق ئۆگىنىپ چىقىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ رىسالىسى 1922 - يىلى ئالمۇتا شەھىرىدە ئالاھىدە كىتابچە قىلىنىپ (چاغىتاي ئىملاسىدا) بېسىلىپ چىقىدۇ (67 بەتلىك).

ئاپتور بۇ رىسالىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مىللىي تارىخنى ھەربىر مىللەت ئىگىسى بىلىش شەرت ئىكەنلىكىنى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ بولۇپمۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ تارىخنى بىلىش يولىدا ئالتە شەھەر چۆللىرىنى كېزىپ، تۇرپان ھەم قۇمۇل خارابىلىرىنى كولاپ، يەر تېگىدىن چىققان ھەر خىل يوچۇن نەرسىلەردىن تارىخىي مەلۇماتلار يېزىپ، پۈتكۈل ئالەمگە تونۇشتۇرغان ئەھۋالدا، ئۆزىمىزنىڭ تارىخىمىزنى بىلىشكە يېزىپ چىقىشقا كىرىشمىگىنىمىزنىڭ ئۆزى بولمىغۇر بىر ئىش ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. مۇئەللىپ بۇ كىتابچىسىنىڭ مەزمۇنىدا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللارنى بايان قىلىدۇ: مىلادىيەدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى[1] (ئەسلى ماقالىسىدە شۇنداق تارىخىي ماتېرىياللاردا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردە جاڭ چيەن غەربىي دىيارغا كەلگەن (تەييارلىغۇچىدىن)، جۇڭگونىڭ مەشھۇر سەيياھى جاڭ چيەننىڭ غەربىي دىيارغا كەلگەنلىكىنى، كېيىن شۈەنزاڭنىڭ بۇددا نوملىرىنى ئېلىشقا كېلىپ، شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا بارغانلىقىنى قاتارلىق ۋەقەلەرنى تىلغا ئالىدۇ. شۈەنزاڭنىڭ مۇزاتتىن ئۆتۈپ ئىلىغا كەلگەنلىكىنى، يەتتە سۇ ئەتراپلىرىدا ساياھەتتە بولغانلىقى، ئىلى ھەم يەتتە سۇ ئەتراپلىرىدا ياشىغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەئىشەت ھەم مەدەنىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلارنى يازغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

ئۇيغۇر بالىسى مىلادىيەدىن كېيىنكى غەربىي دىيارنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ئۈستىدە كونكرېت توختىلىدۇ. 5 - ۋە 7 - ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەھۋالى، 8 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر خانلىقى ۋە بۇ خانلىقنىڭ ئىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، 9 - ئەسىردىكى قەشقەر، (بالاساغۇن)دىكى قاراخانىيلار خانلىقى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىقلار ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر بالىسى بۇ ئەسىردە ئەينى زامانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ جاھان تارىخىدا شۆھرەتلىك ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، كېيىنكى زامانلاردا خارابلاشقانلىقىنى، بۇنداق بولۇشنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلىرىنى بىر قاتار دەلىللەر بىلەن كۆرسىتىدۇ.

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف ئوغلى «ئۇيغۇر بالىسى» 1914 - يىلى «بىزنىڭ تۇرمۇش» تېمىسىدا بىر ماقالە يېزىپ، بۇ ماقالىسىدە، شۇ يىللاردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ تۇرمۇشىدىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلىي بايان

قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق يازىدۇ: بىر ئۇيغۇر (دېھقان) تۇرمۇشتا قەرزگە بوغۇلۇپ، ئەزىز بالىسىنى غەيرىي ئېتىقادتىكى كىشىگە ساتقان ھەمدە خوتون - قىزلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلالمىغانلىقى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ناموات، كۈن كەچۈرۈش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، مۇسۇلمانچىلىق بىلەن ئادەمگەرچىلىكنىڭ بىردەكلىكىنى بىلمەي خۇراپاتلىققا پېتىپ، زاماندىن خەۋەرسىز قالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ، ئاقسۇدىكى ئەھۋال كىشىنى تولىمۇ ئۈمىتسىزلەندۈرىدۇ، ئىستىقبالىدىن قايغۇرغۇزىدۇ، — دەيدۇ. قەشقەر ھەققىدە توختاپ، قەشقەرنىڭ بىرقەدەر تەرەققىي قىلغانلىقى، بۇ يەردە مۇسابايوف ھەم ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرى يېڭى مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويغاچقا، خەلق ئاممىسى ئويغىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھال ئىنقىرازدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. شۇڭلاشقا، پۇقرالاردىكى نادانلىق، روھى دۇنيادىكى خۇراپاتلىق كېسىلىنى داۋالاشقا تېۋىپلار ھەر تەرەپتىن يېتىشكەن ئالىملارنىڭ بولۇشىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. مۇھىمى ياشلارنى تەربىيەلەپ، مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، سۆزدىن كۆرە كۆپرەك ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىشقا ئۆگىتىش كېرەك. مۇنداق بولماي، مەكتىپىمىزدە ئۆگەنگەنلىرى ئەمەلىي ئىشلارغا ياردەم بەرمىسا، قۇرۇق پەلسەپە سېتىش بىلەن ئېنىقرازدىن قۇتۇلالمايدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر بالىسى بۇ ماقالىسىدە قەشقەردە كۆرگەن بىر ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى مىسال قىلىدۇ: ئاپتور قەدىمدىن بۇيان بىزدە موللىلار كۆپ. ئەل ئىچىدە موللا كىشى يېرىم كىشى دېگەن سۆز بارلىقىنى، ئەمدى موللىلار يېرىم ئادەم بولماي، پۈتۈن ئادەم بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. ئۇيغۇر ئاھالىسى شۇ يىللاردا ئۆز ئەجدادلىرىنى ئۇنتۇغان بولۇپ، سەن كىم؟ دېسەڭ، مەن مۇسۇلمان، دەيدۇ. سېنىڭ ئېتىقادىڭنى سورىمىدىم، مىللىتىڭ كىملىكىنى سوراۋاتىمەن، دېسەڭ، مەن چەنتۇ، دەيدۇ. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق، دەپ كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر خەلقىگە ئۆز نەسەبلىرىنى بىلىپ ئېلىشقا ئۈندەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك. نەزەرغوجا ئۆزىگە «ئۇيغۇر بالىسى» دېگەن نامنى 1911 - يىلىدىن باشلاپ قوللىنىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ساھەسىدە بىر قاتار مۇھىم ئىشلارنى ئورۇنلىغان.

ئۇيغۇر بالىسى 1910 - يىلىدىن 1918 - يىلىغىچە رۇسىيەنىڭ قازان ئۆلكىسىدىكى مەدەنىيەتلىك تاتار مەتبۇئاتىدىن ئۆگىنىپ، ئۇ يەردىكى «شورا»، «يېڭى يول» ھەم «يۇلتۇز»، «ۋاقىت» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارنى ئىدىتلىق ئوقۇپ تۇرغان ۋە بۇلارغا ئىلغار كۆز قاراشلاردىكى تەكلىپ، ماقالىلەرنى يېزىپ ئەۋەتىپ، خەلق ئاممىسىنى مەرىپەتلىك، مەدەنىيەتلىك بولۇشقا ئۈندىگەن. بۇ ئەھۋال بىزنىڭ دىققەت - ئېتىبارىمىزنى تولىمۇ جەلىپ قىلىدۇ. ئاشۇ يىللاردا ئۇنىڭ «شورا» سەھىپىسىدىكى ئېلان قىلغان ماقالىلىرى 20 نەچچە پارچىغا يېتىدىكەن. ئۇ «شورا»نىڭ ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت بەزىبىر ئېنىق بولمىغان، خاتا يېزىلغان جايلىرىغا ئۆزىنىڭ ئېنىق پىكىرلىرىنى يېزىپ ئەۋەتىپ تۇرغان. مەسىلەن، 1911 - يىلىدىكى «شورا»نىڭ 18 - سانىدا «غۇلجا سۇلتانلىقى ۋە تارانچىلار كىملەر» ناملىق بىر ماقالە بېسىلغان ئىكەن. ئۇيغۇر بالىسى ئۆز ئىمزاسى بىلەن شۇ ماۋزۇ ئاستىدا ئۇنىڭدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىپ بىر پارچە ئوبزور يېزىپ ئەۋەتكەن. شۇنىڭدەك، «چىنىي تۈركىستان سارتلىرىنىڭ مىللىي تارىخى ھەققىدە» ماقالە يېزىپ، ئۇيغۇر بالىسى ئىمزاسىدا «شورا»نىڭ 1911 - يىلىدىكى 20 - سانىدا ئېلان قىلدۇرغان.

ئۇيغۇر بالىسى ئىمزاسىدا يەنە 1911 - يىلى «شورا»نىڭ 13 - سانىدا «تارانچىلاردا مۇئەللىم ۋە مەكتەپ مەسىلىسى قانداق» دېگەن سەرلەۋھەدە بىر ماقالە ئېلان قىلغان. بۇنىڭدا يېڭىچە مەكتەپ — مائارىپنىڭ ئاھالىنى، ئاقارتىشتىكى رولىنى، كونا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىكى سەۋەنلىكلىرىنى، دوگما، قارىيلارچە تەربىيەلەشنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى تەنقىد قىلغان. ئۇ بۇ ماقالىسىدە ئۆز ۋاقتىدىكى «ئېلى ۋىلايەتى گېزىتى»نىڭ بۇ توغرىسىدىكى ماقالىسىدىن نەقىل كەلتۈرگەن. بۇ ماقالىدا غۇلجىدىكى مۇسا بايىۋلار بىلەن ھۇسەيىن باباييۋلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى مەدھىيەلەپ، مۇشۇنداق زاتلارنىڭ كۆپلەپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلغان.

نەزەر غوجا (ئۇيغۇر بالىسى)نىڭ ئەسەرلىرى 1910 - يىلىدىن 1918 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تاتارلارنىڭ «قازان» شەھىرىدە نەشر قىلىنغان «شورا»، «تىل يارتىش» قاتارلىق ژۇرنال سەھىپىلىرىدە

بېسىلىپ تۇرغان. تارىخىي تېمىدىكى ماقالىلەردىن تۆۋەندىكىلەرنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

1. چىنىي تۈركىستان سارتلىرىنىڭ مىللىي تارىخى ھەققىدە بىر رىجە. (1911 ـ يىل، «شورا» 21 ـ سا
2. چىڭگىز سۆزى ھەققىدە 1912 ـ يىلى «شورا» 18 ـ سان)؛
3. ئۇچتۇرپان شەھىرىدىن ئالتە مىڭ ئائىلىنى غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈرۈش 1912 ـ يىل، شورا، 6 ـ سا
4. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىم تارقىتىش ھەققىدە مۇلاھىزىلەر (1912 ـ يىل، شورا، 11 ـ سان)؛
5. قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام قوبۇل قىلىشى ۋە كونا كىتابلار (1913 ـ يىل. «شورا» 11 ـ سان
6. مەجۇسلەر ئاچارچىلىقتىن ساقلىنىش (1914 ـ يىل. شورا، 23 ـ سان)؛
7. مىللىي تارىخقا دائىر تۇرلۇك مەسىلىلەر. (كاڭشۇينىڭ 14 ـ يىلى 4 ـ ئاي)؛
8. ئالتە شەھەرگە سەپەر (يول خاتىرىسى. 1914 ـ يىل)؛
9. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تارىخى (1915 ـ يىل «شورا» 3 ـ سان)؛

بۇنداق ماقالىلەرى 20 نەچچە پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ، ئەينى يىللاردا بۇ ژۇرنال شىنجاڭ
ھەرقايسى ۋىلايەت ناھىيەلىرىگىمۇ كېلىپ تۇرغان. ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئېچىدە ئاجايىپ قىزىقىش پ
قىلغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شەخسى كۇتۇپخانىسىدا «شورا»، «يېڭى يول»، «يۇلتۇز» قاتارلىق ژۇرنال
نىڭ يىللىق سانلىرى بولۇپ، بۇ نەرسىلەرنى سىراجىدىن زەپەر، مۇھەممەت زەيدى، ئىبرائىم مۇت
قاتارلىقلار ئارىيەتكە ئېلىپ كۆرۈپ، ئوقۇپ كۆپ مەنپەئەتدار بولغان. «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسىد
ماقالىلەردە نۇقتىلىق ھالدا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار تارىخى، مەدەنىيىتى ھەم ئۆرپ ـ ئادىتى مەسىلىل
كونكرېت يېزىلغان بولۇپ، ھەرقايسى ئەللەردىكى جامائەتچىلىكنىڭ زور دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغا

1917 ـ يىلى رۇسىيەدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي غەلىبە قازاندى. بۇ يىللاردا لېنىن رەھبەرلىكىد
سوۋېت تۈزۈمىنى يەتتە سۇ ئەتراپلىرىدا يولغا قويۇش خىزمەتلىرىدە ئۇيغۇر بالىسى ئاكتىپ رول ئوين
غان. يېڭى مەدەنىيەت قۇرۇش، خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ سوۋېت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەمل
كۆرەشلىرىدە، شۇ جاپالىق يىللاردا نەزەرغوجا (ئۇيغۇر بالىسى) ئىجتىمائىي، سىياسىي پائالىيەتل
ئاۋانگارتلىق رول ئويناشتىن باشقا، ئەدەبىي پائالىيەت ساھەسىدىمۇ يېڭى ـ يېڭى تېمىلارنى ئوتتۇر
قويۇپ، ئۆزى باش بولۇپ يېزىپ «كۆمەك»، «كەمبەغەللەر ئاۋازى» (1921 ــ 1930 ـ يىللاردا) گېزىت
ئېلان قىلغان. «مەزلۇم ياشلارنىڭ زارى» ۋە «ئىنقىلابچى ئۇيغۇر ياشلىرىدىن»، «مەنسەپكە»، «خان تەڭر
قاتارلىق شېئىرلىرى، «ۋىسال» تېمىسىدىكى نەسرى، «تۆت كوچا ئېغىزىدا» دېگەن فېلىيەتونى، «كىچ
كىنە رىزا» تېمىسىدىكى ھېكايىسى، «ئوماق بىلەن ئامراق» ناملىق ھېكايىسى بىلەن «نۇزۇگۇم» تېمىس
دىكى پوۋېستى مەزمۇنى يېڭى، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ۋە تىلى ئاممىباب ئەسەرلەر بولۇپ، يېڭى ئۇيغۇر يا
ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغاندى②. (بۇ ئەسەرلىرى چاغتاي ئۇيغۇر ئىملاس
نەشر قىلىنغان)

ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدىكى يېڭى ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقىدا ئەينى زاماندا ئۇيغۇر زىيالىلىرى
چاغدىكى ئۆزبېك ئەدەبىياتىدىكى قەلەمكەشلەردىمۇ ئىلگىرى تۇراتتى. يەتتە سۇ ۋىلايىتىدە نەشر قىلىنغ
«ژىتى سۇ خەلق مۇخبىرى» (1918 ـ يىل)، ، «كۆمەك» (1918 ــ 1919 ـ يىلى)، «ئۇچقۇن» (920
يىل)، «يۇقرا» (1921 ـ يىل)، «كەمبەغەللەر ئاۋازى» ( 1921 ــ 1930 ـ يىل)، «ياش ئۇيغۇر» 1922
يىل)، «بىرىنچى چامدام» ( 1924 ـ يىل نەشر قىلىنغان توپلام) قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللار پۈت
ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقىلىپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئاجايىپ مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ تو
ۋە بۇ گېزىت ـ ژۇرناللاردا نەزەر غوجا (ئۇيغۇر بالىسى)نىڭلا ئەسەرلىرى بېسىلىپ قالماستىن، ئابل
مۇھەممەت نۇر ئىسرائىل، تۇردى ھەسەن قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى، قازاق شائىرلىرىنىڭ ئەس
لىرىمۇ بېسىلىپ تۇرغان. بۇ چاغدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى ئەسەرلەر مەلۇم مەنىدە ئۆزىنىڭ ئا
تارىخىي بۇرۇلۇش يىللىرىنى بىلىشتە ئەينەكلىك رولىنى، ئۆز قىممىتىنى ھازىرمۇ يوقاتمىدى دېيىش
بولىدۇ.

نەزەرغوجا (ئۇيغۇر بالىسى)نىڭ 1925 ـ يىلى ئالمۇتادىكى زارۋات ناملىق مەكتەپ ھەۋەسكارلىرى تەرىپىدىن سەھنىلەشتۈرۈلگەن «نۇزۇگۇم» درامىسى ئۇيغۇر يازغۇچىسىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئابرۇيىنى ئاشۇردى. تۈپ ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر بالىسى ئەسەرلىرى يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى يول ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ۋەقەلىكى پۈتۈنلەي دېگىدەك ئىلى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھاياتىدىن ئېلىنغان تىپىك ئەھۋاللار ئىدى.

**«ئوماق بىلەن ئامراق»نىڭ تۇنجى نەشرى** ئۇيغۇر بالىسىنىڭ بەزى ئەسەرلىرى دەسلەپ شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان. «ئوماق بىلەن ئامراق» تېمىسىدىكى ھېكايىنى 1921 ـ يىلى غۇلجىدىكى ھۈسەيىن يۇنۇس مەتبەسى بېسىپ كىتابچە قىلىپ تارقاتقان. بۇ ئەسەردە يارىتىلغان پېرسوناژلار ئوبرازى ئەينى يىللاردا ئىلى ئۇيغۇر ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن يەتتە سۇ تەرەپكە كۆچۈرۈلگەن پاجىئە ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ئاجايىپ ئېچىنىشلىق ئىپادە قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ غۇلجىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ھازىر ئالمۇتادىكى ئۇيغۇر يازغۇچىسى جامال بوساقوفنىڭ شەخسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر بالىسى ئىمزاسىدا بېسىلغان بۇ رىسالىنىڭ غۇلجىدا بېسىلىپ، ئالاھىدە كىتابچە شەكلىدە تۈپلىنىپ تارقىتىلغانلىقى ھەققىدە يېقىنقى يىللاردا قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پىروفېسسورى ساۋۇتجان موللا ئاۋۇت ئالاھىدە ماقالە يېزىپ 1985 ـ يىلى «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە ئېلان قىلغان ئىدى. ساۋۇتجان موللا ئاۋۇتوفنىڭ ئىگەللىشىچە ئەينى زاماندا ئۇيغۇر بالىسى بۇ ھېكايىسى توغرىسىدا ئىلىدىكى ھۈسەيىن يۇنۇس بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشىپ تۇرغان ۋە كېيىن بۇ ھېكايىسىنى غۇلجىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. ئۇ چاغلاردا ئۆزبېك، قازاق، مەتبۇئاتلىرىنى لاتىنلاشتۇرۇش يېڭىدىن باشلانغان بولۇپ، بۇرۇندىن قوللىنىپ كەلگەن ئۇيغۇرچە يېزىق ئاساسىدىكى مەتبەئە (چاغىتايچە دەپ ئاتالغان ئىملا) چەتكە قېقىلغان بىر مەزگىل ئىدى. ئاپتور ۋە مەتبەئە ئىگىسى خەلق ئاممىسىنىڭ رايىنى كۆزدە تۇتقانمۇ، ئەيتاۋۇر بۇ ھېكايىنى ئىلگىرىكى ئىملا بويىچە نەشر قىلىشنى ئەۋزەل كۆرگەن. ئۇيغۇر بالىسى شۇ قېتىم غۇلجىغا يەنە بىرمۇنچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللارنىمۇ ئەۋەتىپ بەرگەنىكەن.

ئەينى زاماندا، يەنى 1924 ـ يىلى ئالمۇتا شەھرىدە ئۇيغۇر بالىسىنىڭ «ئوماق بىلەن ئامراق» ھېكايىسى غۇلجىدا بېسىلغان. 1912 ـ يىلىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن (ئىككى قېتىم) بېسىپ چىقىرىلدى. 1922 ـ يىلى ئۇيغۇر بالىسىنىڭ «نۇزۇگۇم» ۋە «تارانچى تۈركلىرىنىڭ تارىخى» ناملىق ئىككى نەسىر ھەم ئالمۇتادىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ ۋىلايەتلىك بيۇروسى تەرىپىدىن چاغىتاي ئۇيغۇر ئىملاسىدا نەشر قىلىنغان بۇ ئەسەرلەر 20 —— 30 ـ يىللاردا چۆچەك شەھرىدە مىرىۋسۇپ كىتابخانىسىغا، ئۈرۈمچىدە ھەيدەر سايرانى كىتابخانىسىغا قويۇلغان بولۇپ، شۇ يىللارنىڭ كىشىلىرى مەرۇپ سەئىدى، ئايۇپ مەنسۇرى ئارۇپ قاسىمى، تاھىر بەگ، يۇنۇسبەگ ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار كۆپ پايدىلانغان. نەزەر غوجا ئابدۇسەمەت (ئۇيغۇر بالىسى)نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يېڭى بىر باسقۇچقا باشلىنىشىدا، ئۇنىڭ ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشىدىن ئىلگىرىكى (1917 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابىدىن) « «شورا» ژۇرنىلىدىكى ماقالىلىرى، شۇنداقلا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سوۋېت دەۋرىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللىرىدىكى ھەر خىل ئەسەرلىرى مۇھىم رول ئوينىدى. ئومۇمەن 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا «شورا» ۋە سوۋېت مەتبۇئاتى ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينىدى. 1910 —— 1913 ـ يىللاردىكى «ئىلى ۋىلايىتى گېزىتى» ۋە 1920 ـ يىللاردىكى «ئىلى دەرياسى» ۋە چۆچەكتە «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتى ھەمدە قەشقەردىكى 1919 —— 1930 ـ يىللار) «ئاڭ»، «يېڭى ھايات» گېزىتى ساھەسىدىكى مۇخبىر مۇھەررىر «شورا» ئارقىلىق ئۇيغۇر بالىسىدىن، «كەمبەغەللەر ئاۋازى گېزىتى» ئارقىلىق يەنىلا ئۇيغۇر بالىسىدىن چوڭقۇر ئىلھام ۋە ئۆرنەكلەر ئالغان. شۇڭا، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى تۈزگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»دا نەزەرغوجىغا تېگىشلىك باھا بېرىلدى.

**ئانا يۇرتىغا قايتىپ كېلىش** نەزەرغوجا (ئۇيغۇر بالىسى) كېيىنكى ئۆمرىنى ئانا يۇرتىدا ئۆتكۈ-

زۇشنى ئارزۇ قىلغان. 40 يىللىق ھاياتىدا ماددىي ۋە مەنىۋى ساھەلەردە بەلگىلىك نەتىجىلەر ھاسىل قىلغان بولسىمۇ③، كۆڭلىگە پۈككەن غايىسىگە يېتەلمىگەنلىكىنى، چوڭقۇر ھېس قىلدى. 1924 - يىلى لېنىن ۋاپات بولۇپ، شۇ يىلى دېكابىردا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەر قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن نەزەرغوجا غايە، ئىقبالىم شىنجاڭدا ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئۇ يەردە باغ بىنا قىلىپ، ئەۋلادلىرىمغا تۆھپە قالدۇرىمەن، دەپ ئويلىدى ھەم 1929 - يىلى كۈزدە 42 يېشىدا ئائىلىسىنى ئېلىپ ئىلى ۋىلايىتىگە كۆچۈپ كەلدى. ئۇ، جاغاستاي يېزىسىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىدى. نۇرغۇن ماقالە - ئەسلىمىلەرنى يازدى. «خوشتورخان» تېمىسىدىكى داستانى ۋە «دىلموك تاغ باغرىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى قىزغىن ئالقىشلاندى. ئۇ، جاغاستايدا بىر مەكتەپ قۇرۇش يولىدا ئىزدەندى.

ئۇنىڭ پىلانلىشى ۋە نۇرغۇن ئىقتىساد سەرپ قىلىشى، كوللېكتىپنىڭ كۈچ چىقىرىشى ئارقىلىق 1932 - يىلى ئۆكتەبىردە بىرىنچى كورپۇس ئاستى - ئۈستى تاختايلىق، دېرىزىلىك ئالتە سىنىپلىق مەكتەپ بىناسى قەد كۆتەردى. بۇنىڭغا «بىرلىك مەكتەپ» نامى بېرىلدى. بۇ مەكتەپ شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن بالىلارنى تەربىيەلىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ شەرىپىدىن، ئۆمەر ئابابەكرى ئىسلام، يۇسۇپ ئىلياس، ھوشۇر ئىسلام، ئابدۇرەھىم ئەيسا، ھەبىبۇللا يۇنۇس قاتارلىق سانسىز ئىقتىدارلىق ياشلار نەزەرغوجىنىڭ تەسىرىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، خەلقىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك تۆھپە ياراتقانلار بولدى. بۇ مەكتەپ يىلدىن - يىلغا روناق تاپتى. 1940 - يىلدىن باشلاپ مەكتەپ سەھنىسىدە نەزەرغوجىنىڭ «ئوماق بىلەن ئامراق» ۋە «نۇزۇگۇم» ناملىق ئەسەرلىرى سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، تىياتىر ساھەسىدە يېڭى دولقۇن كۆتۈرگەندى. 1944 - يىلى ئويغانغان جاغاستاي خەلقى بۇ مەكتەپ يېنىغا يەنە بىر كورپۇس تۆت سىنىپلىق بىنا سالدى. قىسقىسى، نەزەرغوجا ئابدۇسەمەت (ئۇيغۇر بالىسى) باشلىغان خەيرلىك قەدەم ئۈزۈلۈپ قالمىدى. ئۇ ياندۇرغان مەرىپەت مەشئىلى بۈگۈنگە قەدەر داۋاملاشماقتا.

2002 - يىلى بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى جاغاستايدا داغدۇغىلىق خاتىرىلەندى. مەكتەپ بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي مۇساپە يورۇتۇپ بېرىلگەن مەخسۇس توپلام قاتناشقۇچىلارغا تەقدىم قىلىندى. كىتابقا مەكتەپتە ئىشلىگەن ۋە ئوقۇغانلارنىڭ سۈرەت ۋە تىزىملىكى بېرىلگەن④. (بۇ مەكتەپتە 21 سىنىپ بولۇپ، 40 نەپەر خىزمەتچى 640 ئوقۇغۇچىسى بار، بۇنىڭ ئالتە سىنىپى خەنزۇچە ئوقۇغۇچىسى 187 نەپەردۇر.) تۇنجى مەرىپەتپەرۋەر ئۇستاز نەزەرغوجا ئۇيغۇر بالىسىنىڭ سۈرىتى ۋە تەرجىمىھالى بايان قىلىنغاندى.

**يىللارنىڭ سىرى ۋە تارىخنىڭ ھۆكمى** 1920 - يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى يېزىپ ئېلان قىلىش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيتتى. بۇ يىللاردىكى نەزەرغوجا ئېلان قىلغان ماقالە، ئۇتۇقلار ئاممىنى يېتەكلەپ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەشتە، يېڭى سوۋېت مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا باشلامچى بولدى. سوۋېت مەتبۇئاتى ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى يۇقىرى باھالاپ ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئوردېنمۇ بەرگەن. ئۇنىڭ بەزى ھېكايە، فېلىيەتونلىرىغا قارىتا ھەر خىل ئىنكاسلار بولغان. ئايرىم نۇتۇقلىرى ئۈستىدە تەنقىدلەر بولغان. ئۇ، سوۋېت تەۋەلىكىدىن ئايرىلىپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىدە خىلمۇخىل سۆز - چۆچەكلەر بولغان. 1930 - يىللاردا ستالىن يۈرگۈزگەن سول سىياسىي ھەرىكەتلەر، خۇسۇسەن مىللىي زىيالىلارنى مىللىي مەسىلىدە ئەيىپلەپ، ھەر خىل قالپاقلارنى كىيدۈرۈپ، ئۇيغۇرلاردىن كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەردىن ئابدۇللا روزىباقى، ئابلەي مۇھەممەت، قادىر ئاشۇرۇپ قاتارلىقلارنى باستۇرغاندىن كېيىن نەزەرغوجا ئۇيغۇر بالىسىنىڭ نامىمۇ، ئۇنىڭ تۆھپىلىرىمۇ يوققا چىقىرىلدى. قىسقىسى، ئۇنى قوللىغۇچىلار تەقىپ قىلىندى. شۇنداق بولسىمۇ، كىشىلەرگە ياخشىلىق ئىزدىگۈچىلەر خەلقىنىڭ قەلبى خاتىرىسى ۋە يىللارنىڭ كالېندارىدا ئۇنتۇلمايدىكەن.

1980 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا گورباچېۋ ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى تەپەككۇر، ئىسلاھاتنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆتكەنكى تارىخنىڭ سىرى ئېچىلدى. مەسىلىلەرگە قايتا باھا بېرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ نەزەرغوجا بالىسىنىڭ ئېزگۈ ئىشلىرى يېڭىۋاشتىن ئېتىراپ قىلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلدى. تۆھپەلىرى مەتبۇئاتلاردا بايان قىلىندى. تارىخ ئادىل ھۆكۈم چىقاردى. خەلق رازى بولدى.

1989 ـ يىلى مەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ساياھەتتە بولغان چاغلىرىمدا ئالمۇتا ۋە تاشكەنت شەھەرلىرىدە ئۇيغۇر يازغۇچى، ئالىملىرىدىن روزى قادىرى، پاتىگۇل سابىتوۋاغا، يەكيا تاھىر، سېيىتجان سېتشوف، تۇرسۇن قاھارى قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پېشقەدەملىرى ئۇستىدە، بولۇپمۇ نەزەرغوجا ئۇيغۇر بالىسى ھاياتى توغرىسىدا سۆزلەشتۇق. مۇھەمراق شۇ يىلى 8 ـ ئايدا نەزەرغوجا ئۇيغۇر بالىسىنىڭ كۈيئوغلى شاۋۇدۇن ئايۇپ بىلەن بۇ ھەقتە تەپسىلىي پىكىرلەشتۇق. ئۇيغۇر بالىسىنىڭ ئەدەبىي ھاياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى ئالماشتۇردۇق ۋە بۇ ماتېرىياللارنى تولۇقلاپ نەشر قىلىش ھەققىدە كېڭەشكەن بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئاكا ـ ئۇكا ئايۇپلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا نەزەرغوجا ئۇيغۇر بالىسىنىڭ ئەسەرلەر توپلىمى «يورۇق ساھىللار» نامىدا (ئالمۇتا شەھىرىدە) 1991 ـ يىلى نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ماقالىلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇ ماقالىلەر (شېئىر، فېلىيەتونلار) ئەينى زاماندىكى تارىخىي ئەھۋاللارنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگىدۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 20 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشى — ئېتنوگرافىيەسىنى بىلىشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال بولالايدۇ.

**2007 ـ يىل، يانۋار، ئۈرۈمچى**

**ئىزاھاتلار:**

① «شورا» ژۇرنىلى، قازان شەھىرىدە 1909 ـ يىلدىن 1920 ـ يىللارغىچە نەشر قىلىنغان، ئايدا ئىككى سان چىقىدىغان پەننىي، ئەدەبىي ۋە ئومۇمىي سىياسىي ژۇرنال، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە ئورتاق تىلدا ـ چاغىتاي ئۇيغۇر ئىملاسىدا كۆپ تىراژلىق چىقىپ تۇرغان. بۇ ژۇرنالغا دۇنيا كىلاسسىكلىرىنىڭ ۋە رۇس، ئېنگلىز، تۈرك، تاتار، ئەرەب قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ماقالىلىرى ۋە مەشھۇر كىشىلىرى، كەشپىياتلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ تۇرغان. نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتنىڭ «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسلۇق ماقالىلىرى ۋە ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىقلارنىڭمۇ ماقالىلىرى بېسىلىپ تۇرغان. (بۇ ھەقتە 1966 — 1976 ـ يىللاردا تاشكەنتتە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ نەشر قىلغان «ئۆزبېك قامۇسلىرى» سەھىپىسىدە ئېنىق مەلۇماتلار بېرىلگەن.)

② «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن 5 توملۇق كىتاب. 2006 ـ يىل بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان.

③ ئۇيغۇر بالىسى مەنىۋى ھەم ماددىي جەھەتلەردە تۆھپە ياراتقانلىقىنىڭ مىساللىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇيغۇر بالىسى 1920 ـ يىلى غالجات يېزىسىدا «قوشچىلار تەشكىلاتى رەئىسى» ۋە كېيىن كوپىراتسىيەلەشتۈرۈشنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، شۇ ئاچارچىلىق يىللاردا دېھقانلار تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئۇ سۇغۇرۇش قىيىن بولغان بوز يەرلەرنى ئېچىپ ئۆزلەشتۈرگەن يېرى بىر يېرىم گېكتار بولغان. سۇغۇرۇش ئۈچۈن ئېدىرلىقلاردىن 100 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چېپىپ، 20 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سېمونت ئۆستەڭ قۇرۇپ، سۇنى ئېتىزلىققا باشلاپ كەلگەن. بۇ كولخوز ئۈچۈن مول ھوسۇل بەرگەن. ئاما بۇنىڭدىن كۆپ رازى بولۇپ «نەزەرغوجا ئۆستىڭى» دەپ نام قويۇپ كېيىنكى يىللارغىچە شۇنداق ئاتىغان. نەزەرغوجا ئۇستا بىناكار بولۇپ، ئۆي ـ ئىمارەت سېلىش ۋە تام ـ تورۇسلارنى نەقىشلەش ھۈنىرى بار ئىكەن. ئۆي بېزەكچىلىكىگە دائىر نەقىش، گۈل نۇسخىلىرى 60 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇلار ھازىرغىچە سانكىت پېتىربورگتىكى تارىخ ۋە ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا ئىكەن. (ئالمۇتا، «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتى. 1991 ـ يىلى 6 ـ دېكابىر سانى 2 ـ بەتتە).

④ «ئەۋلىيا چوققا ئېتىكىدىكى مەرىپەت بۇلىقى» 86 ـ، 87 ـ بەتلەر، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان. 2003 ـ يىل يەنە، شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى، 2003 ـ يىلى 7 ـ كۈندىكى سان.

**(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پېنسىيونېرى)**

# بىر جۈپ قىزىلگۈل — رىزۋانگۈل ناسىرىۋا بىلەن رىزۋانگۈل ھاشىم

ئامان نۇرى ئابدۇرۇسۇل

رىزۋانگۈل ناسىرىۋا 1927 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. يەتتە يېشىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1935 ـ يىلى 9 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرىدىكى ئۈمىد مەكتىپىنىڭ تەييارلىق سىنىپىغا كىرىپ ئوقۇپ، 1941 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شۇ مەكتەپنىڭ 6 ـ سىنىپىنى تۈگەتكەن. رىزۋانگۈل ناسىرىۋا 3 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئۇلارغا بىر قىز ئوقۇغۇچى كېلىپ قوشۇلىدۇ. ئۇ ئالدىنقى سىنىپلارنى غۇلجا شەھەر شەرق مەكتەپتە ئوقۇپ، ئاندىن بۇ مەكتەپكە كەلگەنىدى. بۇغداي ئۆڭ، قاڭشارلىق، چېچىنى ئوغۇلچە ياسىتىۋالغان بۇ قىز ئۆزىنىڭ تېتىكلىكى ۋە ئەقىللىقلىقى بىلەن باشقا قىزلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى.

بۇ قىز — رىزۋانگۈل ھاشىم. 1927 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستى چېلەك رايونىدا تۇغۇلغان. دادىسىنىڭ ئىسمى ھاشىماخۇن، ئانىسىنىڭ ئىسمى مەريەمخان ئىدى. 1932 ـ يىلى رىزۋانگۈل بەش ياش ۋاقتىدا ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا كېلىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ پۇشايمان مەھەللىسىگە ئورۇنلاشقان. ئۇ دەسلەپتە شەرق مەكتەپتە ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈمىد مەكتىپىگە ئالمىشىپ كەلگەن. رىزۋانگۈل ناسىرىۋا بىلەن رىزۋانگۈل ھاشىم بۇ سىنىپتا ئاستا ـ ئاستا تونۇشقان. بىللە يۈرۈپ، بىللە ئوقۇپ، بىللە توپ ئويناپ بارغانسېرى يېقىن دوستلارغا ئايلانغان. بىر جۈپ رىزۋانگۈللەر دەرستە ناھايىتى تىرىشچان ئىدى. مۇئەللىملەرمۇ ناھايىتى تەلەپچان ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا بىر جۈپ رىزۋانگۈللەرنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا مەكتەپ ۋالىبول، ۋاسكېتبول كوماندىلىرىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ قالغان.

1941 ـ يىلى بىر جۈپ رىزۋانگۈللەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك قىزلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. رىزۋانگۈل ھاشىم بۇ مەكتەپنىڭ بوغالتىرلىق سىنىپىدا ئوقۇپ، 1943 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ غۇلجىغا قايتىپ كەتكەن. لېكىن، رىزۋانگۈل ناسىرىۋانىڭ ئائىلىسى ئۈرۈمچىدە بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ ئۈرۈمچىدە قالغان. ئۇ يىللاردا دادىسى مەرۇپ ناسىرى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قارىمىقىدىكى ئۇيغۇر تىياتىرىدا ھەم ئارتىس ھەم مۇزىكانت بولۇپ ئىشلەيتتى.

رىزۋانگۈل ناسىرىۋا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. رىزۋانگۈل ھاشىم غۇلجىغا قايتىشتىن بۇرۇن رىزۋانگۈل ناسىرىۋانى ئىزدەپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقىلى مەكتەپكە كېلىدۇ. ئىككى رىزۋانگۈل قىزغىن پاراڭغا چۈشىدۇ.

— رىزۋانگۈل مۇئەللىم بۇ قىز بالا سىزنىڭ دوستىڭىزمۇ؟ — پېشانىسى كەڭ، كۆزلىرى چوڭ ـ چوڭ، ئوماققىنە بىر كىچىك ئوقۇغۇچى سورايدۇ.

— ھەئە، مېنىڭ دوستۇم. دوستۇم بولغاندىمۇ ئەڭ يېقىن دوستۇم، بۇ قىزنىڭ ئىسمىمۇ رىزۋانگۈل!

— قىزىق ئىكەن، ھەر ئىككىڭلارنىڭ ئىسمى رىزۋانگۈل ئىكەن، — كىچىك ئوقۇغۇچى گەپ قىستۇردى.

— بۇ نېمىدېگەن ئەقىللىق بالا ـ ھە! بۇ بالا چوڭ بولسا چوقۇم نامى بار ئادەم بولۇپ چىقىدۇ، — دېدى رىزۋانگۈل ھاشىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، — دەيدۇ رىزۋانگۈل ناسىرىۋا. ئاندىن ئوقۇغۇچىغا دوستىنىڭ غۇلجىغا مېڭىشتىن بۇرۇن ئۆزى بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ.

رىزۋانگۈل ھاشىم 1943 ـ يىلى كۈزدە غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، ۋىلايەتلىك پوچتىخانىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. رىزۋانگۈل ناسىرىۋامۇ 1944 ـ يىلى باھاردا، غۇلجىغا ئالمىشىپ ئۆزى ئوقۇغان ئانا

مەكتىپى — «ئۈمىد مەكتىپى»گە مۇئەللىم بولغان. شۇ چاغلاردىمۇ بۇ بىر جۈپ رىزۋانگۇل پات - پات بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرغان.

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تاڭ سەھەردە غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمىدا مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىغان. دۇكانلار تاقىلىپ، مەكتەپلەردە دەرس توختىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەممە ئىش ئالدىنقى سەپكە قارىتىلغان. ئىنقىلاب باشلىنىپ 6 - كۈنى ھاشىم ئاكىنىڭ قىزى رىزۋانگۇل دوستى رىزۋانگۇل ناسىرىۋانىڭ ئۆيىگە «بىزمۇ ھەربىي سەپكە قاتنىشايلى» دەپ كەلگەن. ئاندىن ئىككەيلەن بىرگە باش ئىشتابقا بېرىپ، پىدائىي بولۇپ ئالدىنقى سەپكە بېرىشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن، ئۇ يەردىكىلەر «ئۇرۇش دېگەن قورچاق ئويۇنى ياكى ئاغىچىئايلام ئويۇنى ئەمەس. بىلىپ قويۇڭلار، بۇ دېگەن جەڭ!» دەپ تۇرۇۋالغان. رىزۋانگۇل: «دۈشمەن بىلەن ئەل ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقانلار ۋەتەننىڭ ئوغۇللىرى بولسا، بىز ۋەتەننىڭ قىزلىرى. قىزلارمۇ قولىغا قورال ئېلىپ ئالدىنقى سەپكە بېرىشى كېرەك. قېنى بىزنى يېزىڭ!» دېگەن. ئۇلار بۇ قىزلارنىڭ ئاجايىپ جاسارەتلىك ئىكەنلىكىنى، ۋەتەنگە خەلققە، ئازادلىققا بولغان مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى كۆرۈپ ئۇلارنى تىزىملىغان. ئېيىن خىزمەت تەقسىم قىلغاندا رىزۋانگۇل ھاشىمنى ئالدىنقى سەپ جەڭ مەيدانلىرىغا شەپقەت ھەمشىرىسى قىلىپ ئەۋەتكەن. رىزۋانگۇل ناسىرىۋانى تەشۋىقات ئەترىتىدە تەشۋىقات خىزمىتىدە ئىشلەشكە ئېلىپ قالغان. رىزۋانگۇل ھاشىم جەڭ مەيدانلىرىدىكى مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان دۈشمەن ئوقلىرى ئارىسىدا قەھرىمانلارچە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، يارىدار جەڭچىلەرگە شەپقەت يەتكۈزگەن. نۇرغۇن كوماندىر - جەڭچىلەرنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان.

ھەرەمباغنىڭ غەربىي تۇپىلىكىدا بولغان قاتتىق جەڭدە رىزۋانگۇل يارىلانغان ئۈچ جەڭچىنىڭ يارىسىنى ئارقا - ئارقىدىن تاڭغان، خەتەرلىك جايدا يەنە بىر جەڭچى يارىلانغانىدى، ئۇ يارىلانغان جەڭچى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرگەن، دۈشمەننىڭ ئوقى كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا تەگكەن. شۇنىڭ بىلەن شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۇل قۇربان بولغان. بۇ چاغدا ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى كىشىلەرنى بەكمۇ ئېچىندۇرغان. بىر پېشقەدەم يازغۇچىمىز ئۇنى ئۇلۇغلاپ «شەپقەت ھەمشىرىسى» دېگەن ئوچېركىنى يازغان. ئاتاقلىق شائىر ئابدۇقادىر ھەسەنوف «ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۇل» دېگەن ناخشا تېكىستىنى يازغان. ئاتاقلىق مۇزىكانت قۇددۇس غوجامياروف ئاھاڭ ئىشلىگەن.

خەۋەر كەلدى گويا بىر،
سۆندى دېگەن قىزىلگۈل.
ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا،
ئەمەسمىدى رىزۋانگۇل.

ئەل داڭقىنى ياد ئېتىپ،
دۈشمەنلەرنى قىلىپ كۇل.
بەل باغلىغان جەڭلەردە،
ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۇل.

ئۇنتۇلسىمۇ ھېچقاچان،
ئۇنتۇلمايدۇ رىزۋانگۇل.
ئۇ بىر توزماي ئېچىلىپ،
تۇرغان ئەسلا قىزىلگۈل.

بۇ كىشىلەر سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ناخشىغا ئايلانغان، رىزۋانگۇل نامى تارىخ بېتىگە يېزىلغان. رىزۋانگۇل ناسىرىۋا قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، سەپدىشى رىزۋانگۇلنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش

يولىدا يەنە داۋاملىق كۆرەشكە، خىزمەتكە ئاتلانغان.

1947 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى رىزۋانگۈل ناسىرىۋانى ئۈرۈمچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئىلمى مۇدىرلىقىغا تەيىنلىگەن (مەكتەپ مۇدىرى بۇرھان شەھىدىنىڭ رەپىقىسى رەشىدە خانىم ئىدى). شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، غۇلجا شەھىرىدىكى سايرامىيە مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 2 - قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپ، تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. «ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

رىزۋانگۈل ناسىرىۋا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان. ئۇ 1990 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ ھازىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزمەكتە.

رىزۋانگۈل ناسىرىۋا مېنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدىكى مۇئەللىمىم. مەن بۇ مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل، تەلەپچان مۇئەللىمىمنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيمەن، مۇئەللىمىمگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن.

**(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار پارتگورۇپپىسىنىڭ پېنسىيونېرى)**

قىسقا خەۋەر

★ سابىق مۇدىر جورئەت قادىر باشچىلىقىدىكى 15 كىشىدىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلار ئۆمىكى 2011 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شەرقىي شىمالدىكى خېيلۇڭجياڭ، جىلىن، لياۋنىڭ ئۆلكىسىدە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرىدىكى يولداشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا خاربىن، خېيخې، دەندۇڭ، شېنياڭ، چاڭچۈن قاتارلىق شەھەرلەردە ئېكسكۇرسىيەدە بولدى. نۇرغۇن تارىخى، مەدەنىيەت مۇزېيلىرى ۋە گۈزەل - سەنئەت مەركەزلىرىنى كۆردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قېرىنداش ئۆلكىلەردىكى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) بىلەن ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇردى؛ بارغانلىكى جايدا رەسسام، خەتتاتلىرىمىز نەق مەيداندا ماھارەت كۆرسىتىپ، يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا 100 گە يېقىن ھۆسنخەت ۋە رەسىم ئەسەرلىرىنى تەقدىم قىلدى. لېي جوگشۇن، شى شىلۇ، ۋاڭ جۇنبىن، با گۇاڭمېن، مۇھەممەد پولات، پەرھات جىلان قاتارلىق تەتقىقاتچىلىرىمىز ۋە رەسسام - خەتتاتلىرىمىز بۇ پائالىيەتكە باشتىن - ئاخىر قاتناشتى.

7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە مۇئاۋىن مۇدىر ئۆتكۈر قاسىم باشچىلىقىدىكى 13 كىشىدىن تەركىب تاپقان 2 - ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىمىز نىڭشىيا، شەنشى، گەنسۇ، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلارغا بېرىپ، شۇ جايدىكى كەسىپداشلار بىلەن ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇردى. مۇھەممەد زۇنۇن، ئىمام، ۋۇ ليەنزېڭ، شۇ شىفا قاتارلىق مەسلىھەتچى ۋە تەتقىقاتچىمىز بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى. بۇ قېتىمقى پائالىيەت ئارقىلىق مەسلىھەتچى، تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى؛ چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىگە ئېرىشىپ، ئۇلۇغ ۋەتەن ئېپتىخارلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى؛ قېرىنداش ئۆلكىلەردىكى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىدىكى كەسىپداشلار بىلەن ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مەسلىھەتچىلەر خىزمىتى ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ھەمدە قېرىنداش ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

www.uyghurkitap.com



# دادامنىڭ مەرىپەت ئىزدىشى

(مەرھۇم دادام غەنىزات غەيۇرانى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى، ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ 50 يىللىقى، ۋاپاتىنىڭ تۆت يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

## پولات غەنىزات غەيۇرانى

مەرھۇم دادام غەنىزات غەيۇرانى 1930 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە مەرىپەتپەرۋەر، دىنىي ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئاتىسى ئىككى خوتۇنلۇق بولۇپ، ئىككى ئانىدىن توققۇز ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. قىز پەرزەنتى يوق ئىكەن، دادام بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى بولۇپ، تولىمۇ زېرەك، ئەكە چوڭ بولغان. ئاتىسى ھاشىت توختى دىنىي مەلۇماتى ناھايىتى يۇقىرى بىلىملىك، بىتارەت يەرگە دەسسىمەيدىغان تەقۋادار ئادەم ئىكەن. ئۇ ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە كەلپىننىڭ بىر رايونىغا شاڭيو (ھازىرقى يېزا باشلىقىغا تەڭ) ھەم بەگ بولغان. ئەمما، 1913 ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ ئۈرۈمچىدە جىڭ شۇرېننىڭ تۈرمىسىدە ياتقان. شۇ مەزگىلدە گومىنداڭغا قارشى كۆرەشتە قولغا چۈشكەن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن بىر كامېردا ياتقاچقا، شۇ ۋاقىتتىكى دۇنيا ۋەزىيىتىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، ئىلىم ـ پەننىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى تېخىمۇ تولۇق چۈشەنگەن، ھەم شۇلارنىڭ قاتتىق تەسىرىگە ئۇچراپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىغا تەلپۈنگەن. بۇ جەرياندا نۇرغۇن قىيىن ـ قىستاقلارغا ئېلىنىپ، «ئۆزۈڭ ئاچقان دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلىرىڭنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى تەربىيىلىگىنىڭ راستمۇ؟ بۇلارنى پاش قىل» دەپ نەچچە كۈن ئاچ قويۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ياۋۇزلارچە قىينىغان بولسىمۇ، ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە بولالمىغاچقا، ئامالسىزلىقتىن قويۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسى بىلەن ئاجايىپ روھلىنىپ، مەھەللىسىدىكى ياشلارغا كىشىلىك ھايات توغرىسىدا يېڭىچە تەلىماتلارنى بەرگەن. ئىلىم ـ پەننىڭ، بولۇپمۇ پەن ـ تېخنىكىنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇلتۇرسا ـ قوپسا ئاۋامغا تەشۋىق قىلغان. بۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپلا قالماي، ئاۋامنىڭ قوللىشى بىلەن شۇ يىلى كەلپىن ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولغان. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ھامىتبەگ دەرھال ئۆز يېرىگە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ تۇنجى بولۇپ ئىككى سىنىپلىق بىر قىزلار مەكتىپى سالدۇرغان. بۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئاۋامنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، 1938 ـ يىلى كەلپىنگە ھاكىم بولغان. لېكىن بۇ ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمىغان. مەلۇم بىر مۇناپىقنىڭ: «شەمى ھايالىق قىزلىرىمىزنى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇتىمەن دەپ بېشىغا رومال ئارتمايدىغان، ئاتا ـ ئانىسىدىن ھېيىقمايدىغان جەددىلەر تەلىماتىنى تارقىتىپ، قىزلىرىمىزنى گەپ ئاڭلىمايدىغان قىلىپ تەربىيىلىدى» دەپ شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتكە چېقىمچىلىق قىلىپ مەلۇمات يەتكۈزگەچكە، شېڭ شىسەي مەخسۇس تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىپ، دەسلەپتە دىنىي مەكتەپ، كېيىن پەننىي مەكتەپ ئاچقانلىقى، ھەتتا قىزلارنى يېڭى مائارىپ بويىچە تەربىيىلەۋاتقانلىقى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيانكارلارنى تەربىيىلىگەن دېگەن تۆھمەت بىلەن 1940 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۈچ يىل تۈرمىدە ياتقان. ئەمما، ھېچقانداق پاكىتقا ئېرىشەلمىگەچكە 1943 ـ يىلى تۈرمىدىن قويۇپ بەرگەن. 1948 ـ يىلى 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

دادام يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى ئۈشتۈمتۈت دىنىي مەكتەپتە ئوقۇمايمەن، پەننىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن

دەپ تۇرۇۋېلىپ دىنىي تەلىم ئالغىلى مەكتەپكە بارغىلى ئۇنىمىغان، بۇنىڭ بىلەن ھامىتبەگ ئوغۇللىرىنى
ئالدىغا چاقىرتىپ: «ئىنىڭلار سىلەر ئىككى يىل ئوقۇغان دىنىي مەكتەپتە نېمىشقا ئالتە ئاي ئوقۇپلا
بارغىلى ئۇنىمايدۇ. بىرەرسى بوزەك قىلغان بولمىسۇن، بېرىپ ئەھۋال ئىگەللەپ بېقىڭلار» دەپتۇ. ئوغۇل-
لىرى بىردەك: «بەگ ئاتا بىز سۈرۈشتۈردۇق، ھېچقانداق سەۋەبمۇ يوقكەن، ئۆزى ئوقۇمايمەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ»
دەپتۇ تەڭلا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك. «ئۇنداق بولسا ئۇكاڭنى چاقىرىڭلار، مەن ئۆزۈم پاراڭلىشاي» دەپ
ئالدىغا چاقىرتىپ ئەكىرىپ «ئەي ئوغلۇم، نېمە دەپ ئاكىلىرىڭ ئىككى يىل ئوقۇغان دىنىي مەكتەپتە
ئالتە ئاي ئوقۇپلا ئوقۇمايدىغان بولۇپ قالدىڭ، بۇنىڭ بىرەر سەۋەبى بارمۇ ـ قانداق؟ » دەپ سوراپتۇ.
«شۇنداق، بەگ ئاتا، مەن ئاكىلىرىم ئۆگەنگەن كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ياتقا بىلىمەن، ئىشەنمىسىڭىز
ھازىرلا ئوقۇپ بېرەي دېگىنىچە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي قۇرئاندىكى ئەرەبچە ئايەتلەردىن نۇرغۇنلىرىنى
خېلى ئۇزاققىچە يادقا ئوقۇۋېرىپتۇ. ھامىتبەگ بىردەم تىڭشىغاندىن كېيىن «توختاپتۇر ئوغلۇم، ئوبدان
قىرائەت قىلدىڭ، ئەقلىڭگە بارىكاللا، مۇشۇنداق ئوقۇۋەرسەڭ بولمىدىمۇ، كېيىنچە يەنە مەدرىسە مەكتەپلە-
رىدە ئوقۇساڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ نېمە دەپ ئوقۇغۇڭ كەلمەي قالدى؟ » دەپ سورىغاندا دادام : «بەگ ئاتا، يەنە
ئوقۇغاننى يەنە ئوقۇشتىن بەك بىزار بولدۇم، پەننىي مەكتەپتە ئوقۇسام ھېساب ئۆگىنىدىكەنمەن، يەنە
باللار بىلەن توپ كالتەك، ۋاللەي ئوينايدىكەنمەن، ھەر خىل پائالىيەتكە قاتنىشىدىكەنمەن، پەننىي
مەكتەپتە ئوقۇيچۇ بەگ ئاتا، ئاكاملا ئوقۇغاننىڭ ھەممىسىنى يادلاپ بولدۇم » دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان
ھامىت بەگ سەل بېشىنى لىڭشىتىپ ئويلىنىپ قاپتۇ ـ دە «ئۇنداقتا سەن ئاكىلىرىڭ ئۆگەنگەننىڭ
ھەممىسىنى راستىنلا بىلىپ بولدۇڭما؟» دەپ يەنە قايتا سوراپتۇ. «شۇنداق بەگ ئاتا » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ
دادام. شۇنىڭ بىلەن بەگ ئاتىسىنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ ئوغۇللىرىنى : «ھۇ نانقېپلار، مۇشۇ ئۇكاڭچىلىك
بولالماي، ئىككى يىل موللىلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ كۈن ئۆتكۈزۈشكەنمىدىڭ، ئەمدى بىلدىمكى، ھەمماڭلار
پوق ئالدىغان تاغار ئىكەنسىلەر، ئىنىڭلار ئالتۇن ئالدىغان خۇرجۇن ئىكەن، يوقىلىش نانقېپلار» دەپ
قاتتىق خاپا بولۇپ كېتىپتىكەن. ئاندىن دادامنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ «سەن راستىنلا ئەقىللىق
بالا بولدۇڭ، ئاللا ئىنسابىڭنى بەرسۇن بالام، دەپ دۇئا قىپتۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن 1938 ـ يىلى كەلپىن
ناھىيەلىك بازار باشلانغۇچ مەكتەپكە ئەكىرىپ بېرىپتۇ. ئەمما، ئاتىسى ھامىتبەگ بىلەن ئانىسى ھۆرنى-
ساخان شۇ ۋاقىتتىكى داڭلىق مائارىپچىلاردىن بولغاچقا، دادامنىڭ مەكتەپ يېشىغا توشماي تۇرۇپلا
ئاللىبۇرۇن ساۋاتى چىقىپ بولغانىكەن، شۇڭا تەقى ـ تۇرقىدىن كىچىك بالىنى بوينىنى سوزۇپ چوڭ
قىلىپ قويغاندەك، ئەقىللىقلىقى، بالىلارنى تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇرۇشتىكى چاققانلىقى،
تەشكىلچانلىقى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەشتىكى قائىدە ـ يوسۇنلۇقى، تولىمۇ خۇش
پېئىل، چىقىشقاقلىقى بىلەن پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈر-
گەنىكەن. مەكتەپتە ھۆسنخەت يېزىش، شېئىر يېزىش، دېكلاماتسىيە قىلىش قاتارلىق كوللېكتىپ پائالى-
يەتلەر ئۇنىڭسىز ئۆتكۈزۈلمەيدىكەن. شۇ ۋاقىتلاردا «ئاپتاپپەرەس»، «زاراڭزا چېچىكى » دېگەن شېئىرلىرى
قارا دوسكىغا ھۆسنخەت بىلەن يېزىلىپ ساۋاقداشلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلى-
قىپتىكەن. ھەرقايسى دەرسلەردىكى ئەلا نەتىجىسى بىلەن پۈتۈن مەكتەپ بويىچە ناھايىتى ياخشى ئوقۇپ-
تىكەن. 1940 ـ يىلى ئاتىسى مەكتەپ ئېچىپ گومىنداڭغا قارشى تەشكىلات قۇردى دېگەن بوھتان بىلەن
قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىگە يالاپ ئاپىرىپ شېڭ شىسەي تۈرمىسىگە تاشلانغاندا، «خائىننىڭ ئوغلى» دېگەن
تۆھمەت بىلەن ئاقسۇ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىنىپتىكەن. ئەمما، بىرقانچە
كۈن بۇ ئازابقا يەنى بۇ تەڭسىزلىككە چىدىمىغان دادام ئۈچ ـ تۆت كۈن كىملەرگىدۇ ئاچچىقى كېلىپ،
«زاۋاللىقتا ئىگرىغان جانلار» دېگەن ئونبەش مىسرالىق بىر شېئىر يازغانىكەن. بۇنى ئانىسى ھۆرنىساخان
ئوقۇپ تەسىرلەنگىنىدىن كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، ئاندىن: «بالام، سەن تېخى كىچىك، ئىستىقبالىڭ

www.uyghurkitap.com



تېخى ئالدىڭدا، ئالدىراپ جەمئىيەتنى، كىشىلەرنى تەنقىد قىلىدىغان بۇنداق شېئىرلارنى ئەڭ ياخشىسى يازمىغىنىڭ تۈزۈك، تەقدىرىڭ ئاتاڭدەك بولۇپ قالمىسۇن، كىشىلەرنى ئىلىم - پەن، ھۈنەر ئۆگەللەپ، ياخشى يوللار بىلەن ھالال تىرىكچىلىك قىلىدىغان مەزمۇندىكى شېئىرلارنى ياز. چوقۇم كەلگۈسىدە ئۈنىڭدىنمۇ ياخشى شېئىرلارنى يازالايسەن، جەمئىيەتمۇ ئۆزگىرىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلىپ شېئىرنى يىرتىۋەتكەنىكەن. باشقا ئامال بولمىغاچقا، 1943 - يىلى 7 - ئايغىچە كەلپىن ناھىيەلىك بازار باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپى (6 - يىللىق)تا ئوقۇۋەرگەن. شۇ ۋاقىتتا شائىرنىڭ باللىق قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئاتا - ئانىسىدىن باشقا، ئوقۇتقۇچىلاردىن قادىر ئابدۇللا، ئابدۇرازاق ھامىت، ئەھمەت ھامىت، پازىل مۇھەممەت، ئابدۇللا ئەيسا، سابىت ياقۇپ، ماموت مامۇر، ئابلەت كېرەم، ئابلىمىت سۇبھان قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار ئىكەن.

1943 - يىل 6- ئايدا مەكتەپتە «ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنگە كەلپىندىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئادەم كەپتۇ» دېگەن گەپلەر تارقىلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەھمەت ھامىت، ئابدۇرازاق ھامىتلار مەسلەھەتلىشىپ بىر ئامالىنى قىلىپ دادامنى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا ئەۋەتىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، 1943 - يىلى 8 - ئايدا ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرىپتۇ.

دادام 1945 - يىلى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقاندا، شۇ مەكتەپتىكى داڭلىق مائارىپچى، ئىنقىلابىي قۇربان ئابدۇللا روزى دادامغا تىل - ئەدەبىيات دەرسى بېرىپتىكەن. بۇ زاتنىڭ تەقى - تۇرقى ئاجايىپ كېلىشكەن، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، كەمتەر بۇ ئوقۇتقۇچىنى پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلاردىن تارتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگىچە بەك ھۆرمەتلەيدىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ دەرسىنى ئوقۇغۇچىلىرى زەن سېلىپ، بېرىلىپ ئاڭلايدىكەن. بىركۈنى ئابدۇللا روزى تىل - ئەدەبىيات دەرسى ئۆتتۇۋېتىپ، داڭلىق شائىر، نىمشېھىتنىڭ «بىلىم ئىشقىدا» دېگەن شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىپتۇ ھەم نىمشېھىتنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى ئۈستىدە توختىلىپ، تەخەللۇسنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، كىلاسسىك شائىرلار قانداق شارائىتتا ئەدەبىي تەخەللۇس قوللانغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرسنىڭ ئاخىرىدا ھەربىر ئوقۇغۇچى خالىغان تېمىدا بىر پارچە شېئىر يېزىپ كېلىشنى تاپشۇرۇق بەرگەن. دادام ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئازادلىق ئۇرۇشى ھەققىدە «كۈرەش بالىسى» دېگەن بىر شېئىر يازغان. بىر كۈنى دادام مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، ئابدۇللا روزى تۇرغانىكەن. ئۇ دادامنى كۆرۈپلا «ئەي، غەنىزات» دەپ ئىسمىنى چاقىرىپ، دادامنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ. مۇئەللىم ئۇنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى كۆرسىتىپ «مۇشۇ شېئىرنى ئۆزۈڭ يازدىڭمۇ؟ » دەپ سوراپتۇ. دادام شېئىرىم ياردمىغان ئوخشايدۇ دەپ، تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇپ، «ھە...ئە » دەپتۇ. مۇئەللىم ئابدۇللا روزى كۈلۈپ تۇرۇپ، «نېمىگە دودوقلايسەن، بېشىڭنى كۆتۈر، ياخشى يېزىپسەن، مەن بۇنى گېزىتكە ئەۋەتمەكچى، ماۋۇ قەغەزگە چىرايلىق قىلىپ كۆچۈر» دەپتۇ - دە، قەغەز - قەلەمنى ئالدىغا قويۇپتۇ، دادام بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇئەللىمنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ بىردىنلا روھلىنىپ، ئۇ شېئىرنى كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئابدۇللا روزىغا شېئىرنى بېرىپتۇ، مۇئەللىم شېئىرنى قولىغا ئېلىپ بىر قۇر ئوقۇۋەتكەندىن كېيىن «بەللى - بەللى، تەخەللۇس قوللىنىپسەن - دە، يارايسەن، پوچىركاڭمۇ چىرايلىق ئىكەن. ئۆزۈڭمۇ قاملاشقان بالا ئىكەنسەن. كېلىپ چىقىشىڭنى ئېنىقلاپ باققانىدىم، پەرىزىم خاتا ئەمەسكەن. مائارىپچىلارنىڭ باللىرى چوقۇم سەندەك تەربىيەلىنىشى كېرەك، — دەپتۇ - دە، ئاندىن ئۇستازى ئابدۇللا روزى ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن : «بۇ ئەدەبىي تەخەللۇس ئىسمىڭغا تازا ماس كەپتۇ، تەخەللۇسنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنىپسەن، ‹غەيۇرانى › دېگەن ‹مەرتلەرچە، مەردانە › دېگەن مەنىدە. ئۆزۈڭمۇ قاملاشقان بالا ئىكەنسەن. بۇ ئەدەبىي تەخەللۇسنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. ئۈمىدلىك بالا ئىكەنسەن، خاراكتېرىڭنىڭ باشقا باللاردىن پەرقلىنىپ تۇرغىنى بىكار ئەمەسكەن، « غەنىي»

دېگەن سۆز بىزگە ئەرەبچىدىن كىرگەن. ھېچ نەرسىگە موھتاج بولمايدىغان، باي، دۆلەتمەن دېگەن مەنىدە. ئاتاڭنىڭ ساڭا «غەنىزات» دەپ ئىسىم قويۇشى ساڭا بەك ئامراق بولسا كېرەك. چۈنكى «زات» دېگەن سۆز بىزگە ئەرەبچىدىن كىرگەن بولۇپ، بىر ئۇرۇغ ـ ئەجدادتىن تارالغان نەسىل، ئەۋلاد دېگەن مەنىدە، سەن بالىنىڭ كەنجىسى ئىكەنسەن ئەمەسمۇ؟ باينىڭ ئىزباسارى، ئەۋلادى دېگەن مەنىدە، ساڭا ناھايىتى چوڭ ئۈمىد باغلاپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، ئۆزىمۇ مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئىكەن ئەمەسمۇ دەپتۇ ـ دە، ئاندىن ھېلىقى يازغان خېتى بىلەن شېئىرنى قوشۇپ لېپاپقا سېلىپتۇ. ئاندىن ئاغزىنى ئەتمەستىن لېپاپنى دادامغا تۇتقۇزۇپ «بۇنى گېزىتخانىغا ئېلىپ بېرىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپكە تاپشۇر، مەنمۇ بۇ شېئىرىڭنى گېزىتتە ئېلان قىلىش ھەققىدىكى پىكرىمنى يازدىم، لۇتپۇللا جەزمەن گېزىتكە باسىدۇ. تېز ماڭ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گويا ئۇچۇپ دېگەندەك گېزىتخانىغا بېرىپتۇ. گېزىتخانا لەڭگەر مەھەللىسىدىكى بىر كىچىك قورۇدا بولۇپ، ئىشىكتىن كىرگەندە، ئوڭ قول تەرەپتىكى كىچىك بىر ئۆي ل. مۇتەللىپنىڭ ياتىقى، سول تەرەپتىكى سەل كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغان بىر ئۆي ل. مۇتەللىپنىڭ ئىشخانىسى ئىكەن. ئۇ ئىشخانىغا كىرىپتۇ. ئىشخانىغا ئىككى ئۈستەل جۈپلەپ قويۇلغان بولۇپ، بىر ئۈستەلدە نىمشېھىت(ئارمىيە داموللا)، ل. مۇتەللىپ بىلەن روبىرو ئولتۇرۇپ ئىشلەۋاتقانىكەن. ئۇ ئىشخانىغا كىرگەندە ئۇلار تەڭلا «كىمنى ئىزدەيسەن؟ »دېگەندەك سوئال نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپتۇ. ئۇ ئىتتىك بېرىپ قولىدىكى خەتنى، ئاغزى ئۇچۇق لېپاپنى ل. مۇتەللىپكە بېرىپتۇ. ئۇ لېپاپنى قولىغا ئېلىپ «ئولتۇر» دەپ ئۇنىڭغا بىر ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپتۇ. ئاندىن لېپاپتىكى خەتلەرنى ئېلىپ، ئالدى بىلەن ئابدۇللا روزىنىڭ خېتىنى ئوقۇپتۇ. ئاندىن دادامغا ئىللىق بىر تەبەسسۇم بىلەن بىر قاراپ قويۇپ، شېئىرنى ئوقۇپتۇ. كېيىن ئۇنى نىمشېھىتقا بېرىپتۇ. نىمشېھىتمۇ شېئىرنى ئوقۇپ، ياقتۇرغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ، ل. مۇتەللىپكە بېرىپتۇ. ل. مۇتەللىپ شېئىرنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا خۇش چىراي بىلەن قاراپتۇ ـ دە، «ئۇكام سەن نەلىك؟ » دەپ سوراپتۇ. مەن كەلپىنلىك دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دادام. ئۇ مەن كەلپىنگە بارغان، كىچىك بىر يەر. بازىرى ئاقسۇنىڭ كىچىك بىر ئارقا كوچىسىچىلىكمۇ كەلمەيدۇ. شۇنداقمۇ؟ دەپتۇ. دادام دەرھال «شۇنداق، مەنمۇ سىزنى كەلپىندە كۆرگەن» دەپتۇ. چۈنكى، ل. مۇتەللىپ 1939 ـ يىلى كەچ كۈز پەسلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن بىر ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە رۇسچە تەرجىمان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندا كەلپىنگە كىرىپ، كەلپىننى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، قەشقەرگە يۈرۈپ كېتىپتىكەن. ئۇ چاغلاردا دادامنىڭ ئۆيى ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىدە بولغانلىقتىن، ئۇنى كۆرۈپتىكەن. ئاندىن ل. مۇتەللىپ، بۇ شېئىرنى ئوبدان يېزىپسەن، ئۆزۈڭمۇ زېرەك، قاملاشقان بالا ئىكەنسەن، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق تىرىش، سەندەك تالانتلىق باللار بىزدە كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ، بۇ شېئىرنى بىز گېزىتىمىزنىڭ كېلەر ھەپتىدىكى ئەدەبىيات بېتىدە ئېلان قىلىمىز. ئابدۇللا روزىغىمۇ شۇنداق ـ دە، ھەم بىزدىن ئۇنىڭغا سالام ئېيت، دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان دادام ناھايىتى خۇشال قايتىپتۇ. دېگەندەك، بىر ھەپتىدىن كېيىن شېئىر ئاقسۇ گېزىتىنىڭ «جەنۇب شامىلى» دېگەن ئەدەبىيات بېتىدە «غەنىزات غەيۇرانى» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئېلان قىلىنىپتۇ. بۇنىڭدىن ئالەمچە خۇشال بولۇپ كەتكەن دادام قىلغىلى قىلىق تاپالماي قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا غەنىزات غەيۇرانى دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇس سىڭىپ قاپتۇ. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دادام ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ كەلپىن ناھىيەلىك بازار شەنلى (ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى) مەكتەپكە ئىشقا چۈشۈپ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى باشلىغان. دادام ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە مەكتەپ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دۇتارنى ناھايىتى ياخشى چېلىپلا قالماي، ئىسكىرىپكىنىمۇ ئوبدان چالىدىكەن، بولۇپمۇ، «غۇنچەم»، «غېرىب ـ سەنەم» دىراملىرىدىكى ناخشىلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدىكەن. كەلپىنگە كەلگەندە بولسا، ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىگە

www.uyghurkitap.com



قاتنىشىپتۇ ھەم ئاقسۇدىن سېتىۋالغان ئىسكىرىپكىسى بىلەن دۇتارنى بىر چاپتىكەن بۇ سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ. شۇ چاغدا كەلپىندە ئەڭ ئۇستا راۋاپچى ئابدۇرېشىت ئەيسا ئىكەن. بۇ زات، «سەن كىمنىڭ بالىسى، نەدە ئۆگەنگەن، قولۇڭغا دەرت كەلمىسۇن، قالتىس چالدىڭ» دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىپتۇ. شۇ چاغلاردا كەلپىندە سەنئەت ئىشلىرى خېلى راۋاجلانغان بولۇپ، ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇللۇقىدا «غېرىپ ـ سەنەم» دىرامىسىنى ئويناشقا تەشكىللەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن دادام غېرىپنىڭ رولىنى ئاپتۇ. سەنەمنىڭ رولىنى شۇ ۋاقىتتىكى بىر تۇخان دېگەن ئايال ئاپتۇ. بۇ دىراما كەلپىندە ئون نەچچە مەيدان قويۇلۇپ زور تەسىر قوزغاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىچىك غەنىزات غەيۇرانى پۈتۈن كەلپىن خەلقىگە تونۇلۇپ كەتكەنىكەن.

دادام ئاقسۇدىن كەلپىنگە قايتىش چېغىدا كەلپىن بازار باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ «ئاقسۇ گېزىتى»گە مۇشتەرى بولۇش ئۈچۈن بەرگەن پۇلىغا مۇشتەرى بولۇش ئۈچۈن «ئاقسۇ گېزىتى» ئىدارىسىگە بارسا، ئىشخانا قۇلۇپلانغان. ل. مۇتەللىپنىڭ ياتىقى پېچەتلەنگەن، بۇنى كۆرگەن دادام قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قېلىپ، قورققىنىدىن ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ دەرۋازا ئالدىدا خېلى ئۇزاققىچە تۇرۇپ قاپتۇ، دەل شۇ چاغدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتچىسى كۇچالىق ھامۇت ئېزىز دېگەن كىشى كېلىپ قالغان. ئۇ كىشى دادامنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ: «ئۇكام بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟» دەپ سورىغان. دادام بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتى بىلەن كۆرگەنلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئۇ كىشىگە سۆزلەپ بەرگەن. «ۋاي ئۇكام ئۇنى بىر دېمە، بۇ جاللاتلار ل. مۇتەللىپنى تۇتۇپ كېتىپتۇ، بۇ خەۋەرنى مەنمۇ تېخى ئاخشاملا ئاڭلىدىم، شۇڭا، بۇ ئىشنىڭ راست ـ يالغىنىنى بىلەي دەپ كەلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قېتىم قولغا ئېلىنغانلار يالغۇز لۇتپۇللا مۇتەللىپلا ئەمەسكەن، مۇنىردىن غوجا، ئابدۇللا داۋۇتوف، بىلال ئەزىزى، ئابدۇللا روزى قاتارلىق مائارىپچىلار ئىكەن، يەنە كىملەرنى قولغا ئالىدۇ بۇ ئىنساپسىز مۇناپىقلار» دەپتۇ قاتتىق قايغۇرۇپ. بۇ ئىشتىن دادام يىغلىغۇدەك بولۇپ كەلگەن جايىغا قايتىپتۇ ـ دە، قولىغا قەلەم ـ قەغەز ئېلىپ، نېمە كۆرسەم كۆرەي دېگەن قاتتىق غەزەپ بىلەن «مەرىپەت ئاسمىنىدىن ساقىغان يۇلتۇزلار» دېگەن يىگىرمە كۇپلېتلىق بىر شېئىرنى يېزىپتۇ. ئاندىن بەش كويغا ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر ئاق تاختا قەغەز سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئۈچى توم چىقىدىغان گاڭبى بىلەن قارا سىياھقا چىلاپ تۇرۇپ يازغان شېئىرنى ھۆسنىخەت قىلىپ كۆچۈرۈپ «ئاقسۇ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ تېمىغا چاپلىغىلى تۇرغاندا يەنە ھېلىقى ھامۇت ئېزىز دېگەن كىشى كېلىپ قېلىپ، شېئىرنى ئوقۇپ تۆت تەرىپىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن دەرھال ھەممىنى يىرتىپ تاشلاپتۇ ـ دە، دادامنى قاتتىق سىلكىشلەپ، ئۆيىگە باشلاپ ئاپىرىپ تازا تىللاپتۇ. ئاندىن «سېنى خېلى ئىش ئۇقىدىغان ئەقىللىق بالا دېسەم قىپقىزىل ساراڭ بوپسەنغۇ؟ يالغۇز ئاتىنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەننى بىلمەسمىدىڭ، ھۇ يوغانباش ئېزىتقۇ، لەقۋا، سېنىڭدەك ئەخمەقلەرنى تولا كۆرگەنمەن، بۇنىڭدىن كېيىن كۆتىكىڭنى غىت قىس، پۈتۈن ئۇرۇق ـ ئەۋلادىڭنىڭ يىلتىزىدىن قۇرۇتاي دەپسەن ـ دە، ھازىرلا كۆزۈمدىن يوقال. نەدىن كەلگەن بولساڭ، شۇ يەرگە كەت، بولمىسا كۆرگىلىكىڭنى كۆرىسەن» دەپ تىللىغىنىچە، ئاقسۇنىڭ بىر ئارقا تار كوچىسىغا باشلاپ ئاپىرىپ، بىر پىگىلو ھەيدەيدىغان ھارۋىكەشكە بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپ، قولىغا بىرنېمىلەرنى بېرىپ كەلپىنگە يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەلپىنگە قايتىپ كېلىپ مەكتەپتىكى ئۇستازلىرى بىلەن ساۋاقداشلىرىغا ئاقسۇدىكى تۇتقۇن قىلىنغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتىكەن، بۇ ئىشقا، ھەممەيلەن قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. دادام كەلپىنگە قايتقاندىن كېيىن داۋاملىق ئوقۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بولۇپمۇ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇش ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە نەچچە قېتىم دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆيىدىكىلىرى بۇنىڭ ئوقۇشىغا قوشۇلمىساق بولمايدىكەن، بولمىسا مۇشۇنداق كىتاب

ئوقۇشتىن باشقىنى قىلىش خوشياقماي لاغايلاپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئوخشايدۇ، ئوقۇسىمۇ ـ ئوقۇسۇن دېگەن تونۇشقا كەپتۇ. دەل شۇ چاغدا، يەنى 1948 ـ يىل يازدا سابىق شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى (مەرھۇم شائىر، ئەدەبىياتشۇناس ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنى دېمەكچى) جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئاقسۇغا كەپتۇ. ئاقسۇدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، ئوقۇشقا بارىمىز دېگەنلەردىن رەسمىيەت ئۈچۈن ئىمتىھان ئېلىپ، ئۆتكەنلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئىمتىھان سوئاللىرىنى ئاقسۇنىڭ باشقا ناھىيەلىرىدىكى مائارىپ بۆلۈمىگە ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى قەشقەرگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ چاغدا ئۈرۈمچىگە بېرىش راسخوتىنى ھۆكۈمەت كۆتۈرمەيدىكەن، شەخسلەر ئۆزلىرى تۆلەيدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، پۈتۈن كەلپىن ناھىيەسىدىن بەش ئادەم ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇيدىغان بوپتۇ. 1948 ـ يىل 11 ـ ئايدا بۇلار ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەپتۇ. تىل مەكتىپىدە بىر ئاي ئوقۇغاندىن كېيىن ساۋاقدىشى يۇسۇپ سۇبھان بىلەن دادام شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا كۆچۈپ كېتىپتۇ. بىركۈنى تۇردى ئەلى دېگەن بىر ئاغىنىسى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا مەكتىپىدە پەيدا بوپتۇ، بۇنىڭدىن دادام ئالەمچە خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، تۇردى ئېلى دېگەن ئاغىنىسى: غەنىزات يۇرۇڭ! مەن سىزنى سىز قىزىقىدىغان بىر يەرگە باشلاپ باراي، دەپ، يانچۇغىدىن ئىككى بېلەت ئېلىپ بىرىنى بېرىپتۇ، بىرى ئۆزىدە قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۈگۈن بۇ يەردە دەرنەك ئۆتكۈزۈلىدۇ، دەرنەكتە شېئىرلارمۇ ئوقۇلىدۇ، سىزمۇ شائىرغۇ؟ يېزىپ قويغان شېئىرلىرىڭىز بارمۇ؟ دەپ سوراپتۇ. «بار دەپتۇ » دادام. «تەييارلاپ قويۇڭ، بۈگۈن سىزمۇ شېئىر ئوقۇپ قىلىشىڭىز مۇمكىن » دەپتۇ ھېلىقى ئاغىنىسى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۈلۈپقا كىرىپتۇ. كۈلۈپتا ئىككى ـ ئۈچيۈزدەك ئادەم بار ئىكەن. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، «دەرنەك» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە، «دەرنەك» تۈركچە (ئۇيغۇرچە) سۆز بولۇپ، يىغىن، مەجلىس، ئىلمىي مۇھاكىمە دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىكەن. بۈگۈنكى بۇ دەرنەككە مەخسۇس ئەدەبىي تېمىدا ئەدەبىي ئوبزورلار، شېئىرلار ئوقۇلۇش بىلەن بىرگە ناخشا ـ مۇزىكا ئورۇندالغان بولۇپ، بۇ دەرنەكتە ئالدى بىلەن رەئىس مەسئۇد سەبرى «ھۆررا » سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنىسى «ھۆررا» سۆزىنىڭ ئەسلى ئۇررە بولۇپ، قەدىمكى جەڭلەردە قىلىچ، گۈرزە، توقماق قاتارلىق ئۇرۇش قوراللىرى بۇيرۇش، ئۇلارغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن «ئۇرھە!» سۆزى بىلەن بۇيرۇق بېرىپ ھۇجۇمغا ئاتلىنىدىكەن. بۇ سۆز بېرىپ ـ بېرىپ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ «ھۆررا» بولۇپ قالغانىكەن.

مەسئۇد ئەپەندىنىڭ سۆزىدىن كېيىن، مەشھۇر شائىرلاردىن ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر يالقۇن، ئابدۇساتتار چۇبانلار بەس ـ بەستە شېئىر ئوقۇپتۇ. ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر شېئىر ئوقۇۋاتقاندا، تۇردى ئېلى دېگەن ئاغىنىسى ئىككىلىك قەغەزگە بىرنەرسىلەرنى يېزىپ سەھنە باشقۇرغۇچىغا يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئابدۇساتتار چوبان شېئىر ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئەمدى غەنىزات غەيۇرانى شېئىر ئوقۇيدۇ دەپ ئېلان قىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن دادام پۈتىدا كۆن خۇرۇم ئاياغ، ئۇچىسىدا سېرىق چېپەرقۇتتىن تىكىلگەن پاختىلىق چاپان بىلەن مەغرۇر قىياپەتتە گۈس ـ گۈس دەسسەپ سەھنىگە چىقىپ، «تەسەللى» دېگەن شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىپتۇ:

دىلىم مۇڭلۇق، يۈرەك دەرتلىك، تېنىم مەجرۇھ بىر ھالەتتە،
تىرىكمەن ئەمما ياتتىم ئاھ، ئۆلۈك يەڭلىغ قىياپەتتە.

خۇشال، شاد ئويىنسا ئۆزگە بولۇپ جانان بىلەن جۈپتەن،
تاپالماي دىلبەرى رەنا ئەجەب قالدىم مالامەتتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

جاھان مۇدھىشلىقى مېنى تۇمۇر قەپەسكە بەنت قىلدى،
چىقالماستىن ئۇرۇپ ـ پەرياد، ھامان مەن شۇ ھالەتتە.

دېسە «يەتكۈزگۈسى تەڭرى دۇئا قىلساڭ مۇرادىڭغا.»
ئۇزۇن يىل تەلمۈرۈپ ئۆتتۇم دۇئا بىرلەن تىلاۋەتتە.

بىراق ھېچ بولمىدى مەقبۇل ئىلاھقا ئاھۇپەريادىم،
ساڭا بارىم پىدا، ئەپسۇس، مېنىڭ كۆڭلۈم خىيانەتتە.

ئۈمىدسىز بولمىغىن كۆڭلۈم، ئۈمىدسىز ئەھلى شەيتاندۇر،
كېلەر بىر كۈن جانان بىرلەن ياشارسەن خۇش ساداقەتتە.

شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈپتەكلەر تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىپ شېئىر ئوقۇغان دادامغىمۇ ئالدىدا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغان مەشھۇر شائىرلارغا ئوخشاش ئالقىش چاۋاكلار چېلىنىپتۇ. ھەم ناھايىتى كېلىشكەن، ئاق سېرىق، ئېگىز بوي كەلگەن ئېسىل بىر ئادەم سەھنىدىن چۈشىشى بىلەن يېنىغا كېلىپ:

— ئۇكام سەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇرۇمچىدە يوق ئىدىڭ؟ نەدىن كەلدىڭ؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ، دادام «مەن ئاقسۇ كەلپىندىن كېلىشىم، تىل مەكتىپىدە ئوقۇغاندىم، بىرنەچچە كۈن بولدى ئىككى ساۋاقدىشىم بىلەن شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا يۆتكىلىپ كەلدىم» دېگىنىچە، نېمە مەقسەتتە ئۇرۇمچىگە كەلگەنلىكىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ، كىشى شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، داڭلىق تىلشۇناس مەرھۇم ئۇستازى ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى ئىكەن.

— ئۇكام سەن ناھايىتى ياخشى قىپسەن، بىزگە سەندەك ئىقتىدارلىق ئەدەبىياتچى باللار كېرەك، ئەدەبىيات پۈتۈن مىللەتنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىپلا قالماي، يېتىلاپ تۇرىدۇ. ئۇ خەلقنى دۇنيا يېڭىلىقلىرىغا يېتەكلەيدىغان مەنىۋى مەشئەل، بۇ مەشئەلنى خەلقىمىزگە يەتكۈزۈش سىلەردەك ئىقتىدارلىق ياشلارغا باغلىق دېگىنىچە مەكتەپنىڭ يەنە بىر مەسئۇلى بىلەن ئالايىتەن ۋاقىت چىقىرىپ كۆرۈشتۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇ ئېسىل زاتتىن دادام قاتتىق تەسىرلىنىپ مۇشۇ مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇش قارارىغا كەپتۇ. ھەم بىر تەرەپتىن تۆۋەن يىللىق سىنىپلارغا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بوپتۇ. شۇ چاغدا شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا بەش سىنىپ بولۇپ، ئىككى مائارىپ سىنىپى، (47 ـ يىللىق، 48 ـ يىللىق سىنىپلار)، بىر تەبىئىي پەن سىنىپى، بىرى قانۇن سىنىپى، يەنە بىر تەييارلىق سىنىپى بار ئىكەن. شۇ ۋاقىتتا بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىبراھىم مۇتىئى، ئىلمىي مۇدىرى ئىمىن تۇرسۇن، تەرتىپ مۇدىرى ما ۋېنكوي(خەنزۇ) ئۇيغۇرچە ئىسمى ئابدۇللا، مەكتەپتىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن ئابدۇللا ئەپەندى دەپ چاقىرىشىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشتاتلىق ئوقۇتقۇچىلىرى بولمىغاچقا، توختى باقى(ھازىرقى ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان توختى باقى ئارتىشى)دىن باشقىلىرى سىرتتىن تەكلىپ قىلىنىپ دەرس ئۆتىدىكەن. شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن داڭلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ئابدۇشۇكۇر يالقۇن، جامالىدىن مۇھەممەت قاتارلىق كىشىلەر دەرس بېرەركەن. شۇ يىللاردا گومىنداڭنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئاشكارا نەشر قىلىنىۋاتقان «ئەرك» دېگەن بىر گېزىت بولۇپ، ئۇ گېزىتتە بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھەر ھەپتىنىڭ شەنبە كۈنى كەچتە ئۆتكۈزۈلىدىغان «دەرنەك»تە ئوقۇلغان

ماقاله، شېئىرلاردىن سەرخىللىرى تاللىنىپ بېسىلغاندىن سىرت، ئۇيغۇر تارىخى، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالى، ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيىتىگە ئائىت ماقالىلەر بېسىلىپ تۇرىدىكەن، دادامنىڭ «تەسەللى» دېگەن شېئىرىمۇ بۇ مەجمۇئەدە شۇ ۋاقىتتا بېسىلىپ مەكتەپتە خېلى غۇلغۇلا قوزغاپتۇ. ئەمما، دادام مەكتەپ قىرائەتخانىسىدىن هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئائىت ماتېرىيال-كىتابلاردىن داڭلىق شائىرلاردىن قۇتلۇق هاجى شەۋقىي، دانىش ھەنپى، سالىھ دامولla هاجى، ئابدۇجېلىل دامولla هاجى قاتارلىقلارنىڭ هاياتى ۋە ئىجادىيىتى بىلەن خېلى ئوبدان تونۇشۇپ، بولۇپمۇ قۇتلۇق-شەۋقىينىڭ ئىجادىي هاياتى دادامغا قاتتىق تەسىر قىلىپتىكەن. ھەتتا:

«بىر قىلىچ بەرسە خۇدا، كەس دەپ ئۇنىڭغا بۇيرۇسام،
ئۈزسە خەلقىنىڭ بويىنىدىن خارلىق كىشەن - زەنجىرىنى.
گەر خارابكەن ئەل - ۋەتەن، كاللامنى ئۈزسۇن ئۇ قىلىچ،
كۆرمىسۇن شەۋقىي كۆزى قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى.»

دېگەن بۇ مەشهۇر شېئىرنى يادلىۋاپتۇ. ھەم شەۋقىي قاتارلىق شائىرلارنىڭ تەقدىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، شۇنداق ئويدا بوپتۇكى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قىزىققانلىق، بىر يېڭىنجاپ تۇرغان چوغنى تۇتقانغا باراۋەر ئىش ئىكەن، مەن ھەرگىز بۇ چوغنى تۇتۇپ قالماي» دېگەن ئوي بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن يالتىيىپ مەڭگۈ ماتېماتىكا مۇئەللىمى بولۇپ، بىر ئۆمۈر ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئۆتۈپ كېتىش نىيىتىگە كەپتۇ، شۇنداق قىلىپ، ماتېماتىكا دەرسى بېرىدىغانغا مەكتەپ مۇدىرلىرى بىلەن دېيىشىپ، ئەدەبىيات دەرسى بەرگەندىن سىرت، ئوقۇغۇچىلارغا ماتېماتىكا دەرسىمۇ بېرىپتۇ. ھەم ئۆزلۈكىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇرچە تۈزۈلگەن يۇقىرى سىنىپلارنىڭ ماتېماتىكا كىتابىنى ئۆزلۈكىدىن نەچچە ئاي كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ بېرىلىپ ئۆگىنىپ، چۈشەنمىگەن، ھەل قىلالمىغان قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ماتېماتىكا ئۇستازلىرىدىن سوراپ ئۈچ - تۆت ماتېماتىكا كىتابىنى ئالدىدىن ئۆگىنىپ بولۇپتۇ، بۇ تىرىشچانلىقىدىن پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلىرى قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ. دادام بالا چاغلىرىدا ناھايىتى كېلىشكەن، پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان، ھەرىكىتى چاققان، ۋالىبول، ۋاسكېتبول، يۈگۈرۈش قاتارلىق تەنھەرىكەت تۈرلىرىگە ئامراق، تولىمۇ ئەدەبلىك، سۆزدە مۇنايىم، چىقىشقاق بالا بولۇپ، مۇئەللىملىرى ياكى ئوقۇغۇچىلىرى، ياكى ساۋاقداشلىرى بولسۇن بەك ھۆرمەتلەيدىكەن. ئۇ ساۋاقداشلىرىغا بولسۇن ياكى ئۇستازلىرىغا بولسۇن ياكى ئاددىي كىشىلەرگە بولسۇن مۇئامىلىدە ناھايىتى سەمىمىي، ئىشچان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، ئاق كۆڭۈل بولغاچقا، چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتۈپ، مەكتەپتە ئاسانلا كۆزگە چېلىقىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مەرىپەت يولىغا قەدەم باسقان...

**2012 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئۈرۈمچى**

(ئەسكەرتىش: مەن دادام بىلەن كۆپ مۇڭداشقان، ھەربىر مۇڭداشقاندا كۈندىلىك خاتىرەمگە سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئەينەن يېزىپ قوياتتىم، بۇ ماقالىمۇ شۇ خاتىرە ئاساسىدا قىسقارتىلىپ يېزىلدى.)

**(«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى)**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# هەبىبۇللا ئەپەندىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

## شېرىپ خۇشتار



هەبىبۇللا ئەپەندى قەشقەر شەھىرى تۆرەباغ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئاتاقلىق سودىگەر مامۇتخان بايۋەچچىنىڭ① ئوغلى. ئۇ 1898 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئائىلە تەربىيەسىدىن كېيىن، مەدرىسىدە دىنىي بىلىم ئالغان. كېيىن تاغىسى مۇھەممەت تۇردى ئاخۇندىن جەدىدىي (يېڭىچە) يېزىق ئۆگەنگەن. هەبىبۇللا ئەپەندىنىڭ دادىسى مامۇتخان بايۋەچچە ئوتتۇرا ئاسىيادا چار پادىشاھى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، قەتلە قىلىنغاندىن كېيىن، ياش هەبىبۇللا دادىسى مامۇتخان بايۋەچچىنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن تاغىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، دادىسى ۋە تاغىسىنىڭ ئوفا شەھىرىدە بىللە ئوقۇغان شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدىكى چار رۇسىيەلىك تاتار سودىگەرى ئىسمائىل هاجىنىڭ تيەنشىن سودا شىركىتىدە ئىشلەۋاتقان بۇرھان شەھىدىدىن جەدىدىي بىلىم، رۇس تىل ـ يېزىقى ۋە تۈركىي تىل، ھېساب (ماناپوكتورلۇق) ھېساب قائىدىسى، چوت سېلىش قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆگەنگەن ھەم شۇ يىللاردا 1915 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۈرۈمچى نەنمېنىدىكى روزى هاجى مەسچىتىدە ئېچىلغان (جەدىدىي) ئەپەندىلەر مەكتىپىدە (ئۇ چاغدا يېڭى مەكتەپنى ئەپەندىلەر مەكتىپى دەپ ئاتىغانىكەن). ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ سىنىپ مەسئۇلى بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ياش هەبىبۇللا ئەپەندى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يىللاردا هەبىبۇللا ئەپەندىنىڭ تاغىسى مۇھەممەت تۇردى ئاخۇن ئۈرۈمچى، تۇرپاندا سودا شىركىتى بار چار رۇسىيەلىك مەنسۇرجان باي دېگەن سودىگەر بىلەن شېرىكلىشىپ سودا قىلىدۇ. كېيىن كېسەل بىلەن ۋاپات بولىدۇ. بۇ چاغدا هەبىبۇللا ئەپەندى بۇرھان شەھىدىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تاغىسىنىڭ سودا ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭ ۋە رۇسىيەنىڭ شەمەي، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چوڭ ـ كىچىك شەھەرلىرىدە سودا قىلىدۇ. تەخمىنەن 1920 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سودىنى جۈچۈەنگە يۆتكەپ، ساراي ئېچىپ، سودا قىلىشقا باشلايدۇ. كېيىن، ئىچكى مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن ئىچكى ئۆلكە بىلەن شىنجاڭ قاتنىشى توسۇلۇپ، سودىدىن توختاپ جۈچۈەندىكى بىر ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. قاتناش راۋانلاشقاندىن كېيىن، يەنىلا لەنجۇ، جۈچۈەن ئوتتۇرىسىدا سودا قىلىدۇ. 1924 ـ يىللاردا ئەتراپىدا لەنجۇدا شىنجاڭ يەرلىك ماللىرى، قۇرۇتۇلغان مېۋە ـ چېۋە دۇكىنى ئېچىپ «شىنجاڭ» دېگەن ماركا بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئۆلچەملىك قاچىلانغان مېۋە ـ چېۋە ۋە شىنجاڭ تونۇشتۇرۇلغان ماتا، قاشتېشى، شىنجاڭنىڭ يەرلىك دورا ـ دەرمەكلىرىنى يۆتكەپ تىجارەت قىلىدۇ. هەبىبۇللا ئەپەندىنىڭ بۇ سودىسى شۇ يىللاردىن باشلاپ، 1954 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. 1928 ـ يىللاردا لەنجۇغا يەرلىشىپ، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، ھەر خىل زىيان، دىشۋارچىلىق بىلەن يۇرتىغا قايتالماي، لەنجۇدا تۇرۇپ قالغان 200

ئۆيلۈكتەك ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرىغا مەكتەپ ئېچىپ، كۇچادىن تاتار ئايال ئوقۇتقۇچى راھىلە خانىم بىلەن يولدىشىنى ئۆز خىراجىتى بىلەن لەنجۇغا تەكلىپ قىلىپ، مەكتەپ ئاچىدۇ. مەكتەپتە ئانا تىل، خۇشخەت، دىن، خەنزۇ تىلى، ئەخلاق دەرسى، قىزلار ئۈچۈن ھۈنەر دەرسى ئۆگىتىلىدۇ. بۇ مەكتەپ 1953 - يىلىغىچە لەنجۇدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدا بولۇپ ئوقۇتۇلىدۇ. 1953 - يىلى ھۆكۈمەت بۇ ئۇيغۇر مەكتىپىنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى خۇيزۇ مەكتەپكە قوشۇۋېتىدۇ. بۇ چاغدا ھەبىبۇللا ئەپەندى تۇرپاندىن نىيازخان ئىسىملىك بىر ئايال ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپكە تونۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئىككى تىللىق ئوقۇشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ھەبىبۇللا ئەپەندى يېتەكچىلىكىدە ئوقۇتۇلغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئالدى - ئاخىر بولۇپ، ئىككى نۆۋەت لەنجۇ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىدۇ.

ھەبىبۇللا ئەپەندى لەنجۇدا بولغان مەزگىلدە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى قابىلىيىتى بىلەن لەنجۇدىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرى ھۆكۈمەت، ھەربىي، قاتارلىقلارنىڭ ئىچىدە زور ئىناۋەت تېپىپ، جامائەت ئەربابى بولۇپ تونۇلىدۇ. جۈملىدىن ھۆكۈمەت ۋە ھەربىيلەر ھەتتا ما بۇفاڭ ئائىلىسىمۇ ئىناۋەتتى تىكلىنىدۇ - دە، لەنجۇغا بېرىپ، دىشۋارچىلىقتا يولۇققان شىنجاڭلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىيىنچىلىقى توغرىسىدا ھۆكۈمەت ئالدىدا سۆزى ئۆتىدۇ. كونا جەمئىيەتتە لەنجۇ شەھىرلىك سەييۇخۇينىڭ كېڭەش ئەزاسى، ھۆكۈمەت ۋەكىلى بولىدۇ. شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇرھان قاتارلىق بىر قاتار ئىلغارلار بىلەن بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى ئۈزمەيدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلىنىپ، ئاز كۈن ئىشلىگەندىن كېيىن، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن لەنجۇغا قايتىپ، 1952 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە لەنجۇ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىدارىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، خېبېي رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1960 - يىلى دەم ئېلىشقا چىقىپ، يۇرتى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ قەشقەر شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ئىشلەپ، 1970 - يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

**(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق كىنو - فىلىم شىركىتىنىڭ پېنسىيونېرى)**

---

① ماھۇتخان بايۋەچچە ئوتتۇرا ئاسىيادا سودا بىلەن بولغان مەزگىلدە، رۇسىيەدىكى يېڭىلىقلارنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدە لېنىن باشچىلىق قىلغان ئىنقىلابنىڭ قاتناشقۇچىلىرىدىن بولۇپ، رۇسىيەدە تەشكىل قىلىنغان 1905 - يىلى «كالتە چاپانلار تەشكىلاتى»، 1906 - يىلى «تەرەققىيپەرۋەرلەر تەشكىلاتى»غا قاتنىشىدۇ ۋە شىنجاڭلىق ئۇيغۇر مۇھاجىرلار ئۇيۇشمىسىنى تەشكىللەشكە قاتنىشىدۇ. شىنجاڭدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا سودا، ئوقۇش، ئىش ئىزدەپ چىققانلارنى يېڭىلىق قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن مەزگىلدە شەمەيدە چار رۇسىيەلىك تاتار سودىگەر ئىسمائىل ھاجى، (بۇ كىشىنىڭ ئۇرۇمچىدىمۇ تيەنشىن سودا فىرمىسى بولغان) بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئوفىدىكى تاتار مەكتىپىدە بۇرھان شەھىدى بىلەن بىرگە ئوقۇغان. كېيىن قولغا ئېلىنىپ ئىزدېرەكسىز يوقالغان. ماھۇتخان بايۋەچچە ئۇيغۇرلار ئىچىدە تۇنجى قېتىم جەدىدىزمنى قوبۇل قىلغان كىشى.

# ئاتام ئىبراھىم ناسىر (依博学)نىڭ قىسقىچە ھاياتى ۋە «شۆتاڭ» ھەققىدە ئېيتقانلىرى

سەمەت ئىبراھىم



ئاتام ئىبراھىم ناسىر 1905 ـ يىلى(يىلان يىلى) كەلپىن ناھىيەسىنىڭ گەزلىك يېزىسى، گەزلىك كەنتىدە دېھقانچىلىق ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، شۇ دەۋردىكى ئوقۇمۇشلۇق زات، جامەئەت ئەربابى، بىلىم سۆيەر ناسىر ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.1905 ـ يىلىدىن 1917 ـ يىلىغىچە، ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1917 ـ يىلىدىن 1922 ـ يىلىغىچە كەلپىن ناھىيە گەزلىك كەنتىدىكى ئۆلىما موللا ئىمىن ئاخۇنۇم ئاچقان دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، قۇرئاننى تاماملىغاندىن سىرت، تەپسىر، ھەدىس، پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە دائىر بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. 1922 ـ يىلىدىن 1926 ـ يىلىغىچە ئائىلىسىنىڭ دېھقانچىلىق، تىجارەت ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. 1926 ـ يىلىدىن 1930 ـ يىلىغىچە ئاتىسى ناسىر ھاجىم ئوغلى ئىبراھىم ناسىرنى يارامлиق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە، كەلپىن ناھىيەسىدىكى باشلانغۇچ (ئىپتىدائىي) خەنزۇ تىلى مەكتىپى گوۋېن شۆتاڭ (柯坪县立国文初级学堂)دا ئوقۇتقان. ئاتام ئىبراھىم ناسىر ھايات چېغىدا بىزگە « شۆتاڭ» ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى.

ئەينى ۋاقىتتىكى گوۋېن شۆتاڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتكە ئېھتىياجلىق خادىملارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ قۇرغان، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىپ، باشقا پەنلەرنى قوشۇمچە ئوقۇيدىغان پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بىردىنبىر پەننىي مەكتەپ ئىدى.

كەلپىن ناھىيەسىدىكى باشلانغۇچ (ئىپتىدائىي) خەنزۇ تىلى مەكتىپى (国文初级学堂) خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىپ، ھېساب دەرسىنى قوشۇمچە ئوقۇيتتى. ئوقۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئىدى. شۆتاڭنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئاساسەن خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، ھەممىسى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەنلەر ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ۋە مەكتەپ خىراجىتى ھۆكۈمەت مالىيەسىدىن بېرىلەتتى. شۆتاڭغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئاساسەن ھەرقايسى يېزا ـ كەنتلەرگە ئالۋان ھېسابىدا مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى سان تەقسىم قىلىپ بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلاتتى. نۇرغۇن ئۆسمۈر بالىلار شۆتاڭغا قوبۇل قىلىنىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. بايلار باشقىلارنىڭ (كەمبەغەللەرنىڭ) بالىلىرىنى ياللاپ ئەۋەتىپ بېرەتتى. شۇڭا، شۆتاڭدا ئوقۇيدىغانلارنىڭ كۆپ قىسمى نامراتلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. شۆتاڭدا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئەھۋالىغا قاراپ ئۇيغۇرچە ئىسمىغا يېقىنلاشتۇرۇپ خەنزۇچە ئىسىم قوياتتى. ئوقۇغۇچىلارغا كېرەكلىك ئوقۇش قوراللىرى مەكتەپ تەرىپىدىن بېرىلگەندىن سىرت، يازدا جىگەر رەڭ رەختتىن بىر قۇر كىيىم بېرىلەتتى. بىر كۈنلۈك مەشغۇلات ۋاقتى ئالتە سائەت بولۇپ، چۈشتىن بۇرۇن بىر ئوقۇتقۇچى بىر سائەت، چۈشتىن كېيىن يەنە بىر ئوقۇتقۇچى

بىر سائەت بىر كۈندە جەمئىي ئىككى سائەت دەرس ئۆتۈلەتتى. قالغان تۆت سائەت ئىچىدە ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلار سىنىپ باشلىقىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزلىرى دەرس تەكرارلايتتى. دەپتەر ـ سىياھنى تېجەش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچى ئۆتكەن خەنزۇچە خەتلەرنى دەرسخانىدا كونا داسقا قاچىلىۋالغان قۇمغا يېزىپ، دەرسخانىنىڭ سىرتىدا يەرگە يېزىپ ئۆگىنەتتى. مەكتەپ شارائىتى ناچار، ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەن ئىدى. دوسكا يېنىدا ئالقانغا ئۇرىدىغان تارشا ئېسىقلىق بولۇپ، ئوقۇغۇچى دەرسنى بىلەلمىسە ياكى دەرسخانا ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلسا ئوقۇتقۇچى تارشا بىلەن ئۇراتتى. شۆتاڭنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلاردىن بولغاچقا، شۆتاڭنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ مەجبۇرىي ھالدا بۇتقا سەجدە قىلدۇراتتى. بۇنداق چاغدا ئوقۇغۇچىلار قوينىغا قۇرئاننى سېلىۋېلىپ سەجدە قىلاتتى. شۆتاڭنىڭ دەرسخانىسى كىچىك، قاراڭغۇ بولۇپ، ئۇنىڭدا ياغاچتىن ياسالغان ئۇستەل ـ ئورۇندۇق قاتارلىق ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئوقۇغۇچىلار كېسەكتىن قوپۇرۇلغان ئورۇندۇق ـ ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ دەرس ئۇقۇيتتى، ئەتىگەندە گىمناستىكا ئوينايتتى، ۋالىبول ـ ۋاسكېتبول دېگەندەك توپ تەنتەربىيە تۈرلىرى يوق ئىدى. ئوقۇتقۇچى خەنزۇچە خەتلەرنى دوسكىغا تولۇق يېزىپ چۈشەندۈرۈپ بولۇپ، يېزىشقا رۇخسەت قىلمىغىچە ئوقۇغۇچىلار قەتئىي خەت يازمايتتى. ئوقۇغۇچىلار خەتنى ئالدى بىلەن كۆپىيە دەپتىرىگە يېزىپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاساسىي دەپتىرىگە رەتلىك، چىرايلىق كۆچۈرەتتى. ئاساسىي دەپتەرگە كىچىككىنە سىياھ تېمىپ قالسا (ئۇ چاغدا سىياھقا چىلاپ ئېلىپ خەت يازىدىغان قەلەم ئىشلىتىلگەچكە ئوقۇغۇچىلار دىققەتسىزلىك قىلسىلا خەت يازغۇچە سىياھ دەپتەرگە تېمىپمۇ كېتەتتى)، خەتلەر توغرا يېزىلمىسا ياكى دەپتەرنىڭ ئازراق يېرى يىرتىلىپ كەتسە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ ئالقىنىغا تارشا بىلەن ئۇراتتى. ناھىيە ئامبالى مەكتەپنى پات ـ پات نازارەت قىلىپ تۇراتتى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى ئامبال (ھاكىم) نىڭ نازارەتچىلىكىدە ئېلىناتتى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتكەنلەرگە « 秀才» (تالىپ، زىيالى) دەپ نام بېرىلىپ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. شۇڭا، شۆتاڭنى پۈتتۈرگەنلەر شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار زىيالىلىرى ھېسابلىناتتى. شۇ مەزگىللەردە كەلپىن ناھىيە يامۇلىدا كادىر ئاز بولغانلىقتىن، شۆتاڭنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يامۇلنىڭ خىزمىتىنى قوشۇمچە ئىشلەيدىغان، ھەتتا بەزى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇمچە شەخسىي تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئۆز ۋاقتىدا دەرسكە كىرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسلىدىنلا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق سەۋىيەسىمۇ تۆۋەن بولغانلىقتىن، خەنزۇ تىل ـ يېزىق سەۋىيەسىمۇ تۆۋەن ئىدى. ئەينى چاغدا كەلپىن ناھىيەسىدىن بۇ مەكتەپتە ئىلگىرى ـ كېيىن ئوقۇغانلاردىن مىرزىگۈل توختى (米德成) ، ھىزبەگ ( 艾思九)، ساۋۇتبەگ (沙文忠)، ھىزبەگ (艾刚毅)، ئىبراھىم ناسىر (依博学)، موللا نىياز (毛发荣)، باۋۇدۇن (巴文通)، ساۋۇت، تۇنىياز توختى (吐德新)، سادىق سىيىت قاتارلىق ئون كىشىلا ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ يامۇل (ناھىيەلىك ھۆكۈمەت)كە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ قالغان.

ئىبراھىم ناسىر كەلپىن ناھىيەسىدىكى گوۋېن شۆتاڭنىڭ 3 ـ قارارلىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىن تىرىشچان، ئوقۇشقا ھېرىسمەن، يېشىمۇ بىرقەدەر چوڭ بولغاچقا شۆتاڭغا ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن، ئاتىسى ناسىر ھاجىمنىڭ ئۈمىدىدىن چىقىپ، دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى توغرا تونۇپ، تىرىشىپ ياخشى ئوقۇپ، كۆپ تەرەپتىن يېتىلىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى قايىل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا «依博学» (بىلىملىك ئىبراھىم دېگەن مەنىدە) دەپ ئىسىم قويغان. بۇ ئىبراھىم ناسىرنىڭ خەنزۇچە ئىسمى بولۇپ، شۆتاڭنىڭ يالدامىسىدۇر. ئىبراھىم ناسىرنىڭ شۆتاڭدىكى ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولۇشى ھەم ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۇنى ھىمايە قىلىشى تۈپەيلى ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى سىنىپ باشلىقى قىلىپ بېكىتىدۇ. سىنىپ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىبراھىم ناسىر تۆت يىل ئوقۇش جەريانىدا رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ. ئوقۇتقۇچىلىرى كېلەلمىگەن ۋاقىتلاردا ساۋاقداشلىرىنى يېتەكلەپ تەكرار قىلدۇرۇپ، ئۇستازلىرىنىڭ قابىل ياردەمچىسىگە ئايلىنىدۇ.

دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىپ ئۇلارنى ياخشى يېتەكلەپ، توغرا ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىمۇ ئۆگىنىشتە ياخشى ئوقۇغۇچىلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۇپ چىقىدۇ. نەتىجىدە ساۋاقداشلىرى ئىبراھىم ناسىر بىزگە «لوسى» (老师) بولدى، دەپ، شۇنىڭدىن كېيىن «ئىبراھىم لوسى» (ئەسلى لاۋشى) دەپ ئاتىلىپ قالغان. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز يىبو شۆنىڭ شاگىرتلىرى دەيتتى.

ئىبراھىم ناسىر 1930 ـ يىلى ناھىيەنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ، «شيۇسەي» (秀才) دېگەن نامغا ئېرىشىپ، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 1949 ـ يىلغىچە، كەلپىن ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پۈتۈكچى( كاتىپ) ، تەرجىمان، بۆلۈم ئەزاسى، بۆلۈم باشلىقى، دوجى (غەللە ـ پاراق يىغقۇچى)، كاسسىر، بوغالتىر، ئىسكىلات مۇدىرى، مالىيە بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن . 1949 ـ يىلى گومىنداڭ پارتىيەسىگە ئەزا بولغان، 1949 ـ يىلى 9ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندا گومىنداڭنىڭ كەلپىندىكى باشقا ئەمەلدارلىرى قاتارىدا ھەقىقەتكە قايتىپ، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتىكى كادىرلار قوشۇنىدا قالدۇرۇلۇپ، 1952 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە بۆلۈمىدە ئىشلىگەن.

1937 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ رۇس ـ قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن ئاتلىق قىسىمىنى ئاساس قىلغان شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى ئۆلكە ئارمىيەسىنىڭ 6 ـ شىسىنىڭ شجاڭى ئابدۇنىياز باشچىلىقىدىكى ئىسيان كۆتۈرگەن، شۇ كۈنلەردە كەلپىنگە كېلىپ ئورۇنلاشقان قوشۇننى قوغلاپ شىمالىي تاغ ئارقىلىق كەلپىنگە كىرىدۇ. ئابدۇنىيازنىڭ قوشۇنلىرى كەلپىندىن چېكىنىدۇ. شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى كەلپىندىن كېتىشتىن بىر كېچە بۇرۇن بۇ قوشۇننىڭ كاتتىباشلىرى شۇ چاغدىكى كەلپىن ناھىيە ھاكىمىغا ئەتىسى سەھەرگىچە يېرىم تاغار ئات تاقىسى تەييارلاپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەم شۇ مۆھلەتتە بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمىسا ھاكىمنىڭ كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھاكىم بۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بۇنچە كۆپ تاقا ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالماي ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ قالىدۇ ۋە ئىبراھىم ناسىردىن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى سورايدۇ. بۇ چاغدا ئىبراھىم ناسىر تاقا ۋەزىپىسىنى ئامال قىلىپ مەن ئورۇنداي، ھاياتلىقتىن ئارتۇق ھېچنىمە يوق، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش مۇھىم دەپ ھاكىمنى خاتىرجەم قىلىدۇ. يۇرچى يېزىسىدىكى تۆمۈرچى ئاغىنىسى مەھەممەت ئۇستىدىن ئۆتۈنىدۇ. مەھەممەت ئۇستىنىڭ يۇرچى يېزىسىدىكى بارلىق شاگىرتلىرىنى يىغىپ بىر كېچە ئىشلەپ، يېرىم تاغار تاقىنى ياساپ بېرىش ۋەزىپىسىنى دېگەن مۆھلەتتە ئورۇنلاپ ناھىيە ھاكىمىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالىدۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بېشىدا مەركەزنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ۋەتەننى قوغداش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئىبراھىم ناسىر بۇ چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ بىر تۆگە ئىئانە قىلغاندىن باشقا، ئاكىسى مەھەممەت خانتوغىنىمۇ خىزمەت ئىشلەپ بىر تۆگە ئىئانە قىلدۇرغۇزۇپ، كەڭ ئاممىغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۈلگە بولىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلىدۇ.

1950 ـ يىلى كەلپىن ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيەسىدىكى كونا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە مەكتەپ ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىش خىزمىتىنى باشلاپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەلەرنىڭ مەكتەپلەرگە ياردەم بېرىشىنى چاقىرىق قىلغاندا، ئىبراھىم ناسىر بۇ چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، گەزلىك كەنتتىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلاردىن ھاپىز نىياز، موللا نىياز، مەسۇم يۇنۇس، ئابدۇرەھىم ھەسەن، روزى ھەسەن قاتارلىقلارغىمۇ تەشەببۇس قىلىپ ۋە ئۇلارغا باش بولۇپ، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئەينى ۋاقىتتىكى تۆت سىنىپلىق گەزلىك باشلانغۇچ مەكتىپىنى سالدۇرۇپ ۋە پارتا ـ ئورۇنداق ياسىتىپ بېرىپ ( ئىبراھىم ناسىر 40 كىۋادرات مېتىرلىق بىر سىنىپنى مۇستەقىل سالدۇرۇپ بەرگەن ۋە پارتا ـ ئورۇنداق ياسىتىپ بەرگەن.) ئۇ ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئىجارە كېمەيتىش ئوبيېكتى بولمىسىمۇ ئۆز ئائىلىسىدىكى 24 پارچە كىگىز، تەڭلىمات، پالاس، ئىككى پارچە گىلەم، ئىككى تۆگە، ئىككى تۇياق كالا قاتارلىق مال ـ مۈلۈك-

لەرنى ئاكتىپ ھالدا ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ كەمبەغەل دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن. ئۇ كوپېراتسىيەگە 62 مو تېرىلغۇ يەر كۆچمەس مۈلۈكنى، 20 تۇياق تۆگە، 30 تۇياق قوي، ئىككى تۇياق كالا قاتارلىقلارنى ھەسسە قىلىپ قوشقان. 1952 ـ يىلدىكى « ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە، ئۇ خاتا ھالدا «خىيانەتچى» دەپ قارىلىپ، مۇددەتلىك بىر يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئىككى ئاي تۈرمە ئازابىنى تارتقان. ئىككى ئايدىن كېيىن قايتا تەكشۈرۈلۈپ بېرىلگەن جازا بىكار قىلىنغان. 1952 ـ يىل 10ـ ئايدىن 1968 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە، كەلپىن ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بوغالتىر ـ كاسسىرى، تەرجىمانى بولۇپ ئىشلىگەن. 1968 ـ يىلى 7 ـ ئاي «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا تارىخىي مەسىلىسى بار دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ، 1971 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە كۆرەش قىلىنغان ، ئىدارىسىدە ۋە جاپالىق جايلاردا ئەمگەككە سېلىنغان. 1971 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ھەرىكەت جەريانىدا تۇتۇپ قېلىنغان ئىش ھەققى تولۇقلاپ بېرىلىپ خىزمەتتىن قايتۇرۇلغان. 1971 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1978 ـيىلى 11 ـ ئايغىچە كەلپىن ناھىيە گەزلىك كەنتىدە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1971 ـ يىلى ئۇ خىزمەتتىن قايتۇرۇلغاندا، مەن كۆڭلۈم يېرىم بولغان ھالدا ئاتامدىن: « ئاتا، شۇ چاغدا ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەن بولساڭ قانداق بولاتتى...» دەپ گۆدەكلەرچە سورىدىم. ئۇ بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن: « كۈنلەرنىڭ ‹كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول› دېگەن تەمسىل بار، مەن ئۈرۈمچىگە بارمىغانلىقىم ئۈچۈن ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن» دېگەنىدى. ئۇ تاكى ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز ئىرادىسىگە سادىق بولۇپ قېرىنداشلىرىنى، يۇرتىنى، يۇرت خەلقىنى بىر ئۆمۈر ياخشى كۆرگەن. گەرچە ئۇ 1952 ـ يىلدىكى « ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ سىياسىي بوران ـ چاپقۇنلىرىدا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، شۇ ئېغىر كۈنلەردە قىلچە ئىككىلەنمەي پارتىيە، ھۆكۈمەتكە، خەلققە قەتئىي ئىشەنگەن ھالدا : «ھاۋا تۇتۇلغان بىلەن يەنە ئېچىلىدۇ، كېچە بولسا تاڭ ئاتىدۇ»، پارتىيە ھۆكۈمەت ھامان بىزدەكلەرنىڭ مەسىلىسىنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىدۇ، دەپ ھەققانىيەتكە ۋە ئادالەتكە تەلپۈنگەنىدى. ئۇ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئائىلە تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىپ بىزگە ياخشى ئوقۇپ، كۆپ بىلىم ئېلىپ لاياقەتلىك ئادەم بولۇش جەھەتتە دائىم تەربىيە بېرىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ بىز ئالتە پەرزەنتىنىڭ ئۈچ نەپەرىمىز ئالىي مەكتەپنى، قالغان ئۈچ نەپەرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، جەمئىيەتكە ياراملىق ئادەم بولۇپ يېتىلدۇق. ئاتىمىزنىڭ 1978 ـ يىلى 11ـ ئايدا ئۇنىڭ ئۈستىدە سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ھەققەتكە قايتىغانلىق گۇۋاھنامىسى بېرىلىپ، 1971 ـ يىل 11 ـ ئايدىن باشلاپ نورمال پېنسىيەگە چىقىش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى. پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنمۇ تەكلىپ بىلەن 1979 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە يەنە ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ئىشلىگەن.

ئۇ مەيلى خىزمەتتىكى ۋاقتىدا بولسۇن، خىزمەتتىن قايتۇرۇلغان ياكى پېنسىيەگە چىققان كۈنلەردە بولسۇن مەھەللىسىدىكى ھەرقانداق بىر كىشى كېسەل بولۇپ قالسا ئۇنى يوقلايتتى. بىمارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشنى ئېيتىپ، قىيىنچىلىقى بارلارغا پۇل قەرز بېرىپ تۇراتتى. ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قېلىشىغا قارىماي ئۇلار بىلەن دوختۇرخانىغا بىللە بېرىپ بىمارنى تەكشۈرتۈشكە، بالنىستتا ياتقۇزۇشقا ياردەملىشەتتى. بىمارنىڭ كېسىلى بەك ئېغىر بولسا، ئالدى بىلەن دوختۇرنى بىمارنىڭ ئۆيىگە چاقىرىپ ئەكېلىپ بىمارنىڭ كېسىلىنى كۆرسەتتەتتى. شۇڭا، ئۇنى مەھەللىدىكى خەلقمۇ ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى. ئۇ 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىنجاڭدا 30 يىل ئىشلىگەنلەر شەرەپ مېدالىغا ئېرىشتى. 1989 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى 85 يېشىدا ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولدى.

(ئاپتور قاغىلىق ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 1930 ـ يىللاردىكى ئۈچتۇرپان قىرغىزلىرىنىڭ باتۇرى قۇلبەگ توغرىسىدا

تۇرسۇن بارات (تەكلىپلىك تەتقىقاتچىمىز)

20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۈچتۇرپاندا بولۇپ ئۆتكەن زور تارىخىي ۋەقە ۋە بۇ ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەشھۇر كىشىلەرنى ئەسلىگىنىمىزدە قۇلبەگنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز.

1940 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھازىرقى ئاقچى ناھىيەسى قاقشالدىكى تۆت بەگلىك يېزا ئۈچتۇرپان ناھىيەسىگە قارايتتى. ئۇ بەگلىكلەر باقىت، ساتۇغۇل، قاراغۇل ۋە قۇتچۇدىن ئىبارەت ئىدى. باقىت بەگلىكىگە قارا تىكە، ئوتبېشى، قۇلانسارىق، يالاڭچى قارايتتى. ساتۇغۇل بەگلىكىگە يۇقىرىقى ئۈچ، ئاقتالا، سومتاش ۋە ئاقچىنىڭ يايلاق ـ قىشلاقلىرى قارايتتى. قاراغۇل بەگلىكىگە قاراچى، قاراتۇلۇق، قاراتاش، كۆكئارت، تەسكەيدىكى يايلاق ـ قىشلاقلار قوشۇلۇپ چېپارغا بارغىچە بولغان جايلار قارايتتى. ھەربىر بەگلىكتە بىردىن بەگ ۋە مۇئاۋىن بەگلەر بولاتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا يۈزبېشىلار بار ئىدى. يۇقىرىقى بەگلىكلەر ئۈستىدە بىردىن باش شاڭيى بولغان.

1890 ـ يىلدىن 1940 ـ يىلغىچە بولغان 50 يىلدا پۈتۈن قاقشالدىكى تۆت بەگلىككە سەككىز نەپەر ئادەم باش شاڭيى (باشبەگ) بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچتۇرپاندا ھەتتا ئاقسۇ بويىچە مەشھۇر بولغىنى قۇلبەگدۇر (قىرغىز ئىچىدە قۇلبەگ دارىن دەپ ئاتايدۇ).

قۇلبەگ ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ شىمالىي، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېدىرلىق — «قارۇل دېگەن جايدىن بولۇپ، 1896 ـ يىلى تۇغۇلغان» ①. ئۇ قىرغىزلارنىڭ ئاسانبېك قەبىلىسىدىن، ئۇ قۇرامىغا يەتكەندە «قۇلبەگە باتۇر» دېگەن نام بىلەن بىرنەچچە مەھەللىنىڭ نوچىسى بولغان.

1920 ـ يىلى قۇلبەگنىڭ ئاتىسى ئايداربەگ ئۆز ئوغلىنىڭ ئەقىللىق، پاراسەتلىك ئادەم بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى بىر يۇرتنىڭ ئەمەلدارلىقىغا دەسسىتىشكە تىرىشقان ھەمدە مادارىن (ما شۇۋۇ) ② بىلەن ئالاقە باغلاپ «ئۇنىڭغا ئىككى دانە ئات، يىگىرمە قوي، ئۈچ دانە يامبۇ (يامبۇ 50 سەر كۈمۈشكە تەڭ)، ئون تۇلكە، بەش دانە سۆسەر تېرىسىنى پارە بېرىپ قاقشالدىكى قۇتچۇ بەگلىكىگە شاڭيى بولغان» ③. قۇلبەگ شاڭيى بولغاندىن كېيىن يۇرتنى ئادىل سوراپ، پۇقرالار ئارىسىدىكى ئەرز ـ دەۋالارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ خەلق ئارىسىدا زور ئىناۋەت تىكلىگەن. ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىشىۋالغان ھارامتاماق بايلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى چۈشۈرگەن.

بۇ زەربە يېگەن بايلار قۇلبەگنىڭ ئۈستىدىن ئۈچتۇرپانغا ۋە ئاقسۇ ئامباللىرىغا ئەرز سۇنغان. 1922 ـ يىلى ئاقسۇدىكى دوتەينىڭ بۇيرۇقى بويىچە قۇلبەگكە يەتتە يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ قاراشەھەر تۈرمىسىغا ئېلىپ بېرىپ سولايدۇ. (قۇلبەگدىن، قۇلبەگنى قوللايدىغان خەلقتىن قورقۇپ قاراشەھەر تۈرمىسىگە سولىغان.) خەلق ئىچىدە «قاراشەھەر تۈرمىسىدە ئىككى خەنزۇ بىرنەچچە ئۇيغۇرلار بىلەن بىرگە ياتقان. ئۇ، تۈرمىدە يېتىش جەريانىدا تۈرمىداش خەنزۇلار بىلەن دوست بولغان، خەنزۇ كىشى تۈرمىدىن ئۈچ يىل بۇرۇن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ قۇلبەگنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغان» دېيىلىدۇ.

قۇلبەگ 1928 ـ يىلى كۈزدە تۈرمىدىن چىقىپ ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ بىركۈنى ئاقسۇنىڭ بىر كوچىسىدىكى مەدىكارلار بازىرىدا 70 — 80 ئادەم بىلەن ئىش كۈتۈپ تۇرسا بىر خۇيزۇ كىشى كېلىپ قۇلبەگنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىنىڭ يوغانلىقىنى كۆرۈپ ئىشقا تاللايدۇ. يەنە ئىككى نەپەر ئۇيغۇر مەدىكار بىلەن خۇيزۇ كىشىنىڭ ئۆيىدە ئوتۇن يارىدۇ. كەچ بولغاندا ئىككى نەپەر ئۇيغۇر مەدىكارنىڭ ھەققىنى بېرىپ

قايتۇرۇۋېتىپ قۇلبەگنى ئېلىپ قالىدۇ. ئەتىسى قۇلبەگ يەنە بىر كۈن ئوتۇن ياردۇ. قۇلبەگ ئوتۇن يېرىۋاتسا ھويلىغا بىرمۇنچە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى كىرىپ كېلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئەمەلدار دەسلەپ كەلگەندە ئۆي ئىگىسى پايپېتەك بولۇپ، تازىم بىلەن ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ئۇلار ئۆيدە راسا ھاراق ئىچىپ مېھمان بولىدۇ، مېھمانلار ئىچىدىكى سالاپەتلىك بىر ئەمەلدار تاھارەتكە بېرىپ قايتىشىدا ئاشخانا ئالدىدا ئوتۇن يېرىۋاتقان قۇلبەگنى كۆرىدۇ. بۇ ئەمەلدار قۇلبەگنىڭ ئىسمى فامىلىسى، تۇرا جايىنى سورىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قاراشەھەردە تۈرمىسىدە ياتقان تونۇش قۇلبەگ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇ ئەمەلدار قۇلبەگنى دەستۇرخان ئۈستىگە باشلاپ كىرىپ مېھمانلارغا تونۇشتۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاقسۇغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىڭ جەريانىنى سۆزلەيدۇ...

شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن كېيىن، ھېلىقى خەنزۇ دوتەي قۇلبەگنى بىرنەچچە كۈن مېھمان قىلىپ، 1929 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قۇلبەگنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنى قاقشالدىكى قىرغىزلارنىڭ تۈت بەگلىكىنىڭ ئۈستىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان باشبەگلىك ئەمەلىنى بېرىپ مەھكىمە نامىدىن تامغىنى بېسىپ ئۇچتۇرپان ئامبالىغا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قۇلبەگ قاقشالدا «قۇلبەگ دارىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇلبەگ باش شائىيى بولغاندىن كېيىن قاقشالدىكى تۈت بەگلىكنىڭ بەگلىرىنى قەشقەر توقاي (ئاقچى بىلەن كەلپىننىڭ شىمالىدىكى دەريا بويىدىكى بىر ئارالچا)غا بىرنەچچە ئاق ئۆي تىكىپ، تۈت بەگلىكتىن 100 گە يېقىن نوپۇزلۇق قىرغىز ئاقساقاللىرىنى يىغىپ ئىككى كۈن يىغىن ئاچىدۇ. يىغىندا يەرلىك ئەمەلدارلارغا: «خەلقنى بوزەك قىلماسلىقىقا، خەلقنىڭ تىنچ، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشقا ئۈندەيدۇ». ئۆزىنى مادارىنغا چىقىپ يەتتە يىل سولىتىۋەتكەنلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ باش كۆتۈرەلمەس قىلىدۇ. ئۇ مەزگىلدە قۇلبەگنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى ئۇچتۇرپان شەھەر ئىچىدە بولۇپ، ئۇ خۇيزۇ مۇسا ھاجىمنىڭ زېمىنى ئىدى. بۇ زېمىننى قۇلبەگ ئىجارىگە ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قىلغان. كېيىن كىشىلەر ئۇ يەرنى «قۇلبەگنىڭ سارىيى» دەپ ئاتاشقان ④.

**قۇلبەگنىڭ قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىغا ماسلىشىشى** 1913 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاقشالدىكى تۈت بەگلىك قىرغىزلار ئارىسىدا قۇمۇل، قوزغىلىڭىنىڭ شەپىسى كېلىشكە باشلىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قۇلبەگ ۋە ئاخۇنبايلار پۇرسەت كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئاددىي پۇقرالار ئارىسىدا گەپ ـ سۆزلەرمۇ كۆپىيىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئاقسۇدىكى باي سىجاڭ ⑤ كونا تونۇشى قۇلبەگكە خەت ئەۋەتىپ ئۇنى «تەشكىللىنىش، بىرلىشىش، قوزغىلىش»قا ئۈندەيدۇ. قۇلبەگ بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قاقشالدىكى ئاخۇنبايغا خەت يېزىپ باي سىجاڭنىڭ خېتىنىڭ مەزمۇنىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئۇ خېتىدە: تۈت بەگلىكتىكى شائىيى، يۈزبېشى، ئونبېشى قاتارلىق ئاقساقاللار دەرھال قەشقەر تۇقايغا يىغىلسۇن. مەن ئۈچ كۈندە يېتىپ بارىمەن. بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىغۇچىلار بىلەن بارغاندا سۆزلىشىمەن دېيىلگەن. قۇلبەگ دېگەندەك ئۈچ كۈندە يېتىپ بارىدۇ. باشقىلارمۇ يىغىلىپ بولىدۇ. ئاخۇنباي بىلەن ئايرىم سۆزلىشىۋالغاندىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «خوجىنىياز ھاجى دېگەن كىشى قۇمۇل دېھقانلىرىغا باش بولۇپ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇپ ئىسلام ئېچىپتۇ. دېھقانلار جىن شۇرېن، چولاق زىخۇي، گاسلىنىڭ دېگەنلەرنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋېتىپتۇ. خوجىنىياز ھاجى، تۆمۈر سىجاڭلار ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلىۋېتىپتۇ. ئاللاھ ئۇلارغا نۇسرەت ئاتا قىپتۇ. ئاقسۇدىكى باي سىجاڭ ئۇيغۇر، قىرغىزلار ئىتتىپاقلىشىپ بىر نىيەتتە كۈرەش قىلساق دەپ ماڭا كۆپ قېتىم ئېيتتى. مېنىڭچە ھەقىقەتەن ئالۋاڭ ـ ياساق دەستىدىن خەلق ۋەيران بولماقتا. زۇلۇم بەك كۈچەيدى. بىز ئاللاھ يولىدا غازاتقا ئاتلىنايلى. بۇنى ئويلىمىغانلار قىيامەتتە دوزاخقا تۇتۇرۇق بولىدۇ، ئىمانىمۇ بولمايدۇ» دەپ سۆزلەيدۇ. قۇلبەگنىڭ چاقىرىق خاراكتېرىدىكى سۆزى شۇ قېتىمقى قەشقەر قىشلاقتىكى يىغىنغا قاتناشقانلارنى قايىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يىغىن ئەھلى قۇلبەگنىڭ سۆزىگە ئاۋاز قوشۇپ: «قوزغىلايلى، پىدائىي بولۇپ

www.uyghurkitap.com



ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت بىلەن كۆرەش قىلايلى، ئات-ئۇلاغ، ئوزۇق - تۈلۈك ياردەم قىلايلى» دېگەن چۇقانلارنى سالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قاقشال تەۋەسىدىكى بەگلىكلەردىن 400 ئاتلىق يىگىت ئۆزلۈكىدىن پىدائىي بولۇشقا تىزىملىتىپ بۇيرۇق كۈتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇلبەگ بىلەن ئاخۇنباي ھەربىر بەگلىكتىن 15 دىن 60 كىشى چاقىرىپ مۇزاكىرە قىلىپ ئاخۇنباينى لۈيجاڭ، يۇسۇپ، قاراباي، ئىبراي ئاخۇنلارنى تۇەنجاڭ، ئايىتقۇچۇ، ئۆمۈر قايىقى قاتارلىق بىرقانچىسىنى پەيجاڭ، بەنجاڭلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەيدۇ.

قۇلبەگنى بىرەر ئورگان ھەربىي باشلىق (سىجاڭ) قىلىپ بەلگىلىمىگەن. 1932 - يىلىغا كەلگەندە ئۇلار دەسلەپ 60 كىشىنى 15 دانە شىراقلىق قارا مىلتىق، يەتتە دانە بەش ئاتار مىلتىق، ئالتە دانە شىداچاڭ (ئون ئاتار)، 15 دانە سالپاڭ (بىر ئاتار)، 30 دانە قىلىچ، ئىككى دانە تاپانچا بىلەن قوراللاندۇرغان. بۇ قۇراللارنى قۇلبەگ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرى ۋە باي ماناپلار تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغانىدى.

1932 - يىلى 11 - ئايدا قۇلبەگ بۇيرۇق قىلىپ بارلىق پىدائىيلارنى ئۈچتۇرپان شەھەر ئىچىگە يىغىپ، «شىتەي يامۇلغا» (ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىچىدە) ئورۇنلاشتۇرىدۇ. 400 پىدائىينىڭ كۆپىنچىسىگە قورال تارقاتقاندىن باشقا، قورال يەتمىگەنلىرىنى پالتا، چوماق، كالتەك، نەيزىلەر بىلەن قورال‌لاندۇرىدۇ.

قۇلبەگ ۋە ئاخۇنباي باشچىلىقىدىكى قىرغىز پىدائىيلار ھەربىي مەشىق قىلىپ ئۆزىنى چېنىقتۇرىدۇ. بۇلار قۇلبەگ ۋە يۇسۇپ تۇەنجاڭنىڭ باشچىلىقىدا 1933 - يىلى 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىكى خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت مۇھىتىلەرنىڭ باش ئەگمەي ئېلىپ بېرىلغان ما جۇڭيىڭغا توسۇپ زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ قىرغىزلارنىڭ تاغ ئۇرۇشىغا ماھىر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدۇ. پۈتۈن ئۇرۇش لىنىيەسى بويىچە چېكىنگەندە ئۇلارمۇ چېكىنىپ، كۆچار ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ ئاخىر ئۈچتۇرپانغا قايتىپ كېلىدۇ ⑥. «1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خوجىنىياز ھاجى پىدائىيلىرى ئۈچتۇرپاندىن قەشقەرگە يۈرۈش قىلغاندا، قۇلبەگنىڭ تۇەنجاڭلىرىدىن يۇسۇپ تۇەنجاڭ ئۇلارغا يول باشلاپ ماڭىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا قىرغىزلار ئارىسىدا «يۇسۇپ تۇەنجاڭنى خوجىنىياز ھاجىلار تۇتۇپ كېتىپتۇ» دېگەن پىتنە تارقايدۇ. بۇنى ئاڭلىغان قۇلبەگنىڭ ئەسكەرلىرى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قەشقەرگە يۈرۈش قىلغان قىسملىرىنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى بۇلايدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان خوجىنىياز ھاجى «بۇ قۇلبەگنىڭ قارا نىيىتىدىن بولغان دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى قىسىم ئوتتۇرىسىدا قىسمەن ئاداۋەت پەيدا بولىدۇ. خەلق ئىچىدە بىر قىسىم پىتنە - پاسات سۆزلەر تارقايدۇ» ⑦.

كىشىلەرنىڭ نىمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، قۇلبەگ 1913 - يىللاردا قىرغىز خەلقى ئارىسىدىن زۇلۇم، جاھالەت، خورلۇق، نادانلىققا قارشى تىغ كۆتەرگەن خەلق قەھرىمانىدۇر.

قۇلبەگ 1933 - يىلى 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن تۆمۈر سىجاڭنى قوللاش يۈزىسىدىن قىرغىز ئوسمان سىجاڭنىڭ قەشقەرنى ئېلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىدۇ. قەشقەر پەتھى قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قۇلبەگ ئۆز پىدائىيلىرى بىلەن ئۈچتۇرپانغا قايتىپ چىقىدۇ. 1933 - يىلى 7 - ئايدا باش ئەگمەي بېرىپ ما جۇڭيىڭغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ.

«ئومۇمەن قىلغاندا قۇلبەگدىن ئىبارەت بۇ داڭلىق شەخس نەچچە يۈزلىگەن قىرغىز ياشلىرىنى تەشكىللەپ، جاپالىق ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان ...... ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ھەسسە قوشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن 1935 - يىلى 11 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن يار - يۆلەك بولۇشىنى قولغا كەلتۈرگەن جاللات شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى، قۇلبەگنى قورال ئارقىلىق بويسۇندۇرالمىغاندىن كېيىن يۇمشاق ۋاستە بىلەن ئۆز جايىدىن شەھەرگە ئالداپ ئېلىپ كېلىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى — ئىبراھىم شەنجاڭنىڭ قولى ئارقىلىق ئۆلتۈرىدۇ» ⑧.

ئومۇمەن قىلغاندا، 1930 ـ يىللاردا سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قۇلبەگنى «باندىت تۇپىلاڭچى» دەپ ئاتىدى. ئەمما قۇلبەگ ۋە ئۇنىڭ پىدائىيلىرىنىڭ مەقسىتى خەلققە زۇلۇم سالغان، خەلقنى خورلىغان، نادانلىقتا قالدۇرغان ئىستىبدات ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ ھۆرلۈككە ئېرىشىش ئىدى. «شۇرالار ھۆكۈمىتىنىڭ» ⑨ ئەسكەر ئەۋەتىپ قاتتىق باشتۇرۇشى تۈپەيلى ئۇلار مەقسەتلىرىگە يېتەلمىدى.

دېمەك، بۇ يىل قۇلبەگ ۋە ئاخۇنباي ۋەقەلىرىنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە 70 نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ ئەمما ئۇچتۇرپان ۋە ئاقچىدىكى قىرغىز خەلقى جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بۇ يۇرت سۆيەر ئوغلىنى ھازىرغىچە ئەسلىمەكتە.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① قارۇل ھازىرقى ئۇچتۇرپان ناھىيەسىگە قارايدۇ.
② ما شاۋۇ، 1918 ـ يىلدىن 1929 ـ يىلغىچە ئۇچتۇرپاندا ھاكىم بولغان.
③ شۇ دەۋرلەردە پۇلى ۋە مېلى بارلار ھەر دەرىجىلىك ئەمەلنى سېتىپ ئالاتتى.
④ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 23 ـ سان، 334 ـ، 356 ـ بەتلەر.
⑤ باي سىجاڭ ئاقسۇ كونا شەھەرلىك باي بولۇپ، شۇ يىللاردا ئاقسۇدىكى يەرلىك قوشۇنىنىڭ باشلىقى بولغان.
⑥ شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى 23 ـ سان، 142 ـ، 146 ـ، 147 ـ بەتلەر.
⑦ ھەمدۇللابىن مۇھەممەد ھاجى ئوغلى تۇرپانىنىڭ «شىنجاڭنىڭ 1913 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە بولغان دەۋردىكى ئىنقىلاب تارىخي».
⑧ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 23 ـ سان، 170 ـ بەت.
⑨ دېمەك، ئاشۇ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنى «شۇرالار ھۆكۈمىتى» دەپ ئاتايتتى.

**(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك كادىرلار مەكتىپىنىڭ پېنسىيونېرى)**

**ئاپتورلۇق خەۋەر**

★ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى)نىڭ تەتقىقاتچىسى، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ سابىق مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، ئالىي مۇھەررىر، داڭلىق شائىر يۇسۇپجان ئەخمىدى كېسەل سەۋەبى بىلەن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 2012 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 14 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۆز ئۆيىدە 68 يېشىدا ۋاپات بولدى.

يۇسۇپجان ئەخمىدى 1944 ـ يىل 12 ـ ئايدا ساۋەن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئاخبارات ساھەسىدە ئىشلەپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاخبارات ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان ئىدى. ئۇ گوۋۇيۈەننىڭ ھۆكۈمەت تەمىناتىغا ئىگە بولغان مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. 2009 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ۋە تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان ئىدى.

# سابىت داموللام كىم؟

**يالقۇن روزى**

داڭلىق تارىخچى لىۋ زىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ قىسمىدا «ھەر خىل كۈچلەرنىڭ قەشقەردىكى توقۇنۇشلىرى» دېگەن ماۋزۇ ئون تۆتىنچى باب قىلىنىپ بايان قىلىنغان. مۇشۇ بابتا ئاپتور «سابىت داموللىنىڭ قەشقەرگە كىرىشى»، «قاراقاش ئىسيانى»، «سابىت داموللىنىڭ يەكەنگە كېلىشى»، «تۆمۈر ئەلىنىڭ سابىت داموللىنى نەزەربەند قىلىشى»، «خوجىنىيازنىڭ سابىت داموللىنى قولغا ئېلىشى» دېگەن كىچىك ماۋزۇلار بويىچە سابىت داموللىنىڭ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇش جەريانىنىڭ باش ـ ئاخىرىنى بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلغان. ئاپتور سابىت داموللام توغرۇلۇق «سابىت كىچىكىدىن سىستېمىلىق ئىسلام تەلىماتى بىلەن تەربىيەلەنگەن. چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئىسلام تەلىماتىنى زېھىن قويۇپ تەھسىل قىلغان ھەمدە بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشىپ ئاتۇش، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا دىنىي ئۆلىما بولۇپ تونۇلۇشقا باشلىغان. 1929 ـ يىلىدىن كېيىن سابىت داموللام يۇرتى ئاتۇشتىن ئايرىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈپ، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى دىنىي مەكتەپلەردە، كېيىن ئىلىدا مۇدەررىسلىك قىلغان. 1930 ـ يىلى سابىت داموللام ئۆزىگە ئوخشاش ئىلىغا كەلگەن خوتەنلىك مۇھەممەتئىمىن ئىسىملىك بىر ياش بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ ... مۇھەممەتئىمىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ كەلگۈسى توغرۇلۇق سابىت داموللىدىن تەلىم سورىغاندا، سابىت داموللام بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزىنىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە بۇ مەسىلىدە مۇھەممەتئىمىن بىلەن ئورتاق تونۇشقا كەلگەن» دەپ يازغان. لىۋ زىشياۋ ئەپەندى يەنە، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قاراقاشتا بىر مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان «دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سابىت داموللام ھىندىستاندىن خوتەنگە كەلگەن. سابىت داموللام بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە تۈركىيە، ئەرەب يېرىم ئارىلى قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ كەلگەنىدى. بۇ مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلىدا سابىت داموللام بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن تۇنجى كۆرۈشۈشى ئىدى. سابىت داموللام پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇھەممەتئىمىن پىلانلىغان ھەرىكەتنى قوللىغان» دەپ بايان قىلغان. ئاپتور سابىت داموللىنىڭ مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ ئىنىسى شاھ مەنسۇر قاتارلىق ئاتامانلار بىلەن بىللە 1000 چە ئەسكەرنى باشلاپ 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ كېلىپ «قەشقەردىكى دىنىي زاتلار ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ئېقىمىدىكىلەر سابىت داموللىنى زىيارەت قىلدى. بۇ ۋاقىتتا سابىت داموللام قەشقەردە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە يادرولۇق شەخسكە ئايلاندى»، «كېيىنكى كۈنلەردە، سابىت داموللام ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئوسمان ئەلىنىڭ كۈچىنى پارچىلىدى. ئوسمان ئەلى ئاخىر قول ئاستىدىكىلەرنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتتى. مۇنداق مۇھىت يارىتىلغاندىن كېيىن، سابىت داموللام يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ‹شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى› قۇرۇشتەك بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى كۈچەيتتى. ‹ئۇ تۆمۈر، ئوسمان ئەلى قاتارلىقلارنىڭ قەشقەر بوستانلىقىدىكى جىن شۇرېننىڭ چىرىك ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇشىنى مەقسەت قىلغان ھەرىكىتىگە تۈپتىن قارشى يول تۇتتى» دەپ يازغان.

لىۋ زىشياۋ ئەپەندى سابىت داموللىغا باھا بېرىپ «سابىت داموللىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھۆكۈمەتنى ئىدارە قىلغۇدەك ئاساسى ۋە تەجرىبىسىمۇ يوق بولۇپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار شەھىرى

بولغان قەشقەردىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە زېمىندا ئېلىپ بارغان سىياسىي پائالىيىتىدە ئەكس ئەتكىنى بولسا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدى» دەپ يازغان.

شۇ جيەنيىڭ ئەپەندى «مىنگو مەزگىلىدىكى ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ (1912 – 1949)» دېگەن كىتابىدا «ئەنگلىيە بىلەن ئاتالمىش ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى›» دېگەن ماۋزۇ بويىچە سابىت داموللامنىڭ بۇ ئاتالمىش «جۇمھۇرىيەت»نى قۇرۇش جەريانىدىكى پائالىيەتلىرىنى ئىخچام بايان قىلغان. ئاپتور سابىت داموللام توغرۇلۇق توختالغاندا «سابىت داموللام قەشقەرلىك، كىچىكىدە قەشقەردىكى مەدرىسەلەردە ئوقۇغان. كېيىن مۇدەررىس بولغان. ئافغانىستان، ھىندىستانلارغا چىقىپ ئوقۇپ بىلىمىنى ئاشۇرغان. پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغان. ساياھەت قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە، ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىگە بارغان. سابىت داموللام مۇدەررىسلىك قىلىپ ئايلىنىش جەريانىدا ئاقسۇدىن چەرچەنگىچە بولغان جايلاردىكى تەسىرى زور، ئىمتىيازلىق شەخسكە ئايلانغان»، «ئۇ، تىپىك بۆلگۈنچى، مەقسىتى جۇڭگودىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل پانئىسلامىزملىق دۆلەت قۇرۇش» دەپ يازغان. سابىت داموللامنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا توختالغاندا ئاپتور مۇنداق يازغان: « 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرى يەكەنگە يېتىپ بېرىپ، قەشقەردىن يەكەنگە قېچىپ كېلىۋالغان سابىت داموللام ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ‹مىنىستىرلىرى›نى قولغا ئالغان. كېيىن، خوجىنىياز ھاجى سابىت داموللام قاتارلىق بۆلگۈنچىلەرنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرگەن. 7 ـ ئايدا، سابىت داموللام ئاقسۇدا ئۆلتۈرۈلگەن (بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىسىدە ئۆلگەن).»

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ سابىق باشلىقى جاڭ شۇمىڭنىڭ «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بىلەن مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى ھەم ئۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر» دېگەن كىتابىدا «شىنجاڭدىكى ‹ئۈچ خىل كۈچ›نىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە مۇرەككەپ خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈش» دېگەن بىر چوڭ ماۋزۇ بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭ ئىچىدىكى «‹شەرقىي تۈركىستان› كۈچلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى» دېگەن كىچىك ماۋزۇدا 1933 ـ يىلى قۇرۇلغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى ئەيىبلەپ كېلىپ «مەزكۇر ھۆكۈمەت» گەرچە «ئىنتايىن قىسقا مەزگىل داۋام قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، زىيىنى ئىنتايىن زور بولدى»، «بولۇپمۇ، قېلىپلاشمىغان جۇغراپىيەۋى نام بولغان ‹شەرقىي تۈركىستان›غا پۈتۈنلەي سىياسىي مەنە بېرىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئالماش سۆزىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئاتالغۇ شىنجاڭنى بۆلۈۋالماقچى ۋە مۇستەقىل قىلماقچى بولغانلارنىڭ سىياسىي بايرىقىغا ئايلىنىپ قالدى»، نەتىجىدە « 1944 ـ يىلى غۇلجىدا ئېلىخان تۆرىمۇ ‹شەرقىي تۈركىستان› بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى» دەپ كۆرسەتكەن.

دېمەك، يۇقىرىقى نوپۇزلۇق كىتاب، تارىخىي ئەسەر، تەتقىقات ماتېرىياللىرىدىكى مەزمۇنلاردىن سابىت دامولىنىڭ شىنجاڭنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي قاتارلىق ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار ۋە مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، مەسئۇد سەبرى، ئەيسا ئالىپتېكىن، ئېلىخان تۆرە، ئوسمان ئىسلام قاتارلىق مەشھۇر مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان سەلبىي تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھازىرغىچە ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، ما جۇڭيىڭ توغرۇلۇق مەخسۇس كىتابلار نەشر قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى كەڭ ـ كۆلەمدە تەنقىد ۋە تەھلىل قىلىندى. نى يۈچىڭ ئەپەندى «مۇھەممەتئىمىن بۇغرا قانداق كىشى»، خۇاڭ جيەنخۇا ئەپەندى «ۋۇ جۇڭشىن ۋە مەسئۇد»، لو شاۋۋېن ئەپەندى «ئەيسا ئالىپتېكىننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى»، ليۇ شياڭخۇي ئەپەندى «مەسئۇدنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى نابۇت قىلغان خاتا تاللىشى» دېگەن ماقالىلەرنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەردى. لېكىن سابىت دامولىنىڭ ھاياتى ۋە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان ماقالە ـ ئەسەرلەر ئېلان قىلىنمىدى. پەقەت شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشر قىلغان

خەنزۇچە «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر لۇغىتى» دېگەن كىتاب بىلەن 2004 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنىڭ 2 ـ قىسمىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئىككى كىتابتا بايان قىلىنغان تارىخىي مەزمۇنلاردا پەرق زور ھەم خاتا جايلار كۆپ بولۇپ قالغان. سەيپىدىن ئەزىزىمۇ ئۆزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا «1930 ـ يىللاردىكى خەلق قوزغىلىڭى ئۈستىدە سۆز ئاچقاندا قەشقەردىكى خەلق قوزغىلىڭىغا قاتناشقان داڭلىق كىشىلەر ئىچىدە سابىت داموللىنىڭ ئىسمى كۆزگە چېلىقمىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا ئۇنى قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى دەپ تىلغا ئالىدۇ. بۇ خاتا» ( 216 ـ بەت )دەپ يازغان. ئۇ مەزكۇر كىتابىدا يەنە قاراقاشتا 1933 ـ يىلى قۇرۇلغان «ھۆكۈمەت» توغرۇلۇق «بۇ ھۆكۈمەتكە مۇھەممەتنىياز ئەلەم ئاخۇن رەئىس، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ھەربىي قوماندان، سابىت داموللام مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە مۇئاۋىن ھەربىي قوماندان بولۇپ سايلانغان» دەپ يېزىپ سابىت داموللىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغاندا ئاتايىتەن «بۇ قەشقەردە ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى›گە باش ۋەكىل (زۇڭلى) بولغان سابىت داموللام ئەمەس» (295 ـ بەت) دەپ ئەسكەرتكەن. روشەنكى، 1933 ـ ۋە 1934 ـ يىلى 18 ـ 19 ياشلىرىدا قەشقەردىكى بىر ـ بىرىگە قارشى سىياسىي ۋە قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئىللىششىغا ئىشتىراك قىلىپ، شۇ ئىشلارغا شاھىت بولغان سەيپىدىن ئەزىزىمۇ سابىت داموللام توغرۇلۇق خاتا مەلۇمات بەرگەن.

دېمەك، تۈرلۈك كىتاب ۋە ماقالىلاردا سابىت داموللامنىڭ ھاياتى ۋە بولغۇنچىلىك پائالىيەتلىرى چولتا، زىددىيەتلىك، خاتا بايان قىلىنىپلا قالماستىن ئۇنىڭ سۈرىتىمۇ خاتا بېكىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ما شۈكاڭنىڭ «يۈز يىلدىن بۇيانقى قەشقەر (1840 ـــ 1949)» ناملىق كىتابىنىڭ ئىچىدە «‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى›نىڭ باش ـ ئاخىرى» دېگەن بىر ماقالە بولۇپ، ئاپتور مۇشۇ مەزمۇنغا بىر پارچە سۈرەتنى بېرىپ (70 ـ بەت)، ئاستىغا «كونا ماركىلىق مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇر سابىت داموللام» دەپ چۈشەندۈرۈش بەرگەن. سۈرەتتىكى كىشى يۈزى سوزۇق، ئاق ساقاللىق كىشى بولۇپ، سابىت داموللام يۇمىلاق يۈزلۈك، قارا ساقال ئادەم ئىدى. يۈزى ۋە ساقىلى ئوخشىمىغاندىن باشقا چىراي ئالامەتلىرىمۇ پەقەتلا يېقىن كەلمەيدۇ. دېمەك، سۈرەت خاتا بېكىتىلگەن. شېرىپ خۇشتار ئەپەندى تۈزگەن «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» دېگەن كىتابنىڭ باش قىسمىغا 20 ۋاراقتىن ئارتۇقراق تارىخىي سۈرەت بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدا بىز ئىسمىنى ئاتىغانلاردىن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، ما جۇڭيىڭ، ئوسمان ئىسلام، ئېلىخان تۆرە، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، مەسئۇد سەبرى، ئەيسا ئالىپتېكىنلەرنىڭ ئۆلچەملىك سۈرىتى بېرىلگەن. سابىت داموللامنىڭ كوللېكتىپ بىلەن چۈشكەن سۈرىتى بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، چۈشەندۈرۈشتە قولىدا تەسۋىي تۇتۇپ ئولتۇرغان كىشىنى سابىت داموللام دەپ خاتا كۆرسىتىپ قويغان.



خوش، ئۇنداقتا سابىت داموللامغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ماتېرىياللاردىكى خاتالىقلار، كەمتۈكلۈكلەر شۇ پېتى كېتىۋېرەمدۇ ياكى ئۇنى تۈزىتىپ، چامىمىزنىڭ يېتىشىچە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەزكىرە، قامۇس، لۇغەت ۋە تارىخ تەتقىقاتىغا ئائىت كىتابلارغا يېڭى، توغرا، سىستېمىلىق ماتېرىيال ھازىرلاپ بېرىش زۆرۈرمۇ؟ تارىخىي

چىنلىقنى، تارىخىي پاكىتنى، تارىخىي ماتېرىياللارنى قەدىرلەيدىغان ھەربىر تەتقىقاتچى بۇ مەسىلىگە «زۇرۇر» دەپ قارايدۇ، ئەلۋەتتە. مەن مۇشۇنى نەزەردە تۇتۇپ، توپلىغان ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا دەسلەپكى قەدەمدە سابىت داموللامنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە ئۆلچەملىك سۈرىتىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە سۇندۇم. تەتقىقاتچىلارنىڭ خاتا جايلىرىنى تۈزىتىپ ۋە كەم جايلىرىنى تولۇقلاپ پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سابىت داموللام 1883 ـ يىلى قەشقەر ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىدە ئابدۇلباقى ئىسىملىك كىچىك سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.[①] باشلانغۇچ دىنىي تەربىيەنى ئازاقتا چوڭ ئەلەم ئاخۇنۇم دېگەن كىشىدىن ئالغان. كېيىن قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇغان. 1900 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇغان. 1914 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ داموللا بولۇپ، ئۇدۇل غۇلجىغا كېلىپ، ئازاقلىق يۇرتداشلىرى ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان سۈيدۈڭدە ئىسمائىل ھاجى دېگەن كىشىنىڭ قىزى رابىيەگە ئۆيلىنىپ ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. سابىت داموللامنىڭ ئايالى بىلەن ئوغلىنى سۈيدۈڭدە قالدۇرۇپ، قەشقەرگە نېمە سەۋەبتىن قايتىپ كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. بەزىلەر سۈيدۈڭدىكى «رەستە ۋەقەسى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارىشىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ 1916 ـ يىلى سۈيدۈڭدە «رەستە ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرىغا ئوت كېتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. 1917 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سۈيدۈڭگە كەلگەن شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ باج خادىمى شيې بىننىڭ «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا بۇ ۋەقەگە ئالاقىدار مۇنداق ئۇچۇر بار: «سۈيدۈڭ سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى تۆت چاقىرىم ئەتراپىدا ئىكەن، بۇ قەلئە ئىلىدىكى توققۇز كورەنىڭ بىرى ئىكەن. بازارلىرىنىڭ ئاۋاتلىقى ماناس بىلەن ئوخشاش بولۇپ، سودا دۇكانلىرى جەنۇبىي قوۋۇق چوڭ كوچىسى ۋە جەنۇبىي قوۋۇقتا ئىكەن. جەنۇبىي قوۋۇقتا ئاساسەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ دۇكانلىرى، سېپىل ئىچىدە پۈتۈنلەي تيەنجىنلىك سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرى جايلاشقان ئىكەن. جەنۇبىي قوۋۇقتىكى بازار ئالدىنقى يىلى ئوت كېتىپ ۋەيران بولغانىكەن. ھازىر بولسا دۇكانلارنىڭ ھەممىسى يېڭىلىنىپ ئۆيلەر رۇس پاسونىدا سېلىنىپتۇ. ئۆيلەر رەتلىك، كۆركەم، كوچىلار كەڭ ئىكەن.» (79 ـ بەت) «رەستە ۋەقەسى»دە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ دۇكانلىرى كۆيۈپ كېتىپ، پەقەت سېپىلغا تۇتاش سېلىنغان بىر ئۆينى ئىشرەتخانا قىلىۋالغان، «جۇخۇازى» دەپ نام ئالغان كوچىلىق بىر سەتەڭ ئايالنىڭ ئۆيىلا ساق قالغان. مانا مۇشۇ «رەستە ۋەقەسى» سەۋەبىدىن سۈيدۈڭدىكى ئۆلىمالار ھەم سودىگەرلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەن. بەزى نادان سودىگەرلەر بىز ئۆشرە ـ زاكاتنى ئايرىۋاتقان تۇرساق بىزنىڭ دۇكانلىرىمىز كۆيۈپ، كېچە ـ كۈندۈز ئەيش ـ ئىشرەت قايناپ تۇرىدىغان بىر بۇزۇق خوتۇننىڭ ئۆيىنىڭ ساق قالغىنى نېمىسى، دېيىشىپ ئۆلىمالارنىڭ كۆزىگە كىرىۋالغان. سابىت داموللام مۇشۇ «رەستە ۋەقەسى»دىن كېلىپ چىققان ئىختىلاپلار تۈپەيلى ئايالى بىلەن ئوغلى ئابدۇللانى سۈيدۈڭدىكى تۇغقانلىرىنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى قەشقەرگە قايتىپ كەتكەن، دېيىشىدۇ. ئەمما تۈركىيەلىك گېنېرال زىيا يەرگۆكنىڭ ئەسلىمىسىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، يۇقىرىقى سەۋەبنىڭ چىنلىقىغا تازا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. زىيا يەرگۆك قاتارلىق ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان بىر تۈركۈم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى 1915 ـ يىلى ئەرمىنىيەنىڭ سارقامىش دېگەن يېرىدە رۇسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ سىبىرىيەگە پالانغان. ئۇلار 1918 ـ يىلغىچە سىبىرىيەدە ئەسىرلىكتە ياشىغان. 1918 ـ يىلى 10 ـ ئايدا رۇسىيەدىكى ئىنقىلابلار سەۋەبىدىن كونتروللۇق بوشىغاندا زىيا يەرگۆك قاتارلىق ئالتە ئوفىتسېر ـ ئەسكەر قېچىپ قازاقىستاننىڭ شەمەي شەھىرىگە كەلگەن. ئۇ يەردە ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى ئابدۇرەھىم بايۋەچچە بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. ئابدۇرەھىم

① سابىت داموللامنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى توغرۇلۇق ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ماتېرىياللاردا مۇشۇ يىلنامە ئاساس قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما تۈركىيەلىك گېنېرال زىيا يەرگۆك ئۆزىنىڭ «سارقامىشتىن ئەسارەتكە (1915—1920)» دېگەن ئەسلىمىسىدە، 1918 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سۈيدۈڭدە سابىت داموللام بىلەن بىللە بولغاندا «بۇ كىشى 30 ياشتا يا بار، يا يوقتى» دەپ يازغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا سابىت داموللام 1880 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى تۇغۇلغان بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



بايۋەچچە ئىستانبۇلدىكى گالاتاساراي ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان بولغاچقا، ئۇلار بىلەن تېزلا سىردىشىپ
چىقىشىپ كەتكەن ھەم قورغاستا تۇرىدىغان شامى داموللا دېگەن كىشىگە ھەمراھ قىلىپ سۈيدۈڭگە ئۇزى-
تىپ قويغان. ئۇلار دۆرىلجىن ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىپ شىخۇدىن شۇ يىلى 11 ـ ئايلاردا سۈيدۈڭگە
يېتىپ كەلگەن. سۈيدۈڭگە كەلگەندىن كېيىن شامى داموللا ئۇلارنى، سابىت داموللامنىڭ ئۆيىگە ئاپارغان.
سابىت داموللام ئۇلارنى بىر ھەپتە كۈتۈۋېلىپ ھەم ئالتە ئات تەييارلاپ مەھەللىنىڭ ئىمامىنى يول
باشلاشقا تەيىنلەپ، ئىلى دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ، يەتتەسۇدىكى ياركەنت تەۋەسىگە يەتكۈزۈپ قويغان. زىيا
يەرگۆكنىڭ باياندىن قارىغاندا، سابىت داموللام 1918 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ تېخى سۈيدۈڭدە ئىدى.
بۇ چاغدا «رەستە ۋەقەسى»نىڭ يۈز بەرگىنىگە ئىككى يىل بولۇپ قالغانىدى. نېمە سەۋەبتىن بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر سابىت داموللام ئائىلى بىلەن ئوغلىنى سۈيدۈڭدە قالدۇرۇپ قويۇپ قەشقەرگە كەلگەن. ئۇنىڭ
قەشقەرگە كەلگەن چاغلىرى 1919 ـ يىلى ياكى 1920 ـ يىلى بولۇشى ئېھتىمال. سابىت داموللام قەشقەر-
گە كەلگەن چاغلار ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق جەدىدچىلەر زور كۈچ بىلەن ياۋروپالىق
دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ دىن تارقىتىش يولىدىكى ھەر خىل ئۇسۇللىرىغا قارشى كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ
ئاممىۋى دولقۇن شەكىللەندۈرۈۋاتقان چاغلار ئىدى. سابىت داموللىنىڭ دىنىي مەلۇماتى ئالاھىدە يۇقىرى
بولغاچقا، قەشقەردىكى داڭلىق مەدرىسەلەردە مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى پائالىيىتى
ئابدۇقادىر داموللام يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان جەدىدچىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ خىرىستىيان دىن تارقاتقۇ-
چىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە بولغان.

1924 ـ يىلى قەشقەردىكى ئىلغار ياشلار بىلەن تەقۋادار تالىپلار ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئورۇنلاشتۇ-
رۇشى بىلەن خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرىغا قارشى كۈچ كۆرسىتىش نامايىشى قىلغان. 1917 ـ يىلى-
دىكى «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» ئارقىلىق چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ، بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتى بارلىققا
كەلگەن. نەتىجىدە، قەشقەردىكى رۇسىيە كونسۇلخانىسى تاقىلىپ قالغان. ئەزەلدىن تەسىر كۈچ جەھەتتە
رۇسىيە كونسۇلخانىسىدىن ئارقىدا تۇرۇپ كەلگەن قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ تەسىرى باشقا
رەقىبى بولمىغاچقا، بۇ چاغدا راسا كۈچەيگەن. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىمۇ ئۇلارنى زىيادە ھىمايە قىلغان.
مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئابدۇقادىر داموللام ئورۇنلاشتۇرغان نامايىش ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى، شىۋېتسىيە
مىسسىيونېرلىرى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان. نەتىجىدە، نامايىشقا
قاتناشقان ھەم ئۇيۇشتۇرغانلارنى قولغا ئېلىپ جازالاش باشلانغان. ئابدۇقادىر داموللام شۇ يىلى 8 ـ ئايدا
قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ۋەزىيەت زىيادە كەسكىن بولغاچقا خەۋپسىرىگەن كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپكە
قاچقان. سابىت داموللام شۇ يىللاردا غۇلجىغا چىقىپ پاناھلانغان. ئۇ غۇلجىدا تۇرغان دەسلەپكى يىللاردا
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ئىزلىرى سۆزلەنگەن چوڭ ھەجىملىك كىتابى «شېرىن كالام» نى يېزىپ
تاماملاپ، 1927 ـ يىلى سودىگەر ـ بايلارنىڭ ياردىمىدە كۇرەدىكى ھۆكۈمەت مەتبەئەسىدە كۆپەيتىپ
باستۇرغان. بۇ كىتاب ئۇنىڭغا زور ئاممىۋى نوپۇز ئاتا قىلغان. شۇ يىلىدىن باشلاپ ئۇ غۇلجىدىكى دەڭ
مەسچىتىدە «قۇرئان كەرىم»نى ئاغزاكى تەرجىمە قىلىپ، بۇ ئىشنى ئىككى ـ ئۈچ يىل داۋاملاشتۇرغان. ئۇ
شۇ يىللاردا يەنە ئىسلام دۇنياسىدا تەسىرى زور ئىبنى مالىك دېگەن ئالىمنىڭ مەدرىسەلەردە دەرسلىك
قىلىنىۋاتقان ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى توغرىسىدىكى «ئەلفىيە» ناملىق كىتابىغا شەرھ ۋە ھاشىيە
يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ بۇ كىتابى «شەرھى ئەلفىيە» دەپ ئاتالغان.

1920 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئوتتۇرا ئاسىيادا بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتىگە قارشى
باسمىچىلار ھەرىكىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە مەغلۇپ بولۇشى، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ،
تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، خەلىپە تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى، ھىندىستاندىكى ئەنگلىيەگە
قارشى ھەرىكەتلەر، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى قاتارلىق بىر قاتار جاھاننى زىلزىلىگە
سالغان ئىشلار يۈز بېرىپ، ئىسلامىيەت دۇنياسى داۋالغۇپ كەتكەنىدى. تۇرلۇك ئىنقىلاب، مىللىي ھەرد-

كەت، بۆلۈنۈش ئېستىكى دۇنياۋى ئېقىم بولۇپ قالغانىدى. بۇ ھادىسىلەر شىنجاڭ مىقياسىدىكى ئەزەلدىن سىياسىيغا بولغان قىزغىنلىقى سۇس موللا ـ ئۆلىمالار قاتلىمى ئارىسىدىمۇ تەۋرىنىش پەيدا قىلغان. نەتىجىدە، ئۇلار ئارىسىدا توغرا سىياسىي ئاڭغا ئىگە كىشىلەرمۇ، ناتوغرا سىياسىي غەرەزگە ئىگە كىشىلەرمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىغان. سابىت داموللام ئۈچۈن ئېيتقاندا، غۇلجىدىكى مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئۇنىڭ دىنىي ئالىملىقتىن بارا ـ بارا سىياسىي غەرەزلىرى شەكىللەنگەن بىر بۆلگۈنچىگە ئايلىنىش جەريانى بولۇپ قالغان. بۇنى ئۇنىڭ 1930 ـ يىلى غۇلجىدا مۇھەممەتئىمىن بۇغرا بىلەن ئۇچراشقاندا دېگەن گەپلىرىدىن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مۇھەممەتئىمىن بۇغرا كەلگۈسىدە «چوڭ ئىشلار»نى تەۋرىتىشنى پىلانلاپ، ئالدى بىلەن جايلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئۈچۈن، شۇ يىللاردا خوتەندىن چۆچەككە چىقىپ، چۆچەكتىكى مەشھۇر تاتار ئالىم مۇرات ئەپەندىدىن تەلىم ئالغاچ غۇلجىغا كەلگەن. غۇلجىدا سىياسىي غەرەزلىرى تامامەن ئوخشاش بولغان بۇ ئىككىيلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن. ئۇلار كۆرۈشۈپلا بىر ـ بىرىنى ئىزدىشىپ يۈرگەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان. سابىت داموللام ھەم مەلۇماتلىق، ھەم ناتىق بولغاچقا، يېشى ئۆزىدىن 15 – 16 ياشلار كىچىك مۇھەممەتئىمىن بۇغرادا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. سابىت داموللام شۇ قېتىمدا مۇھەممەتئىمىن بۇغراغا قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر تاللاش ئىكەنلىكىنى، قوراللىق ئىسيان كۆتۈرىدىغان ئەڭ ياخشى ئورۇننىڭ خوتەن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. نىيەت ـ مەقسەتلىرى بىر يەردىن چىققان بۇ ئىككىيلەن ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىپ، مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشكەن. مۇھەممەتئىمىن بۇغرا خوتەنگە قايتىپ كېلىپ قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلغان. سابىت داموللام 1931 ـ يىلى ئەتىيازدا ئون نەچچە ياشلىق ئوغلى ئابدۇللانى ئېلىپ دۇنيا ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ كېلىش ئۈچۈن رۇسىيە ئارقىلىق ھەجگە ماڭغان. ئۇ رۇسىيەدىن تۈركىيەگە بارغان، ئاندىن مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان. ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھىجاز، ئىسكەندىرىيە، مىسىر، ھىندىستان قاتارلىق جايلارنى ئايلانغان. بۇ جەرياندا يازغان «جەۋھەر ئەقىدىلەر» دېگەن كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۇ ئېنىق قىلىپ «تولىمۇ ئەپسۇس، بۇ ساياھىتىمدە قەيەرگە بارسام ئىسلام دىنىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قاتتىق ھەسرەتلەندىم ھەمدە بۇ مەسىلىدە ئۇزاق ئويلاندىم» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم قىلغۇدەك بىرەر كۈچنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ ھەسرەت چەككەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئۇ بۇ ساياھىتى جەريانىدا مىسىر، ھىجاز ۋە تۈركىيەدىكى پانئىسلامىزمچى ئالىملار بىلەن تونۇشقان. ئۇلاردىن «نۇسرەت قازىنىش»نىڭ يوللىرىنى سورىغان. ئۇ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە يەنە مۇنداق يازغان: «بۇ ھەقتە ئۇزاق تەپەككۇر قىلدىم. ئىستانبۇل، ئىسكەندىرىيە، مىسىر، ھىجاز ۋە ھىندى ئۆلىمالىرىنىڭ ھەقىقەتپەرۋەرلىرى بىلەن مۇزاكىرىلەشتىم. مۆھتەرەم، تەڭداشسىز ئۆلىما، دوكتور رەشىد رىزا بىلەن نەچچە مەجلىسلەردە بىللە بولۇپ پىكىر ئالماشتۇردۇم»، ئۇلار ماڭا «ئۆمەر ئىبنى كەرەبىنىڭ ‹ئەمرۇل بايان› دېگەن كىتابىنى ۋە شاملىق (سۈرىيەلىك) ئۆتكۈر سىياسىيون، مەشھۇر خەتىب شەكىب ئارسلاننىڭ ‹مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قېلىپ، باشقىلار ئىلگىرىلەپ كېتىدۇ› دېگەن كىتابىنى بەردى، كۆڭۈل قويۇپ كۆرۈپ چىقتىم. ئۇ كىشىمۇ مۇشۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلغانىكەن.»

سابىت داموللام بۇ ئىككى يىللىق ساياھىتى جەريانىدا سىياسىي غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى ئۈستىدە تىنىم تاپماي ئىزدەنگەن. توختىماي كىتاب ئوقۇغان. ھەر خىل نامدا ئېچىلغان يىغىن ۋە يىغىلىشلارغا قاتناشقان. ئاشۇ سورۇنلاردا مەجىد كەردى، ئىبراھىم غەززاۋى، ئابدۇلقۇددۇس ئەنسارى، تاتار ئالىم ئابدۇرەشىد ئىبراھىم قاتارلىقلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان. ئۇنىڭ «ئەقىدە جەۋھەرلىرى» دېگەن كىتابىدىكى ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، ئۇ بۇ جەرياندا «ئىسلام قانۇنى» ناملىق ئىككى توملۇق كىتابىنى يېزىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، ۋاقىت چىقىرالمىغانلىقىدىن ئۆكۈنگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

شۇنداقتىمۇ «جەۋھەر ئەقىدىلەر» ناملىق كىتابىنى، يۇرتداشلىرىغا «خورما ۋە زەمزەم» ئورنىدا سوۋغا قىلماقچى بولۇپ تۈزۈپ* تەييارلىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ بۇ كىتابىنى خوتەن يۇرۇڭقاشلىق تىجارەتچىلەر ئابدۇسەمەجان ۋە ئەمەتجان باي دېگەن سودىگەرلەرنىڭ باللىرىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن دېھلى شاھجاھاندىكى «مەھبۇبۇلمەتابىئە مەتبەئەسى»دە باستۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن. 32



ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرغۇچىسى سابىت داموللامنىڭ ئۆلچەملىك سۈرىتى

سابىت داموللام 1923 ـ يىلى نويابىردا ئىككى يىللىق ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ شىنجاڭغا قاراپ يول ئالغان. ئۇ يۇقىرىقى كىتابىدا «بۇ سەپىرىمدە قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە ئىبرەت ۋە تەجرىبە ھاسىل قىلدىم» دەپ يازغىنىدەك، سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان بىر سىياسىي بۆلگۈنچىدە بولۇشقا تېگىشلىك مول تەجرىبىلەرنى توپلاپ، قەتئىي ئىرادە تۇرغۇزۇپ ھىندىستاندىن گۇمىغا كەلگەن. قائىدە بويىچە ھەج تاۋاپ قىلىپ قايتقان ھاجىلار ئالدى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە يۇرتداشلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان ئادەت بولسىمۇ، پۇتكۈل ۋۇجۇدى مۇستەقىللىق ئىدىيەسى بىلەن زەھەرلەنگەن بۇ يېڭى ھاجى يۇرتى ئاتۇشقا قاراپ ماڭماستىن، ئۇدۇل خوتەنگە بېرىپ غۇلجىدا تىل بىرىكتۈرگەن مەسلەكدىشى مۇھەممەتئىمىن بۇغرا بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ خوتەنگە بېرىشىغا رامىزان ئېيى كىرگەن. ئۇخلىسىمۇ مۇستەقىللىق چۈشى كۆرىدىغان، پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدىغان بۇ تەۋرەنمەس بۆلگۈنچى ئۆزىنىڭ ناتىقلىق كارامىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، رامىزان ئېيىدا قاراقاشتا جىھاد ھەققىدە توختىماي ۋەز ئېيتىپ، بىر تەرەپتىن كىشىلەرگە مۇستەقىللىق ئىدىيەسىنى سىڭدۇرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي نوپۇزىنى تىكلىگەن. غۇلجىدىن كەلگەندىن بېرى قوزغىلاڭ قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ كېلىۋاتقان مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ماددىي تەييارلىقلارنى تېخىمۇ تېزلەتكەن. نى يۇچىڭ ئەپەندىنىڭ «مۇھەممەتئىمىن بۇغرا قانداق كىشى» دېگەن ماقالىسىدە يېزىلىشىچە، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا «قوزغىلاڭغا ئاكتىپ تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغ دەل قاراقاش ناھىيەسىنىڭ خەلققە قاتتىق زۇلۇم سالغان، گۇناھى چېكىدىن ئاشقان ھاكىمى يەن جۇ ئەسكەر ئېلىۋاتقان چاغ بولغاچقا، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا دەرھال ئۇۋچى ئاقتۇرسۇن قاتارلىقلارنى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قاتارىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان.»

1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سابىت داموللام بىلەن مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەرنى ئوق مىلتىقى، قىلىچ، چوماق قاتارلىقلار بىلەن قوراللاندۇرۇپ قاراقاش ناھىيەلىك يامۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىچىدىكىلەرنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ناھايىتى ئاسانلا غەلىبە قازانغان. ئۇلار ئارقىدىنلا خوتەنگە ھۇجۇم قىلغان. خوتەندىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى قورقۇپ كېتىپ قارشىلىق كۆرسەتمەيلا تەسلىم بولغان. نەتىجىدە، قاراقاشتىن كەلگەن ئىسيانچىلار خوتەننى ئورۇۋشمايلا ئىگىلىگەن. خوتەن ئەتراپىدىكى ناھىيەلەرمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ئادەملىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. نەتىجىدە 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» دېگەن بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. بۇ «ھۆكۈمەت»تە

مۇھەممەت نىياز ئەلەم دېگەن كىشى دىنىي داھىي، سابىت داموللام ئالىي مەسلىھەتچى، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا باش قوماندان بولغان. مۇھەممەتئىمىن بۇغرا باش قوماندان بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۇنداقلا مىجەزى چۈس، ئۇرۇشتا باتۇر ئىنىلىرى شاھ مەنسۇر ۋە ئەمىر ساھىبلارنىڭ ئوڭ - سول ياردەمچى بولۇشى بىلەن ئەمەلىي ھوقۇقى ئەڭ زور شەخس ھېسابلىناتتى. «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرۇلۇپ، چەرچەندىن تارتىپ يەكەنگىچە بولغان جايلارنى ئۆز تىزگىنىگە ئالغاندىن كېيىن، سابىت دامولللام بۇ قورال‌لىق ئىسيانىنى كېڭەيتىپ، قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش توغرۇلۇق مۇھەممەتئىمىن بۇغراغا كۆپ مەسلىھەت كۆرسىتىپ، ئاخىر ئۇنى كۆندۈرگەن. نەتىجىدە، سابىت دامولللام بىلەن مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ ئىنىسى شاھ مەنسۇر 1000چە ئەسكەرنى باشلاپ، كۆپ مۇشەققەتلەر بىلەن 1933 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇزاقتىن بېرى ما فۇشىڭ، ما شاۋۋۇ قاتارلىق زالىم ئەمەلدارلارنىڭ دەردىنى تارتىپ تويۇپ كەتكەن ئاددىي خەلق سابىت دامولللام بىلەن شاھ مەنسۇرنى نىجاتكار بىلىپ تولىمۇ داغدۇغىلىق قارشى ئالغان. خەلقئارادىكى كۆزىتىشلىرى ئاساسىدا «مول تەجرىبە توپلىغان» سابىت دامولللام ئۆزىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدىيەۋى ئاساس تەييارلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىدىغان بولغاچقا، 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ھەپتىدە بىر سان نەشر قىلىنىدىغان «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» دېگەن گېزىتنى نەشر قىلدۇرغان. گېزىتنىڭ سەھىپە مەزمۇننى «دىنىي، مىللىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئەخلاقىي، سىياسىي گېزىت» دەپ بېكىتكەن. سابىت دامولللام بىلەن شاھ مەنسۇر قەشقەرگە كەلگەن مەزگىلدە قەشقەر تۆمۈر سىجاڭنىڭ قولىدا، يېڭىشەھەر ما جەنساڭنىڭ قولىدا ئىدى. ما جەنساڭنىڭ يېنىدا ھۆكۈمەتنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى ۋە قەشقەر دوتيىي ما شاۋۋۇمۇ بار ئىدى. قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى مۇرەككەپ ئىدى. قەشقەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەلگەن باسمىچىلارنىڭ ئاتامانلىرى بولغان ئۆزبېك يۇسۇفجان قۇربېشى، سېتىۋالدىجان قۇربېشى ۋە قىرغىز جانىبېك قاتارلىق قورال‌لىق كۈچلەرمۇ بار ئىدى. يەرلىك قىرغىزلاردىن چىققان ئوسمان ئەلىنىڭ ئاتامانلىقىدا تەشكىللەنگەن ئاتۇشلۇق كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ، ئابدۇقادىر ھاجى تۇەنجاڭ قاتارلىق قورال‌لىق كۈچلەرمۇ بار ئىدى. تۆمۈر سىجاڭ ساددا ئادەم بولغاچقا، ما جەنساڭنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئەتراپىدىكى ئوسمان ھەم باشقا ئاتامانلار بىلەن چىقىشالماي كېلىۋاتاتتى. تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردە نوپۇزىنى كۈچەيتەلمەي جىلە بولۇپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە سابىت دامولللام قاتارلىقلار قەشقەردە پەيدا بولغان. سابىت دامولللام بىلەن شاھ مەنسۇر تۆمۈر سىجاڭغا ئاۋۋال كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ يېڭىشەھەردىكى ما جەنساڭنى يوقىتىش تەكلىپىنى بەرگەن. تۆمۈر سىجاڭ سابىت دامولللام بىلەن شاھ مەنسۇرغا خوتەندىن ئېلىپ كەلگەن ئەسكەرلىرى بىلەن كورلىغا بېرىپ خوجىنىياز ھاجىغا ياردەملىشىپ ما جۇڭيىڭغا قارشى جەڭ قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن. ئىككى تەرەپنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقمىغان. سابىت دامولللام بىلەن شاھ مەنسۇر قەشقەردىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغاندەك ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتقان. ئۇلار «خوتەن ئىدارىسى» دېگەن بىر يېڭى ئورۇننى تەسىس قىلىپ، شۇ ئورۇننى بازا قىلىپ، قەشقەردە تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشقا كىرىشكەن. سابىت دامولللام قەشقەردىكى گۇرۇھلارنىڭ مۇرەككەپلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ «خوتەن ئىدارىسى» دېگەن بۇ ئورۇننى قۇرۇشتىكى مەقسىتىنى «خوتەن ياردەم بەرگەن ئۇرۇش لازىمەتلىكلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى» دەپ چۈشەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي غەرىزىنى ۋاقىتىنچە يوشۇرغان.

تۆمۈر سىجاڭ سابىت دامولللام بىلەن شاھ مەنسۇرنىڭ قەشقەردىكى تەسىرىنىڭ كۈنسايىن كېڭىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن 1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈندىن باشلاپ ئۇلار بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا قارشىلىشىشقا باشلىغان ھەم بارا - بارا بۇ قارشىلىقنى چېكىگە يەتكۈزۈپ، 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سابىت دامولللام بىلەن شاھ مەنسۇرنىڭ ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي قورالسىزلاندۇرغان. سابىت دامولللام بىلەن شاھ مەنسۇرنى نەزەربەند قىلىپ، ئەسكەرلىرىنى خوتەنگە قوغلىۋەتكەن، ۋەزىيەتنىڭ ياماناشقانلىقىنى كۆرگەن ئوسمان تۇەنجاڭمۇ تاغقا چىقىپ كەتكەن. نەتىجىدە،

uyghurkitap.com



تۆمۈر سىجاڭ قەشقەرنىڭ خوجىسى بولۇپ قالغان. خېلىدىن بېرى يېڭىشەھەردە مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈۋاتقان ما جەنساڭ قەشقەردە پەقەت تۆمۈر سىجاڭنىڭلا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆزىنى پادىشاھتەك ھېس قىلىپ، خۇشال يايراپ بىخۇدلاشقان پەيتىنى پەملەپ، 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ماشىنا بىلەن شەھەر سىرتىغا كېتىۋاتقاندا پىستىرما قۇرۇپ ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. نەتىجىدە، قەشقەر شەھىرى تۇڭگانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. 1924 ـ يىلىدىن بېرى قەشقەرگە دوتەيلىك قىلىپ كېلىۋاتقان تۇڭگان ما شاۋۋۇ بىلەن ما جەنساڭ يېڭىشەھەردىن قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ جايلاشقان. شۇ كۈندىكى ئۇرۇش جەريانىدا سېتىۋالدىجان قۇربېشى دېگەن ئۆزبېك ئاتامانىنىڭ ئادەملىرى شاھ مەنسۇر بىلەن سابىت داموللامنى نەزەربەندىتىن قۇتۇلدۇرغان. شاھ مەنسۇر دەرھال يەكەنگە ئاتلىنىپ ئۆز ئەسكەرلىرىنى توپلىغان. سابىت داموللام ئاتۇشقا چىقىپ شۇ يەردە پاناھلىنىۋاتقان ئاتامانلار بىلەن قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ پىلانىنى تۈزگەن. تاغقا چىقىپ كەتكەن ئوسمان قىرغىزنى تەكلىپ قىلىپ كۈچىنى يېڭىباشتىن تەشكىللىگەن. ئۇلار 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەرگە ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا پۈتۈشكەن. ئوسمان ئەلى ئۆز ئادەملىرى بىلەن تاغ تەرەپتىن، سابىت داموللام ئۇيغۇر تۇەنجاڭ، ئۆزبېك ئاتامانلار بىلەن ئاتۇش تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىغان. بىر كۈن قاتتىق ئۇرۇشۇپ، ئاخىر تۇڭگانلارنى يېڭىشەھەرگە چېكىندۇرگەن. قەشقەر قولغا كەلگەندىن كېيىن سابىت داموللام قاتارلىقلار قەشقەر تەرەپكە كېلىۋاتقان خوجىنىياز ھاجىنى خاتىرجەم قىلىش ھەم ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، تۇرپانلىق يۇنۇس بەگنى قەشقەرگە ۋالىي قىلىپ قويغان. قەشقەرنى قولغا ئالغان سابىت داموللام ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىر تەرەپتىن يېڭىشەھەرگە بېكىنىۋالغان ما جەنساڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزاقتىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن «ھۆكۈمەت»نى قۇرۇش ئىشىغا جىددىي كىرىشىپ كەتكەن. ھەتتا ئۇ مۇشۇ چاغدا، مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە ئەرەب تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «مانار» (ماياك) ژۇرنىلىغا بىرنەچچە پارچە خەت ۋە خەۋەر يېزىپ، ئۇلاردىن مەنىۋى ياردەملەرنى سورىغان. «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى» دېگەن ماقالىسىدە خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل ئىنقىلابىدىن تارتىپ خوتەن، قەشقەرلەردىكى قوزغىلاڭ ۋە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى، جەريانىنى ۋە مۇددىئاسىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. ئۇ، بۇ ماقالىسىدە شىنجاڭدىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپلا «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى» دەپ ئاتىغان. بۇنى بىز «مانار» ژۇرنىلىنىڭ ھىجرىيە 1352 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا، يەنى مىلادىيە 1933 ـ يىلى دېكابىردا نەشر قىلىنغان 6 ـ سانىدا، سابىت داموللامنىڭ ئاپتورلۇقىدا ئېلان قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى» دېگەن تەپسىلىي خەۋەرگە ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ يازغان كىرىش سۆزىدىن ئېنىق ھېس قىلىۋالالايمىز. پانئىسلامىزملىق ئىدىيەگە ئىگە كىشىلەر باشقۇرىدىغان بۇ ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرلىرى كىرىش سۆزدە سابىت داموللامنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ مۇنداق يازغان: «بۇ ماقالە شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ ئەركانلىرىدىن بىرى بولغان يېتۈك ئۆلىما، تەقۋادار ئۇستاز سابىت ئىبنى ئابدۇلباقىنىڭ ‹مانار› ژۇرنىلىغا يازغان ماقالىسى. بۇ زات مۇشۇ خەۋەر بىلەن بىرگە يەنە بىر پارچە مەكتۇپ يوللىغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئىلگىرىكى مەكتۇپىدا تىلغا ئالغاندەك قۇرۇلماقچى بولغان يېڭى ئىسلام دۆلىتى ئۈچۈن ‹ئىسلامىي ئاساسىي قانۇن› لايىھەسى تەييارلاپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئاللا خالىسا پات يېقىندا تەييارلاپ ئەۋەتىمىز.» بۇ كىرىش سۆزدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سابىت داموللامنىڭ سىياسىي غەرىزى، يەنى ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش خىيالى بىردەملىك قىزغىنلىق بىلەن شەكىللەنگەن بولماستىن، ئۇ، بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەن ئۇزاقتىن بېرى ئىنچىكە پىلان تۈزۈپ، خەلقئارالىق پانئىسلامىزمچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئاندىن بۇ سەھنىگە چىققان. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ئۇنىڭ پىشقان بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

سابىت داموللام قەشقەردىكى ئابرۇيى ـ ئىناۋىتىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈشى بىلەن ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشەـ



قەشقەردىكى تۈمەن دەريانىڭ بويىدا ئۆتكۈزۈلگەن «تەبرىكلەش» پائالىيىتىدە
سابىت داموللام قاتارلىقلارنىڭ بىرلىكتە چۈشكەن سۈرىتى

نىپ، «خوتەن ئىدارىسى» دېگەن
ئورۇننىڭ نامىنى «خوتەن
ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە
تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش
ئورنى»غا ئۆزگەرتكەن. روشەن
سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ئىپادە-
لەيدىغان بۇ نام ئوسمان ئەلى،
ھاپىز لۇيجاڭ، كىچىك ئاخۇن
تۇەنجاڭ قاتارلىقلارنى سەگەك-
لەشتۈرگەن. ئۇلار سابىت
داموللام قاتارلىقلارنىڭ ھەرىكەت
دائىرىسىنىڭ بارغانسېرى
چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلى-
قىنى ھېس قىلىپ يېتىپ، بۇ
ئورگاننى پىچەتلەش كېرەك، دەپ
ئوتتۇرىغا چىققان. ئەمما، جاھان كۆرگەن، دىنىي بىلىمى مول، گەپ ـ سۆزگە ماھىر، بولۇپمۇ تەقۋادارلىق-
تا ئوسمان ئەلى، ھاپىز لۇيجاڭ، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ، يۇنۇس بەگلەردىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدىغان
سابىت داموللام قەشقەر خەلقىنىڭ قەلبىدە بارغانسېرى يۇكسەك ئورۇنغا ئۆتكەن. لىيۇ زىشاۋ ئەپەندىنىڭ
يېزىشىچە ئوسمان ئەلى، ھاپىز لۇيجاڭ، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭلار سابىت داموللامنىڭ «خوتەن ئىدارى-
سى»نى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشىغا نارازى بولۇپ، بۇ ئورگاننى پىچەتلەشكە قول سېلىپ بولغۇچە،
سابىت داموللامنىڭ ئىناۋىتى قەشقەردە تېزلىكتە ئۆسۈپ، ئوسمان ئەلى قاتارلىقلار ۋەزىيەتنى تىزگىنلى-
يەلمەس بولۇپ قالغان. 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سابىت داموللام تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، بۇ ئورگاننىڭ نامىنى
«شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كېڭەشى» گە ئۆزگەرتكەن. سابىت داموللام مۇشۇ چاغدا ئاندىن
«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ئىدىيەسىنى ئاشكارىلىغان، بىر قىسىم كىشىلەرنى
كېڭەش ھەيئىتى قىلىپ سايلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ھەر خىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئوسمان ئەلى-
نىڭ كۈچىنى پارچىلاپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان، پارچىلانغان
كۈچلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرغان. 1933 ـ يىلى11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى
كەچتە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى رەسمىي قۇرۇپ، بۇ كېچىنى «مىللەت
كېچىسى» دەپ ئاتىغان. «ھۆكۈمەت» نىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئون نەچچە مىنىستىرلىقنىڭ مىنىستىرلىرىنى
بېكىتكەن. ئەتىسى تۈمەن دەريا كۆۋرۈكى بويىدا 20 مىڭ كىشىلىك يىغىن ئېچىپ، «بايراق چىقىرىش
مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈپ، «ھۆكۈمەت» ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلغان. سابىت داموللام «ھۆكۈمەت
باياناتى»نى ئوقۇغان. توپ ئېتىپ تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن. سوۋغات بۇيۇملىرى قوبۇل قىلىن-
غان. ئارقىدىن نامايىش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، نامايىشچىلار ھېيتگاھقا توپلاشقان. كۆپ يىللىق ئارزۇسى ئەمەلگە
ئاشقان تىپىك بۆلگۈنچى سابىت داموللام بۇ نامايىشتا كۆرۈلۈپ باقمىغان ھاياجان بىلەن نۇتۇق سۆزلىگەن.
ئۇنىڭ قوللىغۇچى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى قىزغىن ئالقىش ياغدۇرۇشقان. شائىرلار شېئىر دېكلاماتسىيە
قىلىشىپ ھېيتگاھنى بېشىغا كىيگەن. تەبرىكلەش پائالىيىتىگە ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق
كونسۇلخانىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ قاتناشقان، چۈنكى، بۇ چاغدا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتى-
پاقى بىلەن زىيادە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقاچقا، ئەنگلىيە تەرەپ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى
گۇرۇھنى ئۆزىگە تارتىش يولىنى تۇتقان. دىڭ دۇبىننىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى» دېگەن كىتا-

بىدا يېزىلىشىچە، «ئەنگلىيە شىنجاڭدا ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى› قۇرۇلۇپلا قالسا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلاشقىلى بولىدۇ ھەم جۇڭگونى پارچىلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. بىراق ئەنگلىيەمۇ ‹شەرقىي تۈركىستان› ۋەقەسىنىڭ ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مۇستەقىللىق دولقۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەنگلىيەلىكلەر ‹شەرقىي تۈركىستان› بولگۇنچى كۈچلىرىنىڭ قانچىلىك ئىستىقبالى بارلىقىنى بىلمەيتتى. گەرچە ئەنگلىيە كونسۇلى ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى› نىڭ قۇرۇلۇش ‹مۇراسىمى› غا قاتناشقان بولسىمۇ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى يەنىلا ئاشكارا ۋە قىزغىن ئەمەس ئىدى.»

بۇ يېڭى «ھۆكۈمەت» قۇرۇلغاندىن كېيىن 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گېزىتنىڭ نامىنى «ئەركىن تۈركىستان» دەپ ئۆزگەرتىپ نەشر قىلغان. 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن بېرى «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» دەپ نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتقان گېزىتنىڭ نامىنىڭ بىردىنلا «ئەركىن تۈركىستان» دەپ ئۆزگەرتىلىشىدىن سابىت داموللامنىڭ پانتۈركىزملىق ئىدىيەسى تولۇق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن تار ئۇقۇم بىلەن «تۈركىستان» دېگەن كەڭ ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. يېڭى «ھۆكۈمەت» قۇرۇلۇپ نامى ئۆزگەرتىلگەن بۇ گېزىتنىڭ 1 ـ بېتىگە «كاشغەردە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى» دېگەن خەۋەر بېسىلغان. نېمە ئۈچۈنكى سەھىپە نامىدىن «دىنىي» دېگەن سۆز چىقىرىۋېتىلگەن. بۇ ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە دەرھال «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن خەت بار قەغەز پۇل بېسىپ تارقاتقان. «ئىستىقلال» مەجمۇئەسى دېگەن يېرىم ئايلىق ژۇرنالنى چىقىرىپ «ھۆكۈمەت»نىڭ تەشكىلى، ئاساسىي قانۇنى، دۆلەت شېئىرى، دۆلەت بايرىقى، دۆلەت بەلگىسى قاتارلىقلارنى ئېلان قىلغان. بۇ مەجمۇئەنىڭ شوئارىنى دىندا، تىلدا، دىلدا، پىكىردە، ئىشتا بىرلىك دەپ بېكىتكەن. سوفىزادە دېگەن كىشى باش مۇھەررىر بولغان. بۇ يېڭى «ھۆكۈمەت» خوتەنلىك قاسىم ھاجى دېگەن كىشىنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەپ دەرھال چەت ئەلگە يولغا سېلىپ، قورال سېتىۋېلىش، چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشلىرىنى بېجىرىشكە ئەۋەتكەن. سابىت داموللام بۇ يېڭى «ھۆكۈمەت»نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ھەربىي جەھەتتە كۈچىيىش ئەڭ مۇھىم ئىش دەپ قاراپ، ئۈمىدىنى ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىغا باغلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرنەچچە ۋەكىلنى ئۈچتۇرپانغا بېرىپ خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت مۇھىتىلارنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. خوجىنىياز ھاجى بۇ يەردە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن « 80 قويغا بىر مىلتىق» تېگىشىش ئۇسۇلى بىلەن سودىلىشىپ، 80 مىڭ قويغا 1000 تال مىلتىق، ھەربىر مىلتىققا 500 پايدىن ئوق تاپشۇرۇۋېلىش سودىسىنى بېجىرىۋاتاتتى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى سابىت داموللام ئەۋەتكەن ۋەكىللەردىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇنىڭغا سوغۇق ئىپادە بىلدۈرگەن. شۇنداقتىمۇ قەشقەرگە بېرىشنى توغرا تېپىپ 1934 ـ يىلى 1500 دىن كۆپرەك ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئاتۇشقا يېتىپ كەلگەن. ئۇلار ئاتۇشنىڭ تىجەن كەنتىدە ئەمەت ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم دېگەن بايلارنىڭ قورۇسىغا چۈشكەن. سابىت داموللام قاتارلىقلار قەشقەردىن ئاتۇشقا چىقىپ خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن تىجەندە كۆرۈشكەن. ئىككى كۈندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە كىرگەن. ليۇ زىشاۋ ئەپەندى بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يازغان: «خوجىنىيازنىڭ زور قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە كىرىشى قەشقەردە ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي خەۋەر بولۇپ قالغان. سابىت داموللام ئەھۋالنىڭ بۇنداق بولۇشىنى زادىلا ئۈمىد قىلمايتتى. خوجىنىياز بىلەن مەھمۇت مۇھىتى باشلامچىلىقىدىكى 1500 دىن كۆپرەك ئاتلىق ئەسكەر ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسىگە ئىگە، قوراللىرى خىل، ھەرىكىتى چاققان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجىنىيازنىڭ قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۇكسەك ئابرۇيى بولغاچقا، سابىت داموللام خوجىنىياز، مەھمۇت مۇھىتى قىسىملىرىنىڭ ھەيۋەت بىلەن قەشقەر كوناشەھەرگە كىرىشىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن.»



خوجىنىياز ھاجى قەشقەردە

كۆپىنچە ماتېرىياللاردا سابىت داموللام بىلەن خوجىنىياز ھاجى باشتىن ـ ئاخىر پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلالمىغان، بولۇپمۇ يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەت مەسىلىسىدە ئىككىسى ئىككى مەيداندا تۇرغان، دەپ يېزىلغان. لېكىن، «ئابدۇنىياز كامال ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى» دېگەن ماقالىدە ئۇلارنىڭ يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەت مەسىلىسىدە ھەمكارلاشقانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق ئۇچۇر بېرىلگەن، يەنى «1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى› مۇسۇل ھاجىنى باشلىق، ئەمەت پاختىنى مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ، ھەر ساھەدىكى زاتلاردىن ئۈچ كىشىنى قوشۇپ جەمئىي بەش كىشىنى بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەتنى قوللاشنى تەلەپ قىلىش، ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سېتىۋېلىش، ئۈچىنچىدىن، سودا توختامى ئىمزالاش مەقسىتىدە تاشكەنتكە ئەۋەتكەنىدى» دەپ يېزىلغان. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ما جۇڭيىڭغا ئۆچمەنلىكى كۈچلۈك خوجىنىياز ھاجى مەھمۇت مۇھىتي باشچىلىقىدىكى قىسىملىرىنى ما جۇڭيىڭغا تەۋە ما جەنساڭ كۈچلىرىنى يوقىتىشقا بۇيرۇغان. مەھمۇت مۇھىتى قوماندانلىق قىلغان قىسىم دەسلەپ ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ، شەھەر سىرتىدا مۇداپىئەدە تۇرغان ما جەنساڭ قىسىملىرىنى يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىگە چېكىندۈرگەن. بۇ ھال ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نىڭ ھەيۋىسىنى كۈچەيتكەن. يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىگە قاپسىلىپ قالغان كۈچلەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن سېپىل ئىچىگە كىرىپ ما جەنساڭنى يوقىتىش مەقسىتىدىكى بىرنەچچە قېتىملىق ھۇجۇم تەشكىللەنگەن بولسىمۇ، كۈتمىگەندە ما جۇڭيىڭ ئەۋەتكەن 2000 كىشىلىك ياردەمچى قوشۇن ما شىمىڭ باشچىلىقىدا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن قەشقەردە ما جەنساڭ، ما شىمىڭ ۋە ما شاۋۋۇغا قاراشلىق ئەسكەر6000 غا يەتكەن. بۇ خىل كۈچ پەرقى قەشقەر ۋەزىيىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكەن. 1934 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ما شىمىڭ ما جەنساڭ بىلەن بىرلىشىپ قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ئادەملىرى قەشقەردىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولۇپ، «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى»نىڭ ئەسكىرىي كۈچلىرى تىزگىنلەپ تۇرغان يەكەنگە يول ئالغان. «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» شۇ چاغدا چەرچەندىن يېڭىسارغىچە بولغان جايلارنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتاتتى.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى مەسلىھەتلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو چېگراسىغا جايلاشقان ئۆركەشتام دېگەن يەرگە بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن ئوتتۇرىدا سودىلاشقان قورال ـ ياراغلارنىڭ قالغان قىسمىنى ئېلىپ ئۆزىنى كۈچەيتمەكچى بولغان. ئۇلار يەكەندىن يولغا چىقىپ، پەيزاۋاتتا ما شىمىڭ قىسىملىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالغان، نەتىجىدە مەغلۇپ بولۇپ، مەھمۇت مۇھىتى يېڭىسارغا چېكىنگەن. خوجىنىياز ھاجى يۈزچە ئادىمى بىلەن ئاتۇشنىڭ ئاغۇ تاغلىرى ۋە ئۇلۇغچات

يولى ئارقىلىق جۇڭگو ـ سوۋېت چېگراسىدىكى ئۆركەشتامغا كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەملىرى بىلەن كۆرۈشكەن. بىرنەچچە كۈنلۈك سۆھبەت ئارقىلىق خوجىنىياز ھاجى «فۇكاڭ پۇتۇمى» بويىچە شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى بولىدىغان، مەھمۇت مۇھىتى قەشقەردە ھۆكۈمەتكە تەۋە 6 ـ دىۋىزىيەنىڭ باشلىقى بولىدىغان، سابىت دامولام باشلىق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھۆكۈمىتى»نىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى قولغا ئېلىپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان، ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرىغا قورال ـ ياراغ جەھەتتە ياردەم بېرىدىغان بولۇپ پۈتۈشكەن.

يۇقىرىقىدەك ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ تەربىيىلىگەن ئىسھاقبەگ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆركەشتامدىن ئايرىلىپ، ئوپال ئارقىلىق يېڭىسارغا كېلىپ، مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ئۇچراشقان. مەھمۇت مۇھىتى يېڭىساردا تۇرۇۋاتقان چاغدا مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ يېڭىسار سېپىلىنى قوغداۋاتقان ئىنىلىرى شاھ مەنسۇر (ئابدۇللا) بىلەن ئەمىر ساھىب (نۇرئەھمەد) ما شىمىڭ قىسىملىرىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىدا ئۆلۈپ كەتكەن. مەھمۇت مۇھە-تى خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يەكەنگە قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار يەكەنگە بارغاندىن كېيىن سابىت دامولامنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىنى ئېنىقلىغان. 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مەھمۇد مۇھىتى 200 دىن كۆپرەك ئەسكەر بىلەن بېرىپ سابىت دامولام، زىرىپ قارىھاجىم، سۇلتانبېك ئۈچەيلەننى قولغا ئالغان. شۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ئۆمۈرى ئاخىرلاشقان. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ئۇلارنى ئېلىپ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئاقسۇنىڭ ئاۋات دېگەن يېرىگە كەلگەندە، ئۇلارنى ئاقسۇدا سوۋېت قىزىل ئارمى-يەسىنىڭ ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلىۋاتقان سوۋېت ئىتتى-پاقىلىق مەسلىھەتچى مالىكوف ئادەم ئەۋەتىپ كۈتۈۋالغان. مالىكوف خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رېسپۇبلىكىلىرىغا ئىنتايىن يامان تەسىر بەرگەن ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرى-يىتى»نىڭ ئالىي رەھبەرلىرىنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىدىن قاتتىق خۇشال بولغان. ليۇ زىشاۋ ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە، مالىكوف شۇ مەيداندىلا «خوجىنىيازنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپى-سىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ دەرھال قىسىملىرىنى باشلاپ مارالبېشى ئالدىنقى سېپىگە ئورۇنلىشىشىنى تەلەپ قىلغان.» شۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇت مۇھىتى قەشقەردە 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە دىۋىزىيە باشلىقى (شجاڭ) بولۇپ تۇرغان. غەلىتە يېرى شۇ بولغانكى، «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى» دېگەن كىتابتا شېڭ شىسەي بىلەن كېلىشەلمەي 1937 ـ يىلى چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ 1939 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ياپونىيەدە «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى» نى قۇرۇپ، ئۆزى ئۇنىڭغا رەئىس بولغانلىقى يېزىلغان ( 449 ـ بەت).

سابىت دامولام قۇرغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» مەزگىلىدە نەشر قىلىنغان «ئەركىن تۈركىستان» دېگەن گېزىتنىڭ نامى «يېڭى ھايات»قا ئۆزگەرتىلىپ، 1934 ـ يىلى 23 ـ ئاۋغۇستتىن باشلاپ يەنىلا قۇتلۇق شەۋقىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە 1937 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى-غىچە داۋاملىق نەشر قىلىنىپ تۇرغان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قۇتلۇق شەۋقى قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈ-رۈلگەندىن كېيىن ئاندىن «شىنجاڭ قەشقەر گېزىتى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان.

سابىت دامولام ئاقسۇدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قىسىملىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈم-چىگە ئېلىپ كېلىنىپ 2 ـ تۈرمىگە قامالغان. سابىت دامولام تۈرمىگە قامالغاندىن كېيىن نەنجىڭدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھىمايىسىدە تۇرۇۋاتقان بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك مەسئۇد سەبرى بىلەن ئەيسا ئالىپتېكىن ئۇنى ئۆزلىرى چىقىرىۋاتقان «تيانشان» ناملىق قەرەلسىز ژۇرنالدا ماختاپ، ئۇچۇرۇپ

تەشۋىق قىلغان. چۈنكى، شىڭ شىسەي ئەنجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ تۇرۇۋاتقان، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى رەت قىلىپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، ئەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۆزىگە دوست ھېسابلايتتى. شۇڭا، مەسئۇد سەبرى بىلەن ئەيسا ئالىپتېكىن ئەنجىڭدا ئەيمەنمەستىن سابىت داموللامنى ماختاپ ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان.

سابىت داموللام ئۈرۈمچى 2 ـ تۈرمىدە 1941 ـ يىلى 58 يېشىدا قازا قىلغىچە قاماقتا ياتقان. جۇڭگو خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە سىياسىي ئىرادىسىگە تامامەن زىت يول تۇتۇپ مەغلۇپ بولۇپ، ئاخىرىدا ھاياتىنى تۈرمە كامېرىدا ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان داڭلىق بولغۇنچى سابىت داموللام كامېردىكى كۈنلىرىدە ئۆزىنىڭ دىنىي ئالىملىق سالاھىيىتىنى ئىسىگە ئېلىپ «قۇرئان كەرىم»نى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىغا تەرجىمە قىلىشنى ئويلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا خۇيزۇ مىللىتىدىن بولغان تۈرمە باشلىقى لۇ بىندى ئۇنىڭ تەلىپىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەرگەن. ئۇ بۇ تەرجىمە ـ تەپسىرنى تاماملاپ ئۇنى «روشەن بايان، تۈركىي تەپسىرۇل قۇرئان» دەپ ئاتىغان. كىتابىغا يازغان كىرىش سۆزىدە «... ھەر سائادەتنىڭ يۇلتۇزى، ھەر شاراپەتنىڭ يىلتىزى، ھەر ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ دېڭىزى، ھېكمەت ۋە ئادالەتنىڭ تارازىسى شەكسىز قۇرئان ھېكمەدۇر. بۇ قۇرئان ھېكىم خۇدانىڭ كالامى بولغاچ بەندىنىڭ ئۇنى بايان قىلمىقى پەۋقۇلئاددە قىيىن ئىدى ... كەمىنە بۇ مەيدان كىشىلىرىدىن بولمىسامۇ ۋە مېنىڭ ئىشىم ئاجىزلىق ۋە كەمچىلىكتىن باشقىلارنىڭ ئىشلىرىدەك سۈپەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر كىشىگە ئۆز قۇدرىتىگە بېقىپ دىن ـ مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلماق بەك زۆرۈر بولغان سەۋەبتىن قۇرئان ھېكىمنى نازىرلار (ئوقۇرمەنلەر) مالال بولغۇدەك ئۇزۇن قىلماي ۋە مەنىسىگە دەخلى بەرگۈدەك قىسقا قىلماي ئوتتۇراھال بىر تەپسىر قىلسام دەپ كۆپ زاماندىن بېرى خىيال قىلىپ ئۇزۇن ـ قىسقا تەپسىرلەرنى توپلاپ ئۇنىڭدىن ئىستىپادە قىلغانىدىم ... ھەمدۇسانانىڭ ئىگىسىگە چەكسىز ھەمدۇسانا بولسۇنكى، خۇدانىڭ لۇتپى ئىنايىتى بىلەن ۋە تەۋفىق ھىدايىتى بىلەن ھىممەتلىك نازىرلار (ئوقۇرمەنلەر) نىڭ كۆڭۈللىرى خۇرسەن بولغۇدەك زىبا بىر كىتاب بولدى» دەپ ئىزاھات بەرگەن. بۇ تەرجىمە ـ تەپسىر توغرىسىدا كېيىنكى كۈنلەردە نەشر قىلىنغان كىتابلاردىمۇ مەلۇماتلار بار. مەسىلەن، جۇڭگودا تەسىرى زور خۇيزۇ دىنىي ئالىملاردىن فىڭ جىنيۈەن بىلەن چىن گۇاڭيەن تۈزگەن، بۈگۈنكى جۇڭگو نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال ـ جاۋابلار» دېگەن كىتابتا «جۇڭگودا ‹قۇرئان كەرىم› نىڭ ئۇيغۇرچە قانداق تەرجىمە نۇسخىلىرى بار» دېگەن بىر سوئال بار. ئاپتورلار بۇ سوئالغا يازغان جاۋابىدا «بەش تەرجىمە نۇسخىسى بار» دەپ تىلغا ئېلىپ، تۆتىنچى نۇسخىسىنى «‹روشەن بايان، تۈركىي تەپسىرۇل قۇرئان› دېگەن نامدا سابىت داموللام تەرجىمە قىلغان» دەپ كۆرسەتكەن. ئاپتورلار تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ «بۇ تەرجىمە ـ تەپسىر يۇقىرى سۈپەت، چوڭقۇر ھېكمەت بىلەن ئىشلەنگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. سابىت داموللامنىڭ غۇلجىدا ئولتۇرۇشلۇق ئوغلى ھاجى ئابدۇللا 1961 ـ يىلى بۇ تەرجىمە ـ تەپسىرنى شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا تەقدىم قىلغان» دەپ يازغان. «ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال ـ جاۋابلار» دېگەن بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىمان ئابلاجان كېرەم چىن گۇاڭيەننىڭ يۇقىرىقى بايانىغا مۇنداق ئىزاھ بەرگەن: «سابىت داموللام بۇ تەرجىمە ـ تەپسىرنى شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئون نەچچە دەپتەرگە سۆسۈن سىياھلىق قېرىنداش بىلەن ئىشلەپ تاماملىغان. بۇ تەرجىمە تەپسىرنىڭ 30 ـ پارىسى 1948 ـ يىلى غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغان.»

خۇلاسىلىگەندە، سابىت داموللامنىڭ سىياسىي ھاياتى كىشىنى ئۆكۈندۈرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ دىنىي ھاياتىنى بىر دىنىي ئالىمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى مۇجەسسەملەنگەن ھايات دېيىشكە بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئۇنىڭغا لىيۇ شياڭخۇي بىلەن چېن ۋۇگونىڭ «مەسئۇدنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى نابۇت قىلغان خاتا تاللىشى» دېگەن

www.uyghurkitap.com

ماقالىسىدىكى مۇنۇ باھا ئەڭ مۇۋاپىق كەلسە كېرەك: «مەسئۇد كىچىك ۋاقتىدا ناھايىتى ئەقىللىك بولۇپ، ئوقۇش نەتىجىسىمۇ ياخشى ئىدى. ئۇ ئىلىم يولىدا داۋاملىق ئىزدەنگەن بولسا بىر ئەۋلاد داڭلىق دوختۇر ياكى خەلققە بەخت يارىتىدىغان مەشھۇر ئالىم بولالايتتى. ئەمما ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىپ، خەلققە مالىمانچىلىق، مۇشكۇلات ئېلىپ كېلىدىغان، بارسا كەلمەس تۇيۇق يولغا ماڭدى.»

قىسقىسى، شىنجاڭنىڭ 20 ـ ئەسىر تارىخىدىكى تەسىرى ئەڭ يامان ۋەقە ھېسابلىنىدىغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرغۇچىسى سابىت داموللام دىنىي ئالىمدىن، تېپىك بۆلگۈنچىگە ئايلىنىپ ئاخىرىدا تۈرمىدە ئۆلگەن. ئۇنىڭ قەبرىسى 2008 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ رادىيو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ يېنىدىكى ئاممىۋى قەبرىستانلىقتا ساقلىنىپ تۇرغان.

**2011 ـ يىلى، ئىيۇندا يېزىلدى**

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006ـ يىلى نەشرى.

② ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» ئىككىنچى قىسىم ئىككىنچى كىتاب، ئابلەت نوردۇن قاتارلىقلار تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى.

③ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۈچىنچى كىتاب، ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى.

④ جاڭ شۇمىڭ: «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بىلەن مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

⑤ چېن خۇيشىڭ، چېن چاۋ: «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشرى.

⑥ ما شۇكاڭ: «يۈز يىلدىن بۇيانقى قەشقەر (1840 —— 1949)»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

⑦ غەيرەت ئەيسا نەشرگە تەييارلىغان «تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى.

⑧ شېرىپ خۇشتار تۈزگەن «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000ـ يىلى نەشرى.

⑨ ليۇ شياڭخۇي، چېن ۋۇگو: «مەسئۇدنىڭ پۈتۈن ئۆمۈرىنى نابۇت قىلغان خاتا تاللىشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2011 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑩ «شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىلىدىكى سانى (ئومۇمىي 40 ـ سان)دا ئېلان قىلىنغان تۇرسۇن باراتنىڭ «ئابدۇنىياز كامال ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى» ناملىق ماقالە.

(ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى)

# «تۇران»، «تۇرانلىقلار» ئاتالغۇسىنىڭ تارىخىي مەنىسى توغرىسىدا

هاجى ئابدۇراخمان باقى

«تۇران ـ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى تۇركىي ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلارنىڭ قەدىمكى نامى» [1]، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا دېگىنىمىز: جۇغراپىيەلىك جەھەتتىن ئالتايدىن ئالتۇن تاغقىچە، نەنسەن(چىلىيەنشەن)دىن ، پامىر (كۆكئارت)غىچە بولغان مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەركىزىي دىيارىنى، باشقىچە ئېيتقاندا تۇركىي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئانا ماكانىنى كۆرسىتىدۇ (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن « قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 13 ـ بەتكە قارالسۇن). ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراننى ئۆز هاكىمىيەتى ئاستىغا كىرگۈزگەن ئەمىر تۆمۈر (ئاقساق تۆمۈر، تۆمۈرلەڭ 1333 —— 1405)، ئۆز سۆزلىرىدە «بىز كىم؟ مۈلكى تۇران، بىز كىم؟ مىللەتنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى ۋە ئۇلۇغى بولغان تۈركنىڭ باش بوغۇنىمىز» [2]، دەپ ئەسىھەت قىلىدۇ.

«تۇران» ئاتالغۇسى — بىر تەرەپتىن مىللەت (قەۋم) نامىنى، يەنە بىر تەرەپتىن جۇغراپىيەلىك نامىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مىللەت نامىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېگىنىمىز: ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى مىللىتى — ھەرقايسى تارىخى مەنبەلەردە ساك، ماسساگېت، سېكىف ـ سىكتاي، ئارىيان، توخرى، سوغدى قاتارلىقناملار بىلەن ئاتالغان ، ئاق تەنلىك ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان موڭغۇلۇئىد تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئالتاي يەنسەي تۇركىي ئۇيغۇرلىرىغا قارىتىلغان. ئىراننىڭ ئاخمانىلار سۇلالىسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 550 ـ يىلدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 330 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دەۋرىدە ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ يازما خاتىرىسىگە ئېلىنغان دىنىي دەستۇرى «ئاۋېستا» ( يامغۇر ئىلاھىغا مەدھىيە بابىنىڭ 4 ـ پاراگىرافىدىكى ئىككى كۇپلىت شېئىردا ئۇچرايدۇ) ناملىق ئەسىرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىران تارىخى مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «تۇر» ، «تۇرا» ۋە «تۇرانلار» ئەمەلىيەتتە ساك، ماسساگېت، سېكىف ـ سىكتاي، ئارىيان، توخرى، سوغدى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى كۆرسىتەتتى. چۈنكى، «ئاۋېستا»دا «ئەرجەسىپ» دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىنغان «جەڭگىۋار تۇرالار» كۆزدە تۇتۇلغان، موڭغۇل ئېگىزلىكىدە هون ئىمپېرىيەسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە قۇرۇلۇپ، مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە تارىخ سەھنىسىدىن چۈشكەن) يىمىرىلگەندىن كېيىن ، هونلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان تۇركىي تىللىق مىللەتلەر كەڭ كۆلەمدە ئالتاي تاغلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىياغا ماكانلاشتى. ساك، ماسساگېت، سېكىف ـ سىكتاي، ئارىيان، توخرى، سوغدى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تۇركىي ئۇيغۇر تىللىق «تۇرانلارنىڭ كۆپلىگەن ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرى غەربكە كۆچۈش داۋامىدا تەدرىجىي يوسۇندا شەرققە سۈرۈلگەن ياۋروپا ئىرقىدىكى خەلق — ئارىيانلار بىلەن ئۇچراشتى [3]».

«تۇران» قەۋملىرى بىلەن ئارىيانلارنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە قوشۇلۇشى، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە مىللەت تىپى، ئۆرپ ـ ئادىتى، مەدەنىيىتى ئوخشاش بولمىغان ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ كۆلەملىك ئارىلىشىش ، قوشۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ خىل قوشۇلۇش ۋە يۇغۇرۇلۇش «تۇرانلار» ۋە ئۇلاردىن بۆلۈنۈپ چىققان ھەرقايسى تۇركىي قەبىلىلەر (ئۇيغۇرلار)نىڭ تىل ۋە مەدەنىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى [4]. ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان ئەڭ قەدىمكى مىللەتلەر ھەرقايسى تارىخى مەنبەلەردە «تۇر — تۇران»، «ئارى، ئارىيان»، « ساك — سىكتاي» نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. دېمەك، «تۇران» — تۇركىي ئۇيغۇرلار ياشىغان ئوتتۇرا، مەركىزىي ئاسىيادىكى كەڭ رايونلارنى، زېمىنلارنى كۆرسەتسە، « تۇرانلىقلار» بۇ رايونلاردا ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان تۇركىي ئۇيغۇر مىللەتلىرىنى

كۆرستىدۇ.

تارىخىي مەنبەلەردە تۈرك ئاتالغۇسى ئىككى خىل مەنىدە — يەنى قەدىمكى تۇران — ساكلار مەنىسىدە، يەنى كۆكتۈرك — ئاھالە تۈركۈمى مەنىسىدە ئىشلىتىلمەكتە ، ئاشىنا ساكلىرى «ئاشىدى موڭغۇلۇئىد» ئاھالىلىرى بىلەن ئالتاي ئەتراپىدا قوشۇلۇپ، «تۈرك» نامىدا ئىككىلەمچى «تۇرانلار»نى، يەنى بىز ھازىر چۈشىنىۋاتقان تۈركىي — ئۇيغۇر خەلقلەرنى شەكىللەندۇرگەن . «تۇرك»، « تۇران»لىقلارنى چوڭ قوشۇلۇشتىكى قانداشلىق ۋە مەدەنىيەت دەرىجىسى پەرقىگە قاراپ چوڭ ئىككى تۈرگە يەنى ئۇيغۇر، ئوغۇز ۋە قىپچاقلارغا بۆلۈپ كەلمەكتە⑤، رۇس ئانتروپولوگى ن . ن . چېبوكساروف «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيەسى» ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللەتلىك مەنبەسىنى پامىر - پەرغانە ، تۈركوئىد، ھىندى - ئابغان تىپلىرىدىن مۇجەسسەم بولغان دەپ قارىغان. بۇ ئومۇمەن، ئۇيغۇرلارنى ساك، توخرى، تۈركوئىد تۈركۈمىدىكى قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان دېمەكتۇر. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تۈركوئىد ئىبارىسى «ئاۋېستا»دىكى ساك — جەڭگىۋار تۇرالار ئىبارىسىدىن پەرقلىق بولغان موڭغۇلوئىد تەسىرىگە ئۇچرىغان ئالتاي، يەنىي تۈركوئىدلىرىغا قارىتىلغان⑥، ئىران شائىرى ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى (934 — 1025) «شاھنامە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە پۈتكۈل ئىران ۋە ئەتراپىدىكى رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن پادىشاھ پىرودۇن ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى — سەلىم ، تۇر ۋە ھېلاج قاتارلىقلارغا ئەسىرىدە تەپسىلىي ئورۇن بەرگەن بولۇپ، پىرودۇن قېرىغاندا پۈتۈن مەملىكەتنى ئۈچ ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. چوڭ ئوغلى سەلىمگە رۇم ( ۋىزانتىيە)نى ، ئوتتۇرانجى ئوغلى تۇرغا «تۇران» ۋە «چىن»نى ( تارىم دەريا ۋادىسى تارىختا ‹چىن› دەپ ئاتالغان) كىچىك ئوغلى ھېلاجغا پۈتكۈل ئىراننى بۆلۈپ بېرىدۇ»⑦. ئەسەر (داستان) ۋەقەلىكىدە سەلىم بىلەن تۇر ئىككىسى، كەنجى ئوغلى ھېلاجغا ھەسەت قىلىپ ئۇنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرىدۇ . نەتىجىدە بىرلىككە كەلگەن مەملىكەت پارچىلىنىپ، ئىران بىلەن «تۇران» ئوتتۇرىسىدا تۈگىمەس ئۇرۇشلار باشلىنىدۇ. دېمەك، ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى «شاھنامە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە، ئامۇ دەرياسىنى پاسىل قىلغان پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىنى «تۇران»، «چىن» دەپ ئاتايدۇ. تاڭ سۇلالىسى (618 — 961) دەۋرىدىلا خەنزۇچە مەنبەلەردىمۇ «تۇران» (突伦) ئاتالمىسى ئۇچرايدۇ. تاڭ گاۋزوڭ، لى جى ۋاقتىدىكى تۈركىي نەسەبلىك سانغۇن چۈبىي خې لىنىڭ (hiLining) 635 - يىلى تارىم — «تۇران ساي» (突伦川)، تەكلىماكان — ‹تۇران چۆل› (突伦绩)غىچە جەڭ قىلىپ بارغانلىقىنى قەيت قىلغان»⑧.

ئامۇ ۋە سىر دەريا ۋادىلىرى ۋە خۇراسان رايونلىرى تارىختا تۈركىي قەۋملىرى بىلەن پارسلار بىۋاستە ئۇچراشقان ۋە ئۆزئارا يۇغۇرۇلغان مۇھىم بەلباغ بولغان (ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، 155 - بەتكە قارالسۇن).

ئېنگېلىس: « بەزى ئەڭ ئىلغار قەۋملەر (مىللەتلەر) ئارىيانلار، سېمىتلار، ئېھتىمال ‹تۇران›لارمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار دەسلەپتە ھايۋانلارنى كۆندۇرۇشنى مۇھىم ئەمگەك تەرتىپىگە قويغان، كېيىنچە ھايۋانلارنى كۆپەيتىش ۋە باشقۇرۇشقا ئۆتكەن» دەپ يازغان. («ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانما» خەلق نەشرىياتى 1972 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 4 - تومغا قارالسۇن).

«تۇران» سۆزى قەدىمكى پارس ۋە تۈركىي تىللىرىدا «Tur» «Turan» شەكلىدە، لاتىنچە «Turanian» شەكلىدە خاتىرىلەنگەن، ئومۇمەن «تۇران» سۆزى قەدىمكى ئىراننىڭ دىنىي دەستۇرى «ئاۋېستا»دا تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتتىن باشلاپ ، ھازىرغىچە 2000 يىلدىن ئارتۇق جەرياننى باشتىن كەچۈردى. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئىلىم ساھەسى «تۇران» ئاتالغۇسى — ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي تىللار ئاھالىسى، ھەتتا پۈتكۈل ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى ئىنسانلار توپىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قاراپ ، ئىشلىتىپ كەلگەن»⑨، ئېلىمىز تارىخچىلىرىدىن سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى ئۆزىنىڭ « تۈركلەر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «تۇران» ئاتالغۇسىنى «涂兰» دەپ ئىشلەتتى. فېڭ جىڭمەي ئەپەندى «تۇران» سۆزىنى يەنە «突兰» دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلدى⑩. مورگان ئۆزىنىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق

ئەسىرىدە «تۇرانىيە»، «تۇرانىيەلىكلەر» دېگەن ئاتالغۇنى كۆپ يەردە تىلغا ئالىدۇ. ئۆز ئەسىرىنىڭ بىر يېرىدە: «ئارىيان تۇركۇمىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە سام (سېمىت)لار، ئۇراللار ۋە تۇرانىيەلىكلەردە ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتلىرىنى بايقىدۇق»⑪، دەپ يازىدۇ.

بۇيۇك لۇغەت «ئېنسىكلوپېدىيە»دە: «تۇران» تۇركىي خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى يۇرتلىرىغا، قەدىمكى ئىرانلىقلارنىڭ بەرگەن نامى دېيىلگەن بولسا، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى خەنزۇچە تەرجىمە قىلغۇچىلارمۇ «تۇران» ئاتالغۇسى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى تۇركىي خەلقلەر يۇرتلىرىنىڭ قەدىمكى نامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ياكى تۇركىي خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ دەپ ئىزاھات بەرگەن.

موسكۋادا نەشر قىلىنغان « قەدىمكى تۇركىي تىللار لۇغىتى»دە بولسا ئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتوڭا)نى «رىۋايەتلەردىكى تۇرانلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانى» «قاراخانىيلارنىڭ بوۋىسى» دەپ ئىزاھلىغان. ئەلشىر نەۋائىي (1441 — 1501) «تارىخى مۇلكى ئەجەم» ناملىق ئەسىرىدە «ئافراسىياپنىڭ دادىسى ۋۇشاڭ، ۋۇشاڭنىڭ دادىسى تۇر، تۇرنىڭ دادىسى پەردۇن مانا مۇشۇ توغرىراق، ئەمما كىيومەرسكە يەتمەيدۇ» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈردى.

«دۇنيا خەرىتىسىگە قارايدىغان بولساق، تەڭرىتاغلىرى، كاسپىي دېڭىزى، كوپېت تاغلىرى ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان كەڭ تېررىتورىيەنىڭ «تۇران» تۈزلەڭلىكى دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز⑫⑬⑭، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇغراپىيە مۇتەخەسسىسى مۇرايېفمۇ «كوپېت تاغلىرىدىن، تەڭرىتاغلىرىغىچە ، كاسپىي دېڭىزىدىن، قاراقۇرۇم ۋە قىزىل قۇم چۆللۈكلىرىگىچە بولغان دائىرە «تۇران ئويمانلىقى» دەپ ھېسابلانغاندىن سىرت، ئۇ ئۆز قارىشىنى تولۇقلاپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ جەنۇبقا ۋە غەربكە يۆتكىلىشى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ، كاسپىي دېڭىزىدىن لوپنۇرغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى تۇركىي ئۇيغۇرلار ئىگەللىگەندىن كېيىن، ‹تۇران› دېگەن بۇ نام باشقىچە مەزمۇنغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ تېخى كېڭەيدى. شۇڭا، زۆرۈر تولۇقلاشلارنى قوشۇپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ». بۇنىڭدىن «تۇران» ئاتالغۇسى جۇغراپىيەلىك مەنە جەھەتتە تۇركىي تىلدا سۆزلىگۈچى قەۋملەر ياشىغان جايلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**«تۇران» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك ھەر خىل قاراشلار بار .**

(1) ئىران رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا «تۇران» قەدىمكى ئىران تىلىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، رىۋايەتلىرىدىكى ئاقساقال پەردۇننىڭ ئوغلىنىڭ نامىدىن كەلگەن.

(2) ئەرەب تارىخچىسى تەبەرى (838 — 923)نىڭ «تارىخۇل ئۇمەم ۋەل مۇلۇك» دېگەن كىتابىنىڭ «تۇمارىس ۋە جەمشىت» توغرىسىدىكى بابلىرىدا بايان قىلىنىشىچە «تۇر» ئىككى دەريا ۋادىسى — مېسسوپوتامىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرىگە ئاللاقىدار بولغان يىراق قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ توپان بالاسى ۋە نوھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ.

(3) بەزى تەتقىقاتچىلار « Tur » ، «Turan» سۆزلىرىنى قەدىمكى ئالتاي تىللىرىدىكى تەڭرى سۆزىدىن ئۆزگەرگەن دەپ قارايدۇ.

ياقۇت (ئۇرال، ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ قەدىمكى تۇرك تىل سىستېمىسىغا تەۋە تىل بىلەن سۆزلىشىدىغان تۇركلەر) ۋە چۇۋاش (كاۋكاز رايونىدا ياشايدىغان تۇركلەر) تىللىرىدا « تەڭرى» سۆزى «تۇر» ۋە «تۇرا» شەكلىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. چۇۋاش ئەپسانىلىرىدا «يىراتۇرا»⑮ «چېچەك تۇرا»⑯، «سۇلتى تۇرا»⑰ قاتارلىق تەڭرى ناملىرى ئۇچرايدۇ.

(4) خەنزۇچە تارىخى ھۆججەتلەردە قەيت قىلىنغان «دى»(狄) («تۇرا»(吐拉)) دېگەن سۆز بىلەن «دىڭلىڭ» (丁零) دېگەن سۆز باراۋەر بولۇشى مۇمكىن .

(5)«تۇران» تۇركىي تىلىدىكى سۆز بولۇپ، ھەربىر تۇركىي مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئوخشىمىغان مەنىگە ئىگە. بىرىنچىدىن، رادلوف تۇركىي تىلىدىكى «دىيالېكتلار لۇغىتى»دا «تۇر» سۆزىنى تۇركىي سۆزى قاتارىدا

www.uyghurkitap.com



«ئوغلاق، موزاي» دەپ چۈشەندۈرۈگەن.

ئىككىنچىدىن، رېكىنت «قالماق تىلى (موڭغۇل تىلى) لۇغىتى»دە «تۇر»نى كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، تەمبەل يەنى ياش چارۋا مال ، موزاي مەنىسىدە ئىزاھلىغان. ( ئەمەت دەرۋىش ، مۇنەۋۋەر ئابلىز « ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا دائىم ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارغا ئىزاھات» ناملىق 2ـ كىتاب، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 44 ـ بەتكە قارالسۇن)

خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئەڭ بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنى دى (狄) دەپ يازغان، ئۇيغۇرلار شىمالىي دى دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلار جۇڭگونىڭ شاڭ خانلىقى، شىيا خانلىقى دەۋرىدە ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇن تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، شىيا، شاڭ، جۇ قەۋملىرى بىلەن بىرلىكتە مەملىكىتىمىز جۇڭگونىڭ شانلىق پارلاق قەدىمكى مەدەنىيىتىنى يارىتىشقا قاتناشقان.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئىشلەتكەن «تۇرا»، «تۇر» سۆزىنىڭ كۆپلۈكى ئىدى. مەھمۇت كاشغەرىي: « ‹ئەر› سۆزىنىڭ كۆپلۈكى ‹ئەرەن› شەكلىدە قوللىنىلغانلىقىدەك، ‹ئوغۇل› سۆزىنىڭ كۆپلۈكىمۇ ‹ئوغلان› بولۇپ قالغان» دەيدۇ. بىز بۇنىڭدىن بىرلىك «تۇر»غا «ئان» قوشۇلۇپ، «تۇران» دەپ كۆپلۈك مەنىسىدە قوللىنىلدىغانلىقىنى پەرەز قىلىمىز[18].

خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «دى» (狄) كېيىنچە «دىلى» (狄历)، «دىڭلىڭ» (丁零) ۋە «تېلې» (铁勤) دېيىلگەن بولۇپ، بۇلار «تۇران»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى «دى» «تۇر»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۇر، تۇرا» سۆزىنىڭ «ئېگىز يەر» مەنىسىدە ئىشلىتىلىشىمۇ بۇ سۆزنىڭ بابىلونچە « dirig» (تەڭرى) سۆزىدىن كەلگەنلىكىنى تەستىقلايدۇ. قەدىمكى خەلقلەرنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىدە «تەڭرى» «ئېگىز يەر»دە بولاتتى. بۇ يەردىكى «ئېگىز»نىڭ چېكى يوق، ئەلۋەتتە[19].

قەدىمكى ھون تىلىدىكى «تېڭىر»، «تەڭرى» سۆزى ۋە «تۈرك» دېگەن ئاتالغۇمۇ بابىلون يېزىقىدىكى « dirig» سۆزى بىلەن يىلتىزداش ئىكەنلىكىگە گۇمانلانماسلىق كېرەك.

«تۈرك» سۆزىدىكى «تۇر ـــ tur» بىلەن «تۇران» سۆزىدىكى «تۇر ـــ tur» ئوخشاش شەكىلدىكى سۆز بولۇپ، «تۈرك»مۇ «تەڭرى ـ تەڭرىلەر» مەنىسىدە ، ئاخىرىدىكى «ك» تاۋۇشى قەدىمكى تۈركىي تىللاردا ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلىدىغان ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

«سۇي تارىخى»دىكى بىر بايان مۇشۇ قاراشقا كۈچلۈك ئاساس بولىدۇ: « d uomuo» دېگەن بىر تاغ بولۇپ ، ئەتراپىدا تۈركلەرنىڭ بارگاھلىرى بار ئىكەن، بۇ قوۋمىنىڭ تىلىدا ‹ دوۋموۋ› «تۈرۈك ـ ‹Tujue› 突厥» دېيىلىدىكەن. شۇڭا، بۇ تاغ ئۇلارنىڭ نامى قىلىنىپ، بۇ ئۇلارنىڭ «تۈرك» دەپ ئاتىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالغان «تارىخىي دېرەكلەردىن ھونلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېگىز، مۇقەددەس تاغلارنى «تەڭرى، تەڭرىتاغ، خانتەڭرى» ، «تەڭرى ئاتا» دەپ ئاتايدىغانلىقى مەلۇم .

مەھمۇت كاشغەرىينىڭ: «تۈرك تەڭرى يارلىقىغۇچى نوھنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى، بۇ ـــ نوھنىڭ ئوغلى تۈرككە تەڭرى تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسىم» دېيىشىدە ئەنئەنىۋى قاراشتىن يىراقلىشىپ كەتمىگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ[20].

پروفېسسور ئا . ن . كونونوف ، «تۈرك» سۆزىنىڭ مۇشۇ مەنىسىگە دىققەت قىلغان. ئۇ تۈرك دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىدىغان بىر ئەسەر يازغان بولۇپ، بۇنى توتېمىزم چۈشەنچىلىرى بىلەن باغلاپ ئىزاھلىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ سۆزنى «Toccpllc» دېگەن سۆز بىلەن يىقىنلاشتۇرۇپ بايان قىلىشقا بولىدىكەن: «Toccpllc»نىڭ مەنىسى مۇنداق تەرەققىياتتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن: « ‹مەبۇد›تىن ‹مەبۇدلۇق ئورۇن›، ‹مۇتىۋەرلىك ئورۇن›، ‹ئىززەتلىك ئورۇن›دىن تەرەققىي قىلىپ، ‹نىزام›، ‹قانۇن›، ‹ھۆكۈمدار›، ‹ھۆكۈم قىلغۇچى›غا ئايلىنىپ ھەممە ئەڭ ئاخىرى ‹زور كۈچ، كۈچ مادار›غا راۋاجلانغان». بۇ يەردە بايان قىلىنغان چۈشەندۈرۈشلەر «تەڭرى»نىڭ سۈپەتلىرىگە ماس كېلىدۇ.

ۋېنگىرىيەلىك ۋامبىرىنىڭ «تۈرك» دېگەن سۆز «ئادەم، ئىجاد قىلغۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ. دېگەنلىرى ۋە ئۇيغۇرلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا تەمبەل، كۈچلۈك، قاۋۇل، جۇملىدىن ساۋاتسىز، ئەمما نوچىلارنى «بۇ

تۈرك»، « قارا تۈرك ئادەم» دېيىشلىرىنىڭ ھەممىسى «تۈرك»نىڭ ئەسلىي مەنىسىنىڭ كېڭەيىشىدىن ئىبارەت. چۈنكى قەدىمكى كىشىلەر ئۆزلىرىنى تەڭرى ياراتقان دەپ قاراش بىلەن، ئۆزلىرىنىمۇ تەڭرى دېگەن ۋە ئىجاد قىلغۇچى ئىكەنلىكىگىمۇ شۈبھىلەنمىگەن. كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ئادەملەرنى «تۈرك» دەپ سۈپەتلىشىمۇ ھون خاقانلىرى ئۆزلىرىنى «تەڭرىقۇت» (تەڭرىنىڭ ئوغلى»، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ئىدىقۇت»، (تەڭرى ئوغلى) دېيىشلىرى بىلەن ئوخشاش مەنىدە كەلگەنلىكىدۇر㉑.

دېمەك، خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى خاقان ياكى تەڭرى مەنىسىنى بىرىدىغان «帝» تۈركىي خەلقلەرنىڭ جۈملىسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنى كۆرسىتىدىغان دى، دىلى، دىڭلىڭ، تېلى، تۈرك، ئەرەبچە ھۆججەتلەردىكى تۈر، پارسچە ھۆججەتلەردىكى تۈرا، تۈران، تۈر، ئۇيغۇر ــ تۈركچە ھۆججەتلەردىكى تۈرا، تۈر، تۈران، تۈرانىيلار، تۈرانلار ، تۈرلار، تۈر(ك) قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى قەدىمكى بابىلون يېزىقىدىكى ئاتالغۇدىن كەلگەن بولۇپ، ھەرقايسى خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىل، دىيالېكت ــ شېۋىلىرى تەرىپىدىن ھەرقايسى دەۋرلەردە ھەر خىل ترانسكرىپسىيە قىلىنغان.

(6) ئوبۇلقاسىم پىردەۋۋسىنىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنىشىچە توپان بالاسىدىن ئامان قالغان ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى نوھنىڭ «سام»، «ھام»، «ياپەست» ناملىق ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئىنسانىيەت مۇشۇ ئۈچ ئوغۇلدىن پەيدا بولغان. شەرققە جايلاشقان ياپەستتىن 11 ئوغۇل بولغان ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى «تۈر»، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى «چىن» بولغان ئىمىش㉒، تارىخىي نەزەر بىلەن ئىنچىكە كۆزىتىلگەندە ئۇنىڭدا سىبىرىيە ، ئالتاي، يەتتە سۇ ۋادىسىدىن سۈرۈلگەن ئارىيان قەبىلىلىرىنىڭ «تۈر» نامىدا («ئاۋېستا» تىلى بىلەن ئالغاندا «ساك ـــ جەڭگىۋار تۈرانلار» نامىدا) پامىرنىڭ ئىككى ئېتىكىگە ماكانلاشقاندىن كېيىنكى ھاياتىنى بايقىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ قاراشلارنى مۇھەممەد ئىبن خاۋەند شاھ مىرخەندى (1433ـــ 1498)نىڭ «رەۋزۇتۇسساپا»، ئەلىشىر نەۋائىي (1441ـــ 1501)نىڭ «تارىخىي مۇلكى ئەجەم»، موللا مۇسا سايرامى (1836 ـــ 1917)نىڭ «تارىخىي ھەمىدىي» ناملىق ئەسىرىدىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

ياپونىيە تارىخچىسى يۇۋ جىلياۋدىنىڭ «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم» ناملىق كىتابىنىڭ 51 ـ بېتىدە «تۈران شاھى ئافراسىياپ مۇرغاپ دەرياسىنىڭ غەربىدىكى Badgheis شاھىي بارلىق كۈچى بىلەن زارئاستىر دىنىنى يىمىرىپ تاشلاپ بۇددا دىنىنى يۆلىگەن» دەپ يازغان. ئافراسىياپ تۈرنىڭ نەۋرىسى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئىران ئىمپېراتۇرلىقىغا قارشى قەھرىمان، ساك ــ تۈران قەھرىمانى㉓، بىر قاتار تۈران قەھرىمانلار تۈركۈمىدىكى گەۋدىلىك نامايەندە. قەدىمكى مالاكەنت (سەمەرقەنت) شەھىرى ئافراسىياپ نامىدا ئاتىلىپ كەلگەن. ئىران ـ تۈران (ساك) جەڭلىرى يالغۇز ئافراسىياپ ئارقىلىقلا ئەمەس، يەنە تۇمارىس قاتارلىق قەھرىمانلارنىڭ بىر قاتار قەھرىمانلىق جەڭلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 168 ـ بەتكە قارالسۇن).

(7) قەدىمكى تۈران ـــ مەركىزىي ئاسىيالىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىپايان تۈران زېمىنىدا ياشاپ ،`ساپ ئاسىياچە ئاق جىنسلىق ئاندۇرونۇپ ـــ ئارى دەۋرىنى ۋە قىسمەن سىرىق موڭغۇلۇئىد ( دادەن) تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاق جىنسلىق تۈركوئىد دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى بىلدۇق . بىز «تۇ»، « تۈرا»، «تۈران» ئىبارىلىرىنىڭ جۇ سۇلالىسى مەنبەلىرىدە «خۇا»، «شيا»لاربىلەن بىللە « دى» (ھەتتا تۇفاڭ، كۆي فاڭ) دىگەن ئىرۇگلىق بىلەن ئاتالغان بولسا ، غەربتە «تۈر»، « جەڭگىۋار تۈرالار» دېگەن ئىبارە بىلەن قەدىمكى ئىلاھىي ئەپسانىلەردە ۋە «ئاۋېستا» دەستۇرىدا تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 210 ـ بەتكە قاراڭ).

(8) جۇنەيدىللا خوجا ئوغلى ئىساق خان (1862ـــ 1937) تەخەللۇسى ئىبرەتنىڭ « پەرغانە تارىخى» ناملىق ئەسىرىنىڭ باش قىسمىدا تۈران ھەققىدە توختىلىپ «بۇ مەملىكەتلەرگە دەسلەپ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ

ئۆتكەنلەرنىڭ بىرىنچىسى ئوغۇزخان ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇران پادىشاھى «ئافراسىياپ» دەپ يېزىلغان. (ئەزدى: «ھىدايەت نۇرى» ناملىق كىتاپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 62 ـ بەتكە قارالسۇن.) دېمەك، بۇنداق بولغاندا «تۇران»، «تۇرانلىقلار» ناملىق ئاتالغۇلار ئۇيغۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزخان» ۋە «ئافراسىياپ»لارغا باغلىنىشلىق بولىدۇ . كەڭ تارىخ تەتقىقاتچىلىرى، ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

## ئىزاھات:


① ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»، 1900ـ يىلدىكى ئىنگىلىزچە تەرجىمىسى، 37 ـ بەتتىكى ئىزاھاتقا قاراڭ .

② بۆرە باي ئەخمەدوۋ نەشرگە تەييارلىغان «ئەمىرى تۆمۈر ئۆگۈتلىرى» تاشكەنت «نەۋرۇز» نەشرىياتى 1992 ـ يىلى ئۆزبېكچە نەشرى، 9 ـ بەتكە قارالسۇن .

③ س .ب. توكستون قاتارلىقلار تۈزگەن «ئېتنوگرافىيە ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، پەن نەشرىياتى 1960 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، بىرىنجى جىلد، 22 ـ بەتكە قارالسۇن.

④ لى يۆڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە بىر نەزەر»، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1994 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ ( قوشما) سانىغا قاراڭ.

⑤ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ بېسىلىشى، 32 ـ بەتتىكى 5 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ.

⑥ ئەسئەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 . يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ بېسىلىشى، 157 ـ بەتكە قارالسۇن.

⑦ «پارس ئەپسانىلىرىدىن تاللانما»، جۇڭگو ئۆسمۈر باللىرى نەشرىياتى 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 86 ـ بەت.

⑧ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ بېسىلىشى، 6 ـ بەتكە قاراڭ.

⑨ ئەسئەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ بېسىلىشى. 451 ـ بەتتىكى 2 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ.

⑩ لى يۆڭ: « ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە بىر نەزەر»، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» خەنزۇچە، 1994 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ ( قوشما) سانىغا قاراڭ .

⑪ فىللىئوت ( فىرانسىيە): «توخرى تىللىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە»، فېڭ جىڭمەي تەرجىمىسى، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1957 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 60 ـ بەتكە قارالسۇن.

⑫ مورگان (ئامېرىكا): «قەدىمكى جەمئىيەت»، سودا نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى، 1 ـ كىتاب، 36 ـ بەتكە قارالسۇن.

⑬، ⑭ ئەمەت دەرۋىش، مۇنەۋۋەر ئابلىز « ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا دائىم ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارغا ئىزاھات» ناملىق 2 ـ كىتاب، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ بېسىلىشى، 39 ـ، 40 ـ، 41ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

⑮، ⑯، ⑰ «دۇنيا ئەپسانىلىرى قامۇسى»، لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى، 81 ـ، 121ـ، 494 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

⑱⑲⑳㉑㉒㉓ ئەمەت دەرۋىش، مۇنەۋۋەر ئابلىز « ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا دائىم ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارغا ئىزاھات» ناملىق 2 ـ كىتاب، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ بېسىلىشى، 49 ـ، 50 ـ، 51 ـ، 52 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.


**(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ، دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن)**

# يىپەك يولى ۋە ھەرْبىي يۈرۈشلەر

## توختى بارات (تەكلىپلىك تەتقىقاتچىمىز)

«يىپەك يولى»— بۈنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرى ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا شەرقتىكى جۇڭگو بىلەن غەربتىكى رىمغىچە بولغان كەڭ رايونلار ۋە نۇرغۇن مەملىكەتلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، سودا مۇناسىۋىتى، دوستانا بېرىش ـ كېلىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغان قەدىمكى مۇھىم، غول قاتناش لىنىيەسىدۇر. ئەينى ۋاقىتلاردا بۇ يولنى يەرلىك ئاھالىلەر «كارۋان يولى» دەپ ئاتىغان. كېيىنچە كىشىلەر بۇ يولنىڭ تارىختا ئوينىغان مىسلىسىز كاتتا رولى ۋە ئەھمىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى يەنە «دوستلۇق يولى»، «ئالتۇن كۆۋرۈك» دەپمۇ تەرىپلەشكەن. «يىپەك يولى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ بولسا ئەڭ دەسلەپ گېرمانىيەلىك گېئومورفولوگىيە ۋە گېئولوگىيە ئالىمى فېردىناند ۋون رىچتىخوفېن (1833 ~ 1905) تەرىپىدىن قوللىنىلغان.

ئەجدادلىرىمىز تۆگە، ئات قېچىر، ئېشەكتىن ئىبارەت ھايۋانلارنى قاتناش ۋاسىتىسى قىلىپ، تاغ، دەريا، چۆللەردە، شەھەر، يېزا ـ سەھرالاردا پىژ ـ پىژ ئىسسىق، زىمىستان سوغۇقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئات، تۆگە، قېچىر ۋە ئېشەكلەرنى قاتناش ۋاسىتىسى قىلىپ ئاچقان بۇ يىپەك يولىدا، يەنى ئاسىيا ـ ياۋروپا، شەرق ـ غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان ئۈچمەس ئىزنالارنى قالدۇرۇپ، شەرق ـ غەرب ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۆۋرۈكى بولدى ھەمدە بۇ ئىككى قىتئەگە مەدەنىيەتنى تارقاتتى ھەم بەلگىلىك دەرىجىدە قوبۇل قىلدى. گېئومېتىرىيەدە ئىسپاتسىز قوبۇل قىلىنىدىغان بىر ھەقىقەت فورمۇلاسى بولۇپ، لېمما دەپ ئاتالغىنىدەك، يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىمۇ بىر لېممادۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يىپەك يولى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار چوڭقۇرلىشىپ، بۇ يولنىڭ تارىختىكى رولى ۋە ئەھمىيىتى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلمەكتە. بۇ كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «يىپەك يولى»نىڭ ئېچىلىشىدا پەقەت سودا كارۋانلىرى، ئەلچى ـ ساياھەتچىلەرنىڭلا رولىنى بەكرەك تەكىتلەيدىغان قاراشلار ئىلىم ساھەسىدە خېلى گەۋدىلىك بولۇپ كەلمەكتە. مېنىڭچە يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىدا يەنە ھەرقايسى دەۋر ھاكىمىيەتلىرى قوزغىغان ئوخشاش بولمىغان كۆلەمدىكى ھەربىي يۈرۈشلەرنىڭمۇ تەسىرى بولۇشى كېرەك. بۇ ھەربىي يۈرۈشلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆتۈقلىرىمۇ خۇددى جەڭ ئۆتۈقلىرىغا ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينىغان.

يىپەك يولىنىڭ تېخىمۇ يىراق جايلارغا سوزۇلۇشى ۋە بۇ يول ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدا تۆۋەندىكى بىرنەچچە يۈرۈشلەر ئاساسلىق رول ئوينىغان.

**ئالېكساندېر ماكېدونىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن)نىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى** ئىمپېراتور ئالېكساندېر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 330 ـ يىلى كاسپىي دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، پېرسىيە ئاھمانىيلار سۇلالىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، باكتېرىيە ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى رايونلارغا قەدەم باستى. بويسۇندۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ۋە ھەربىي دېپلوماتىيە ۋاسىتىلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئالېكساندېر شەرقىي ئىرادىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ شۇنىڭدەك باكتېرىيەلىكلەر، سوغدىلار ۋە بىر قىسىم ساك قەبىلىلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا ماكېدون ـ يۇنان ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايونلاردا يۇنان مەدەنىـ

www.uyghurkitap.com



يىتى يەرلىك مەدەنىيەتكە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە ئۇلارنىڭ تېررىتورىيەسى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغىچە يېتىپ باردى، ئۇ ھىندىقۇش ئەتراپلىرىغىچە بولغان جايلاردا نۇرغۇنلىغان يۇنان شەھەرلىرىنى قۇرغان. ئۇ لەشكەرلەر ۋە كۆچمەنلەرنى بۇ شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، يۇنان مەدەنىيەت رايونىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇ يەرلەردە، بولۇپمۇ شەھەر ھاياتىدا يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى زور بولغان. بۇ خىل مەدەنىيەت ئىزلىرى بەدىئىي سەنئەت ۋە ئەدەبىياتقىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ھەتتا تارىم ئويمانلىقىدىمۇ يۇنان ئۇسلۇبىدىكى سۈرەت ۋە ھەيكەلتىراشلىق ئەسەرلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار ۋە بىر قىسىم قەدىمكى ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، بىر قىسىم يۇنان تىلى سۆزلۈكلىرىمۇ ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىرگەن.

**خەن سۇلالىسىنىڭ غەربكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى** خەن ۋۇدى پەرغانە ئاتلىرىغا ئىنتايىن قىزىققانلىقتىن، پەرغانە ئاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىدۇ. بىراق پەرغانە خانى ئاتلارنى يوشۇرۇپ قويۇپ، ئەلچىلەرنى قوغلاپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەن ۋۇدى دەرغەزەپكە كېلىپ پەرغانىگە 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ يۈرۈش قىلدۇرغاندا ، ئۇلارغا شەخسىي تىجارەت قىلىش ئۈچۈن بارىدىغانلارمۇ قوشۇلغان. مەسىلەن، خەن ئەلچىلىرى پەرغانىدىن بىدە ئۇرۇقى ۋە ئۈزۈم ئۇرۇقلىرى ھەمدە تۇلپار ئات ئېلىپ كەلگەن؛ پەرغانىنىڭ غەربىدىن ئارساكىچە بولغان ئەللەردە يىپەك ۋە سىر يوق ئىدى، تۆمۈر قۇرال ئىشلەشنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى، خەن ئەلچىلىرى بىلەن كەلگەن نۆكەرلەر ئۇلارغا ئەل بولغاندىن كېيىن قورال ياساشنى ئۆگەتكەن، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە پۇل ياسىغان. («تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» (507 ـ بەت.)

**ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى** ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇغچىسى ئارداشىر مىلادىيە 224 ـ يىلى پېرسىيە رايونىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ۋە زوروئاستېر دىنى كاھىنلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن ئارساك فارفىيە خانلىقىنى مەغلۇب قىلغاندىن كېيىن بۇ سۇلالە ئىراننىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، زوروئاستېر دىنىنى جانلاندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ كۈرەش نىشانى قىلغان.

**ئاباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى** ئاباسىيلار خەلىپىلىرىدىن ھۆججاج دەۋرى (706 ـ يىلى)گە كەلگەندە قۇتتەيبەنى شەرققە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە بىرىنچى قېتىم پاگاندا شەھىرىنى ئىستېلا قىلغان ( چيەنداۋشېنسى. ياپونىيە): «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 208 ـ بەت) شۇنىڭدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ئاباسىيلار خەلىپىلىكى ئىستېلا قىلغان. بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈش ئىسلام دىنى ۋە ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان.

**ھونلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى** ھونلار 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى جەڭ ئاتلىرىنى مىنىپ دەبدەبە بىلەن ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىن چىقىپ، قارا دېڭىز بويلىرىغا يېتىپ كېلىپ شەرقىي ۋە غەربىي گوتلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ مىلادىيە 378 ـ يىلى ئادرىئانوپولدا ئىمپېراتور ۋالىنس باشچىلىقىدىكى رىم ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلدى. رىم تارىخچىسى ئامىئانۇس مارسىللىنۇسنىڭ ئەسىرىدە ھونلار توغرۇلۇق مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان: «... ئۇلار ‹ھونلار› ئوت ئىشلىتىش ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتىن بەھرىمەن بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بەلگىلىك مەدەنىيەت ئارتۇقچىلىقلىرىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلاردىن (ۋارۋارلاردىن) بىرقەدەر ئىلغار ئىدى». ھونلار دوناي دەرياسى بويلىرى يەنى ۋېنگرىيە تۈزلەڭلىكىدە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىنكى 50 يىلدەك ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ رىملىقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ۋاقتى دۈشمەنلەشكەن ۋاقتىدىن كۆپ بولغان. ئاتىللا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ھون ئاتلىقلىرى ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن ھونلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ۋە بىر قىسىم تۇرمۇش ئادىتى شۇ جايلاردا كەڭ تارقىلىپ بۈگۈنگە قەدەر ئىزناسىنى يوقاتمىغان.

ھەربىي يۈرۈشلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى مۇتلەق بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاجاۋۇز-

چىلىقىمۇ مۇتلەق بولمىغان. يەنى، بەزى ۋاقىتلاردا ھەربىي يۈرۈش قىلغۇچىلار بېسىۋالغان جايلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. مەسىلەن، 13 ـ ئەسىردە غەربكە يۈرۈش قىلىپ نۇرغۇن زېمىنلارنى ئۆز تېررىتورىيەسىگە ئالغان يايلاق مەدەنىيىتىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى ئۆزلىرى بېسىۋالغان شەھەرلەرگە مەدەنىيەت تارقىتىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. موڭغۇل سەركەردىلىرى جاھىللىق بىلەن شەھەر سىرتىغا بارگاھ قۇرۇپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن شەھەر ۋە دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى تەرىپىدىن مەنىۋى كەمسىتىشكە ئۇچرىغان.

ھەربىي يۈرۈشلەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئىستېلا قىلىنغان جايلاردا ھەربىي يۈرۈشتىن بۇرۇنلا ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بىخلىنىشقا باشلىغان ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تېزلىك بىلەن كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلۇشىشىغا تۈرتكە بولغان. مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پايتەخت چاڭئەنگە «ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭى»نى تىنجىتىش ئۈچۈن ياردەمگە بارغان ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى بۇ جايدا بۇددا دىنىنىڭ ۋاستىسى بىلەن كېڭىيىۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان. بۇ ھەقتە پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى تاڭ سۇلالىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۈچ يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تاڭ دەۋرى مەدەنىيىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشتى. شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تەسىر قىلىش جەريانى ئەينى زاماندا ئۆزئارا تەسىر قىلىش ۋە ئۆزئارا ئۆگىنىش جەريانى ئىدى. ئۇ رەسساملىق، تەرجىمىشۇناسلىق، دىن تارقىتىش، تېبابەتچىلىك ۋە سودا ـ سېتىق بىلەن قوشۇلۇپ، ئالاھىدە ئۇسلۇب ۋە مەدەنىي ئاۋاتلىق مەنزىرىسىنى پەيدا قىلغانىدى. ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنجىتىشقا بارغان ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ياردەمگە كېلىشى بۇ جەريانىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى» (ئا. مۇھەممەتئىمىن «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى، 35 ـ، 36 ـ بەتلەر) دەپ يازىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەربىي يۈرۈشلەر جەريانىدا ھەر خىل مالىمانچىلىقلار يۈز بېرىدۇ، تارىختا ئۇرۇش سەۋەبىدىن تۈزلىۋېتىلگەن، ۋەيران قىلىۋېتىلگەن، كۆيدۈرۈۋېتىلگەن شەھەرلەر ئاز ئەمەس. مۇشۇ ۋەيرانچىلىقتا كۆچكەن ۋە ھەربىي قوشۇن بىلەن بىللە مېڭىپ مەلۇم جايلارغا ماكانلاشتۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ شۇ جايلاردىكى يەرلىك مەدەنىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى، بۇ پۇقرالار ئاددىي خەلق بولغىنى بىلەن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆزىگە خاس تىل ـ يېزىق، دىن، ناخشا ـ ئۇسسۇل، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئىگە.

ھەربىي يۈرۈشلەرنىڭ يىپەك يولىنى تېخىمۇ يىراق جايلارغا يەتكۈچە ئېچىپ، راۋانلاشتۇرۇپ بېرىشى بىلەن، بۇ يولدىن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سودا كارۋانلىرىمۇ پايدىلانغان. بېسىۋېلىنغان جايلاردا يېڭىدىن تىكلەنگەن ھاكىمىيەتلەر ئۆز ھاكىمىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە يىراق ئەللەرگە تونۇتۇش ئۈچۈن بۇ سودا كارۋانلىرىنى قارشى ئالغان. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي يۈرۈش ئارقىلىق كېڭەيتىلگەن تېررىتورىيە ئىچىدىكى شەھەرلەردە يەنە باشقا مەدەنىيەتلەرمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن.

داڭلىق ھەربىي يۈرۈشلەر نۇرغۇنلىغان شەھەرلەرنى خانىۋەيران قىلغان، بېسىۋېلىنغان جايلاردىكى خەلقلەرنى قاتتىق قىرغىن قىلغان ھەمدە ئېسىل مەدەنىيەتلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان بولسىمۇ، جەمئىيەت تىنچلانغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ تارقىلىشچانلىقىنى توختىتىپ قويمىغان. مىللەتلەر ئۆزئارا ئالاقە قىلىشقان ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقان. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى تېخىمۇ تېزلەشتى. شۇڭا، يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشىدا ھەربىي يۈرۈشلەرنىڭ رولىنى تىلغا ئالمىساق يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىش تارىخىنىڭ ۋە يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىش تارىخىنىڭ بىر تەرىپى كەمتۈك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دەپ قارايمەن.

**(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھەرلىك 38 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى)**

www.uyghurkitap.com



# ئەنئەنىۋى ئىچىملىك — قىمىز ھەققىدە پاراڭ

ئابدۇرەھىم تۇرسۇن (تەكلىپلىك تەتقىقاتچىمىز)

ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋردىن باشلاپ تارىم ۋادىسىدىكى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان تولۇق مەدەنىي شەھەر ھاياتى بولسۇن ياكى شىمالىي چۆللۈك، جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى يېرىم كۆچمەن، يېرىم شەھەر ھاياتىدا بولسۇن قىمىز، ئايران، جۇلاپ، چۆلە، دوغ، مۇسەللەس، سۈت ۋە ئۆز رايونىدىن چىقىدىغان ھەر خىل مېۋىلەردىن ئۆزلىرى يەرلىك ئۇسۇلدا ئىشلەپ چىقارغان شەربەتلەرنى تۇرمۇش ھاياتىدىن ئايرىمىغان. مىللىتىمىز ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىي ھاياتىدا قەدىرلەپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن ئىچىملىكلەرنىڭ بىرى دەل قىمىزدۇر. تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە قىمىزنى ئاساسەن ئۇيغۇر، قىرغىز، قازاق، قاتارلىق خەلقلەر ئەتىۋارلاپ كۆپ ئىچىدىغان، شۇنداقلا موڭغۇل خەلقىنىڭمۇ ئەتىۋارلىق ئىچىملىكى بولۇپ، ئىنسان تېنىگە پايدىلىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىچىملىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىمىز توغرىسىدا تارىختا خېلى كۆپ ماتېرىياللار ساقلىنىپ قالغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرىينىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قىمىز تولۇمدا ئېچىتىلىپ ئىچىلىدىغان يىلقىنىڭ سۈتى دەپ ئىزاھلانغان ①. بۇ مەلۇماتلار قىمىز ھەققىدىكى ئەڭ قەدىمكى يازما مەنبەلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

يەنە چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇخاننىڭ رۇس كېنەزى گالىكسىينى قىمىز بىلەن تەبرىكلىگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇماتلار بار. ياۋروپالىقلار ساياھەتچى ماركوپولومۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ساياھەتىدىن كېيىن يازغان ئەسىرىدە قىمىزنى ئاق شاراپ دەپ ئاتىغان. ئەگەر بىز تارىخىي مەنبەلەرنى ئىزدەپ قىمىز توغرىسىدا تەكشۈرۈپ كۆرسەك، تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيمىز. قىمىز بەدەنگە كۈچ قۇۋۋەت بېرىدىغان، دورىلىق خاسىيىتى بار ئىچىملىك سۈپىتىدە قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ، ئۇيغۇر، قىرغىز، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق خەلقلەرنىڭ قەدىرلەيدىغان ئىچىملىكلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. قىمىزنىڭ پايدىلىق قىممىتىنى بىلگەن رۇس ئالىملىرىدىن ۋ.دال 1843 ـ يىلى «قىمىز ئادەمنىڭ ئىچىنى سوۋۇتىدۇ، تەننى راھەتلەندۈرىدۇ، ئۇنى بىر ھەپتە ئىچسەڭ بەدىنىڭگە كۈچ ـ قۇۋۋەت قوشۇلۇپ، تەن سالامەتلىكىڭ ياخشىلىنىپ، ئىككى مەڭزىڭگە قىزىللىق يۈگۈرەيدۇ. ئەگەر قىمىزغا كۆنۈپ قالساڭ، باشقا ئىچىملىككە ھېچ كۆڭلۈڭ تارتمايدۇ» دەپ يازىدۇ ②. شۇنداقلا يەنە قىرغىز خەلقىنىڭ مەشھۇر داستانى «ماناس»تا: «كۈندۈزى قىمىز، كېچىسى قىز، كۆزۈلدىگەن ئەر قىرغىز» دېگەن ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇنىڭدىن قىمىزنىڭ ئادەم بەدىنىگە ھەققەتەن مەنپەئەت قىلىدىغان ئىچىملىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ھەقىقەتەن قىمىزنىڭ دورىلىق قىممىتى زور بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە يەڭگىل سىڭىشلىك ئاقسىللار، مايلار، سۈت كىسلاتاسى، مىنېرال تۇزلار، ۋىتامىن A، B، C لار بار. بۇلار تاماقنىڭ سىڭىشىنى ياخشىلاپ، قاننىڭ كۆپىيىشىگە ياردەم بېرىدۇ. بىيەنىڭ (بايتال) سۈتىدىكى ماي باشقا ماللارغا قارىغاندا ئاز ھەم پايدىلىق، شۇنداق بولغاچقا يودنىڭ سانىمۇ ناھايىتى يۇقىرى، 100 گىرام بىيە سۈتىدە 95% تىن 100% گىچە يود بولىدۇ، شۇ سەۋەپتىن بىيە (بايتال) سۈتىدىكى ماي تېز سىڭىپ قانغا ئايلىنىپ پايدىلىق خولېستېرىننى پەيدا قىلىدۇ. بىيە سۈتىنىڭ باشقا سۈتلەردىن ئايرىمىسى ئۇنىڭ تەركىبىدە قەنت يەنى سۈت شېكىرى كۆپ بولغانلىقتىن ئېچىپ ئىسپىرتكە ئايلانغاندا قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ، ئاشقازان بەزلىرىنىڭ ئىشلىشىگە ياخشى ياردەم بېرىدۇ. بىيەنىڭ سۈتى ھەممە ۋاقىتتا پايدىلىق. بەزى بىيەلەر يېڭى تۇغقان ۋاقىتتا سۈتى ياش، قىمىزىمۇ يەڭگىل بولغاچقا قان بېسىمنى يۇقىرلاتماي، بۆرەك، ئۆپكە، ئۆت يەنە ئاشقازاننىڭ، نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئىشلىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. قىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ خاسىيىتىنىڭ يەنە بىرى

شۈكى، ئىممونىت كۈچەيتىپ، يۇقۇملۇق كېسەللەردىن ساقلانغىلى، قۇرۇق ئۈچۈقنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى قان ئازلىق، بۆرۈنخىت، ئاشقازان ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالىغىلى بولىدۇ. يىلقىنىڭ سۈتىنى سېغىپلا ئىچىشكە بولىدۇ. بىراق 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن كېيىن، ئوت ـ چۆپلەر پىشىپ، ماللار سەمرىگەن ۋاقىتتا قىمىز يۇرىكى ناچار، قان بېسىمى يۇقىرى كىشىلەرگە ئانچە يېقىپ كەتمەيدۇ[3].

قىمىزنىڭ ياسىلىش تۈرلىرى توغرىسىدا، قىرغىز، قازاق، موڭغۇل خەلقىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسۇللىرى بار، قىمىزنىڭ ئاساسىي بولسا، ساغقان سۈتىنى قىمىزغا ئايلاندۇردىغان ئۇزۇق — كۆنەلگىدۇر (ئېچىتقۇ). قىرغىز خەلقى ئۆزلىرىنىڭ قىمىز ياساش تەجرىبىسىگە ئاساسەن، هازىرغا قەدەر كۆنەلگىنىڭ ئىككى خىل تۈرىنى قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ هەم قىمىزنى ئېچىتىپ ياساشتا چاناچ، كۆنۈك، كۆكۈر، سابا قاتارلىق بۇيۇملارنى ئىشلىتىۋاتىدۇ، قىرغىز خەلقى تەييارلىغان كۆنەلگىنىڭ بىرىنچى تۈرى مۇنداق: قىمىزدىن كۆنەلگە ئېلىپ، چاناچنىڭ ئاستىغا قويۇپ ساقلايدۇ، ياز كەلگەندە، ئۇنى قايىنىتىلغان ئىلمان سۇغا ئېزىپ ئۈستىگە سائامال (ئېچىمىغان قىمىز) قۇيۇپ، ئىككى كۈن ئېچىتىپ قىمىزنى كۆنەلگىلەپ ئالىدۇ.

ئىككىنچى تۈرى توڭلىتىلغان قىمىز يەنى توڭلىتىلغان كۆنەلگە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنى قىشتىكى ياكى كەچ كۈزدىكى قىمىزدىن ئېلىپ، سوغۇق يەردە ساقلاپ توڭلىتىش يولى بىلەن تەييارلايدۇ. قىمىزغا سۈت بىلەن كۆنەلگىدىن باشقا ئىلمان سۇ قوشۇلىدۇ. تولۇمدىكى كونەلگىنىڭ ئۈستىگە قايىنىتىلغان ساپ سۈت قوشۇپ بىر سائەتتىن ئارتۇق پىشۇرىدۇ هەم پات ـ پات ئېلىشتۇرۇپ قويۇش كېرەك. بۇ سائامال دەپ ئاتىلىدۇ. قېمىز تەييار بولۇشقا ئاز قالغاندا يەنە پىشۇرۇش زۆرۈر. قىمىز قانچىلىك كۆپ پىشسا،شۇنچىلىك يېقىشلىق، سىڭىشلىك، تەملىك بولىدۇ. قېمىز سەككىز ـ ئون سائەتكىچە تەييار بولىدۇ.ئەگەر كۆنەلگىسى كۆپ بولسا، ئىككى ـ ئۈچ سائەتتىلا تەييار بولىدۇ. قىرغىز خەلقى ئىچىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قىمىز، ياسىلىش ئۇسۇلى، كۆنەلگىلەتكەن كۈنىگە، يىل مەزگىلىگە قاراپ، تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

1. قىمىزنىڭ يىل مەزگىلىگە قاراپ بۆلۈنۈشى: بىيە (بايتال)لار قولۇنلىغان مەزگىلدە (مارت ئېيىدىن) باشلاپ كەچ كۈزگىچە سېغىلىدۇ. قىمىز يىل مەزگىللەرگە قارىتا، ئۈز قىمىز، گۈل قىمىز، سۆك قىمىز دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۈز قىمىز ئەتىيازدىن يازنىڭ تولغان ۋاقتى (7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىغىچە) بولغان ئارىلىقتا ياسالغان قىمىز بولۇپ، قىمىزنىڭ بۇ تۈرى، خەلق تېبابىتىدە هەرقانداق كېسەلگە داۋا بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ، چۈنكى بۇ مەزگىلدە ئوت ـ چۆپلەر ياش كېلىدۇ. شۇڭا، ئۈز قىمىز تەملىك كېلىدۇ.

ئىككىنچى گۈل قىمىز، يازدىن كۈزگىچە بولغان ئارىلىقتا ياسالغان قىمىز، گۈل قىمىز دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قىمىزنى بەزىلەر قىزىل قىمىز دەپمۇ ئاتايدۇ. ئوت ـ چۆپلەر پىشىپ، گۈل تۆكۈلۈپ، كۈچكە كېلىپ تۈرغان ۋاقىتتا تەييارلانغان بۇ قىمىز كۈچلۈك كېلىدۇ.

ئۈچىنچى سۆك قىمىز، ئوت-چۆپلەر تولۇق پىشىپ كۈزدىن قىشقىچە بولغان ئارىلىقتا تەييارلانغان قىمىز سۆك قىمىز دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە بايتالنىڭ سۈتى قويۇق كېلىپ قىمىران (بىر خىل قوشۇلغۇچ) كۆپرەك قوشۇلىدۇ. سۆك قىمىز كۈچلۈك، قويۇق كېلىدۇ.

2. قىمىزنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى بويىچە بۆلۈنۈشى: (1) بال قىمىز بولۇپ، ئۇ بايتالنىڭ سۈتىدە ياسىلىدۇ، ئۇنىڭ دورىلىق رولى كۈچلۈك. (2) سائامال قىمىز بولۇپ، ئۇ ئېچىمىغان قىمىز دەپ ئاتىلىدۇ. (3) تۇنما قىمىز بولۇپ، ئۇ ئەڭ كۈچلۈك قىمىزدۇر. ئۇنى هەسەلگە چايقاپ مېغىز قوشۇپ، ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە ئېچىتسا كۈچلۈك، ئېسىل قىمىز بولۇپ تەييار بولىدۇ. (4) چايقىغان قىمىز: ئۇ ياخشى ئېچىغان قىمىزغا هەسەل قوشۇپ چايقاپ سائامال قوشۇپ ئۇزاق پىشۇرىدىغان قىمىزدۇر. (5) ئېچىغان قىمىز: ياخشى پىشقان ياش قىمىزغا سائامال، ئاق لاتىسىغا ئېزىلگەن مېغىز، ناۋاتنى يۇگەپ چاناچنىڭ (تۇلۇم) ئاستىغا سېلىپ بىرنەچچە كۈن ئېچىتىدۇ. بۇنداق قىمىز قەدىرلىك مېھمانلارغا، تويلارغا ئاتاپ ئالاھىدە ياسىلىدۇ. (6) يەنە بىر قىمىز ماللارنىڭ سۈتىگە قارىتا ياسىلىدىغان قىمىز بولۇپ، ئۇ تۆگە قىمىزى، كالا قىمىزى، قوي، ئۆچكە قىمىزى دېگەندەك تۈرلەرگىمۇ بۆلۈنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



3. قىمىز كۆنەلگىلەنگەن كۈنگە قارىتا بىر كۈنلۈكى ياش قىمىز، ئىككى كۈنلۈكى كۈچلۈك قىمىز، ئۈچ كۈنلۈكى ئۆتكۈر قىمىز دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قىمىزنىڭ تەمى سەل ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن قىمىز ياساشتا ئىشلىتىدىغان چاناچ، كۆنەك، كۆكۈر، سابالارنى بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن تۈركىي خەلقلەر يىراق قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ هازىرغا قەدەر ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ. «چاناچ» قىمىز قۇيىدىغان تۇلۇم بولۇپ، ئۇ ئۆچكىنىڭ، كېيىكنىڭ تۇلۇمچىلاپ سويۇلغان تېرىسىدە ياسىلىدۇ. چاناچنى قەدىمكى ۋاقىتلاردا كۆچمەن خەلقلەر، سۇ، يايلاق قوغلىشىپ كۆچكەن مەزگىلدە، ئۇزاق جەڭ بولغان يۈرۈشلەردە يېنىدىن ئايرىمىغان. چۈنكى، چاناچنى ۋاقتىدا ئىشلەپ، ياغلاپ تۇرسا ئۇنىڭدىكى ئوزۇقلۇق بوزۇلماي ئۇزاقىچە ساقلىنىدۇ. كۆنەك: بۇمۇ تېرە-دىن تىكىلگەن كىچىك تۇلۇم، بۇنىڭدا بايتالنىڭ سۈتىنى سېغىپ ساقلايدۇ. بۇنىمۇ داۋاملىق تازىلاپ تۇرسا ئۇزاققا چىدايدۇ. كۆكۈر: تېرىدىن پىچىپ تىكىلىپ، قىمىز قۇيىدىغان تۇلۇم، ئادەتتە ئوتتۇراھال كۆكۈرگە تۆت - بەش لېتىر قىمىز پاتىدۇ. سابا: بۇ قىمىز ئېچىتىلىدىغان تۇلۇم بولۇپ، بۇنى يىلقىنىڭ، تۆگىنىڭ، كالىنىڭ تېرىسىدىن ياسايدۇ. ياخشى ياسالغان سابادا قىمىز ياخشى ساقلىنىدۇ ④.

دېمەك، قىمىز ناهايىتى ساپ، دورىلىق خۇسۇسىيىتى كۆپ ئىچىملىك، بۇنى ياساپ ئۇرۇشتا ئىشلەت-كەن يۇقىرىقى بۇيۇملار يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن هازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن. بۈيۈك هون ئىمپېرىيەسى، تۈرك خاقانلىقى ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قۇدرەتلىك ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنى تىكلەش موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىدىن غەربتە پەرغانە ۋادىسىغىچە هەم پۈتۈن شىنجاڭ رايونىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل، مەدەنىيەتلىك شانۇشەۋكەتلىك هاكىمىيەتنى بەرپا قىلىشتىكى ئۇزاق جەڭ يۈرۈشلىرىدە باشقا يېمەكلىكلەر قاتارىدا قىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ مۇهىم ئىچىملىكى قىلغان. قىمىزنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا قايسىبىر شائىر ئۆزىنىڭ بەدەل بايلىقى توغرىسىدا يازغان شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ.

ياسىنىپتۇ كىمخاپ كىيىپ كۆركەم بەدەل يايلاقلىرى،
ئارچا، قېيىن تارتسا سەنەم نەغمە قىلار بوتىلاقلىرى.

قوي توپلىرى يۇلتۇز مىسال بېھىسابتۇر تۇلپارلىرى،
سەكرەپ ئويناي يان باغرىدا ئوغلاق، قوزا، تايچاقلىرى.

ياز ئايلىرى زەپمۇ ئېسىل قىلساڭ بەدەل سەيلانىسى،
كېسىلىڭگە شىپا بولۇر قېتىق، قىمىز - قايماقلىرى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قىمىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئەڭ ياخشى ئەنئەنىۋى ئىچىملىك مىراسلىرىمىزنىڭ بىرى. جەمئىيىتىمىز تەرەققىي قىلغان، گۈللەنگەن بۈگۈنكى دەۋردە تويلى-رىمىزدا ۋە باشقا ئاممىۋى پائالىيەتلىرىمىزدە، چايلىرىمىزدا ئاچچىق سېسىق هاراقلارنىڭ ئورنىنى ھەسەل، مېغىز قوشۇپ ياسالغان ئاشۇ ئېسىل قىمىزلىرىمىز ئىگەللىگەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى - ھە!

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


① مەھمۇت كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۈرۈمچى، ئۇيغۇرچە، 1 - توم، 474 - بەت.
②③④ «ئوبۇن» گېزىتىنىڭ 2011 - يىللىق مۇناسىۋەتلىك سانلىرى. قىرغىزىستان، بىشكەك.
⑤ تۇرسۇن بارات: «ئۇچتۇرپاندىكى قەدىمكى ئۆتكەل — بەدەل ئارت توغرىسىدا»، شىنجاڭ تارىخى ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 2009 - يىللىق سان، 38 - بەت.


(ئاپتور: ئۈرۈمچى ئىزگۈ يەن - تېخنىكا ئۈچۈر شىركىتىدە ئىشلەيدۇ. پەلسەپە دوكتورى)

# مۇسەللەس نەزمىسى

**ۋاڭ يۈبىن**

قۇرىغارنىڭ سىرى ـ ھېكمىتى ئۇ، ئاتىلىدۇ بىزدە مۇسەللەس،
شېرىن ـ لەزىزدۇر مەززىسى ئۇنىڭ، ئۆزۈمدە خىسلەت،كارامىتى، بەس.
كەھرىۋاغىلا ئوخشايدۇ رەڭگى، مەي ـ مەيزاپلارمۇ ھېچ تەڭ كېلەلمەس،
قېرىتماسلىق خاسىيىتى يار، ئابىي كەۋسەر شەربىتى تەييار،
ئوت ـ ئاتەشلىك خۇسۇسىيىتى بار، بۇژ ـ بۇژ تەپچىپ تۇرار ھەر نەپەس.
ئۈزۈم جەۋھىرىنى نەچچە رەت تاللاپ، ئۇچ كۈنلۈك ھېكايە چىقىدۇ قايناپ،
مەخپىي ئىشلىنەر ئورىنى چۈمكەپ، نەچچە دۈملەشنى سوراپ بىلمەك تەس.
قاقىلە ياشلىقنى تۈغيانلىتىدۇ، روھىي كەيپىياتنى جۇشقۇنلىتىدۇ،
قەلەمپۇرغا باغرىنى چىلاپ، تەگرىقۇتقا بېغىشلار ھەۋەس.
ھاياتقا قان ـ قۇۋۋەت بېغىشلاپ، مۇھەببەتنى ھەم راسا چىڭىتىپ،
پاك ـ سادىقلىق قايىنار كۆۋەجەپ، يۈرەك دولقۇنىنى توختاتمىقى تەس.
ساغلام بولار توغراقتەك مىڭ يىل، ئەتىرگۈلدەك لاتاپەت قۇچۇپ،
شېرىن خىياللار يالقۇنجاپ پەۋەس، دولان كۈيلىرى ياڭرار زەبەردەس.
تارىخ بېتىنى ئۇلاپ ئەبەتكە، ۋارىس بولۇپ مەدەنىيەتكە،
روھىي ئالەمنى جۇلالاندۇرۇپ، ئېسىل غىزانى كۆڭۈل ئىستىمەس.
بىر ئوتلىغانىنىڭ ئۇرغۇيدۇ قېنى، قۇۋۋەتلەيدۇ زىپ بۆرەك ـ مېڭىنى،
ئۇزارتىدۇ ئۆمۈرنى ساغلام، كېتەر ھارغىنلىق ،قايتىلاپ كەلمەس.
شادىمان كۈلكە بولۇپ ئاڭا يار، ۋۇجۇد مۈلكىنى ئىناقلىق قۇچار،
يېقىملىق-خۇش مىجەز يېتىلىپ، تاغ يىقىلسىمۇ بولار تەۋرىمەس.
خۇش پۇراقلارغا تولىدۇ ئالەم، يۈلغۈن رەڭگىگە كىرىدۇ ئادەم،
كاسالاردا ئۈز بۇلدۇقلاپ زەمزەم، ئايىنى چىللايدۇ ئىچىشكە بىرىپەس.
كوزا ـ كۇپ شۇئان ئېچىلىش بىلەن، كۆڭۈل باغلىرى يورۇپ كېتەر تەڭ،
مىس چەينەكلەرگە قۇيۇلار لەرزان، ئېرىپ كېتىدۇ دۇنيا بىر نەپەس.
ئىزگۈ تىلەكلەر ئۇچۇپ يىراققا، سېغىنىش ئوتى سالار پىراققا،
ھايات تەمىنى ھېس قىلار ھەممە، دىل مايىسىسى ياشنار مۇقەددەس.
دۇنياغا ئۆزگىچە بېرەلەيدۇ جان، نامايان خۇشبۇي ھەدى ھەر زامان،
پاكلىق، ئۇلۇغلۇق چاقناپ قۇياشتەك، كۆكسىدە يالقۇن يانىدۇ پەۋەس.
بىر قەدەھ ئىچكەن بولۇر ئەزىمەت، ئىش بولمىسىمۇ ئىش بولۇر شۇئان.
ئاپقۇردىن ئۆرلەپ شېئىرىي تۇيغۇلار، كۆڭۈل قۇشىدا جانلىنىدۇ ئەس.
مۇڭلۇق نەي ئۈنى ياڭرار يىراققا، باتۇرنى كىملەر كۈيلەر شۇ تاپتا؟
كۈمۈش قاچىدا ئىچسە بىرنى گەر، ئەجداد ئۈدۈمى قوزغايدۇ ھەۋەس.
گۈلخان مەشرىپى قىلىپ تاڭغىچە، مۇستەغرەق بولۇپ ئۇسسۇل تۈگىمەس،
خىيالىي تۇيغۇ ئىلكىدە تەۋرەپ، ئۆزىنى كۆرەر سامان يولىدا،

قىيغىتار پەلەك ئۆزرە بىر لەھزە، ياپاق قەدەملەر ھېچبىر ئەرزىمەس.
قەدىم توغراقلار ياشىرىپ بەردەم، تۇتۇپ بورانغا كۆكسىنى ھەردەم،
تەبىئەتكە چىن بېغىشلاپ ھىممەت، بۈركۈت پەرۋازىغا بولار ھەمنەپەس.
ھېرىپ ـ ھالسىراپ ئالغاندا ئارام، چاقچاق ـ كۈلكىلەر قىلىدۇ داۋام،
چىرايلاردا شوق تەبەسسۇم ئويناپ، تاڭ ئاتقۇچە ھېچ ئويۇن ئۈزۈلمەس.
ۋۇجۇد يايرايدۇ مەشرەپتە ئويناپ، ئوتلۇق بەدەنلەر تولغىنار مەستخۇش،
سەنئەت روھىنى قىلىپ نامايان، ئەجدادلار شانۇشەۋكىتى ئۆچمەس.
بۇ ئىچىملىك باب كۆڭۈل ئاچماقتا، جۇشقۇن ئىچىلىپ خۇشال يايراشقا،
دىلكەشلەر خۇشھال شېرىن دەملەردە، كۆڭۈل ئىزھاردا ئەسلا زېرىكمەس.
گۈزەل خىياللار قىلىدۇ جەۋلان، ئاچچىق كەچمىشلەر ئۇنتۇلار ھامان،
لالىرەڭ يۈزلەردە مۇھەببەت ئايان، ھالسىراش، غەمسىنىش يوقىلار، كەلمەس.
ھېسلىرى قايناپ، شاد ناخشا توۋلاپ، روھىنى قويۇپ كېتەر سوراقلاپ؛
كىشىلىك ھايات زادى قانچىلىك، بولىمىز قاي چاغ غەملەرنى بىلمەس؟
كۆكتىن گۈل سەنەم چۈشەر ئۇسسۇلغا، پەرىزاتلارمۇ مېھرىن ئۈزەلمەس،
ھەيرەتتە قويار دانىشمەنلەرنى، غەزەلگە ھېچ چاغ زوۋقى كەم ئەمەس،
يېشىل باراڭلار ئاستىدا ئەنە، غولى، شاخلىرى باراقسان يەنە،
مېۋىلىرى خۇش ھىد چاچىدۇ، ھۆزۈرىغا ھەرنە تەڭ كەلمەس.
قارلىق كېچىدە ئېلىنغان دىللار، ئارام پەيزىنى چاقىرار، چىللار،
يامغۇردىن كېيىن ھاۋا ئۆڭشىلار، ئېسىل غىزالار بۇندا كەم ئەمەس،
يەكەن دەرياسى دولقۇنلۇق ئاقار، مۇنبەت دالىغا، ئېتىزغا ياقار،
تارىمنىڭ بېشى بۇلۇقتا تۇتاش، ئۇنىڭ ئېقىنى مەڭگۈ ئۈزۈلمەس،
قەدىمىي يىپەك يولىدا كارۋان، كېلىدۇ بۇندا ئالغىلى ئارام،
دولان دەرياسى بويلىرى بوستان، دولقۇنلار ئارا كەتكۈسى كەلمەس.
بۇندىكى قەلئە شەپەق نۇرىدا، چۈشۈرگە ياۋا غازدەك شارقىرار،
يەرتېگىدىن كۆپ ـ كوزا قېزىلار، چىقىدۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش تۈگىمەس.
ئۇۋچىلار بولدى چىدامىلىق دېھقان، پاختىلار بۇلۇتقا تاقاشتى ھەر ئان،
چارۋىغا راھەت بېرىدۇ قوتان، ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن ئەسلا غەم يېمەس.
يېزا ـ شەھەرلەر ئولتۇرۇشقا ئەپ، نېئون چىراغلار ئۆچمەيدۇ ئەجەپ،
باغلىق ھويلىدا كۈلەر جانلار زەپ، باياشات كۈننى تەسۋىرلىمەك تەس.
ئاۋاتلىقلارنىڭ بەزمىسى تالاي، ياشنىدى تۇرمۇش، شادىمان ھەم باي،
مۇقام كۈيلىرى ئەۋجىگە چىقتى، دەۋراننى قانچە كۈيلىسە پۈتمەس،
ئارسال چاغلاردا گۈزەل بىر ئارمان، شاراپ سېھرىدە بېھۇش بولار جان،
گۈزەل ئىستەكلەر تاپىدۇ دەرمان، پال ئېچىپ يۈرۈش زىنھار كېرەكمەس،
قۇچار شاھانە سورۇندا شەرەپ، بايرام ـ مەرىكىدە ھەرچاغ كەم ئەمەس،
تەڭرىتاغلىرىنىڭ شان ـ شەرىپى ئۇ، يەر شارىنىمۇ قاپلايدۇ پەۋەس،
ئەڭ قەدىمىي ئىچىملىكتۇر بۇ، بىلگەي سىرىنى ئىچكەن مۇسەللەس.

(ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلدى، ت. ئىبراھىم تەكشۈرۈپ بېكىتتى)

# تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن يېڭى تەرجىمىلەر

# بەي جۈيىنىڭ تۆت شېئىرى

ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلدى (تەكلىپلىك تەنقىدچىمىز)

## تۇز سودىگىرىنىڭ خوتۇنى

سودىگەرنىڭ خوتۇنى، چوڭ تۇزچىنىڭ خوتۇنى،
ئىگە دۇردۇن ـ تاۋارغا، ئالتۇن ـ كۈمۈش بايلىققا.

ياكى پىلە باقمىدى، يە يىپەك چىقارمىدى،
ئىشلىمەيمۇ ئېتىزدا خوجا ئىدى ئاشلىققا.

پاراخوتنى ئۆي قىلىپ ياشار ئىدى سۇدىلا،
مەغرىب ـ مەشرىق ھەر جايدا ۋاقتى چاغ-خۇشاللىقتا.

ياڭجۇلۇق بىر نامراتنىڭ قىزى ئىدى ئەسلىدە،
جياڭشىلىق چوڭ سودىگەرگە تەگكەنتى خوتۇنلۇققا.

ئالتۇن قىسقۇچ تۇرمايتتى پارقىراق ئاي بېشىدا،
چىڭ كېلەتتى بىلەزۈك قولى بولغاچ تومىلۇقتا.

غۇلاملارنى سىلكىشلەپ، دېدەكلەرنى خورلايتتى،
قانداقلارچە بۇ خوتۇن كۈنۈپ قالغان زورلۇققا؟

تۇز سودىسى قىلغانتى ئۇنىڭ ئېرى ئون بەش يىل،
قارىمايتتى ئامبالغا، خان خوجامغا قارايتتى.

تاپشۇرغاندا پايدىنى ئىسكىلاتقا ھەر يىلى،
كۆپرەك كىرىپ يانچۇققا، خانغا ئازراق ماڭاتتى.

ئاز بولسىمۇ خانغا نەپ، شەخسىگە نەپ جىق ئىدى،
خان ۋەزىرى جانابلار بۇنى بىلمەي قالاتتى.

گۇرۇچ، بېلىق دېگەنلەر ئەرزان ئىدى دەريادا،
ئاپېلسىن مول ئىدى، گۇرۇچتە ئاش ئوخشايتتى.

ئىگەكلىرى توغاچنىڭ چېچىكىدەك قىپقىزىل،
تويغىچە يەپ، ياسىنىپ گۆزەتخانىدا تۇراتتى.

چوڭ تۈزچىنىڭ تەتىيى، كەلگەن ئۇنىڭ تەلىيى،
تەگكىنىگە تۈزچىغا قوشلاپ ئامەت قونغانتى.

كۈنبويى ھېچ قانمايتتى ياخشى ئىچىپ، ياخشى يەپ،
پۈزۈر كىيىپ يىل بويى خالىغانچە ئوينايتتى.

ئېسىل كىيىم، ياخشى ئاش كەلدى ساڭا قەيەردىن،
ساڭ خۇڭلىياڭنى ئويلىساڭ، ئار-نومۇس تۇيۇلماتتى؟

ساڭ خۇڭلىياڭدەك قابىل زات ئۆتكىنىگە نى زامان،
خەن دەۋرىدىلا ئەمەس، بۈگۈنمۇ كۆپ بولماتتى؟



## شىنفېڭلىق بىلەكسىز بوۋاي

چال بار ئىدى شىنفېڭدا سەكسەن سەككىز ياش شۇنداق،
چاچ ـ ساقىلى، قاشلىرى قارغا ئوخشاش سەپسەن ئاق.

ئۇنى يۆلەپ باراتتى چەۋرە ئوغلى يېنىدا،
مۆرىسىدە سول قولى، ئوڭ بىلىكى يوق ئاشۇنداق.

— ئۆزۈلگەنگە نەچچە يىل بولۇپ قالدى قولىڭىز،
نىمە ئۈچۈن مېيىپ ئۇ، نە سەۋەپتىن مۇشۇنداق؟

دېدى بوۋاي سۆز ئېلىپ:
— ئەسلى يۇرتۇم شىنفېڭدىن،
مەن يېتىلگەن تاڭ دەۋرى يوقتى يېغا ھېچقانداق.

ئادەتلەنگەن ئاڭلاشقا يېقىملىق ساز ـ ناخشىنى،
كۆتۈرمەيتتۇق تۇغ-ئەلەم، تارتماس ئىدۇق ھەم ساداق.

ئەسكەر تۇتۇش باشلاندى بىردىن تيەنباۋ يىللىرى،
ئۈچ نوپۇسلۇق ھەر ئۆيدىن بىرنى مەجبۇرى تۇتماق.

تۇتۇۋالغان ئەسكەرنى ئاپىراتتى قەيەرگە؟
تومۇز پەيتى ھەيدەيتتى يۈننەن تامان بەك يىراق.

يۈننەن دېگەن ياقلاردا باركەن لۇجياڭ دەرياسى،
مۇچ چېچىكى چۈشكەندە دەريا ئىكەن ئوت ـ قايناق.

ئۆتمەي تېخى ئونىلەن ئۆلەر ئىكەن ئۈچەيلەن،
قوشۇن كەچكەندە سۇدىن قايناركەن ۋاراق ـ ۋاراق.

يىغا ـ زارە دەستىدىن يۇرتنى ئېغىر مۇڭ باستى،
خوشلىشاردا تۇغقانلار ئاشار ئىدى دەرد ـ پىراق.

دەيتتى ھەممە: يۇنىنەنگە كەتكەنلەردىن ئۇرۇشقا،
تۇمەنلىگەن لەشكەرنىڭ قايتقىنى يوق بىرسى ساق.

ئۇ چاغ تېخى بۇ بوۋاي يىگىرمە تۆت ياش ئىدى،
تىزىملىككە يېزىلىپ قالغانىكەن باشتىراق.

تۇندە خەققە بىلدۈرمەي چىداپ تۇرۇپ ئازابقا،
ئۆزۈۋەتكەن بىلىكنى يوغان تاشتا چورت - بىراق.

ئامان قالغان يۇنىنەنگە بېرىپ ئۇرۇش قىلىشتىن،
يارىمىغاچ ئوقياغا، يە تۇتۇشقا تۇغ - بايراق.

يارىلانسا قول، بەدەن ئازاب بولماي قالامدۇ؟
ئۇمىدى ئىدى ئەسلى يۇرتىدا قېلىپ قالماق.

قولى ناكا بولغانغا بولۇپ قالدى ئاتمىش يىل،
قولى مېيىپ بولسىمۇ بەدىنى ساق، ئۆزى ساق.

يامغۇر-يېشىن بولسىلا، كېچە سوغۇق بولسىلا،
ئۇخلىيالماي تۇن بويى تىترەيدۇ جالاق - جالاق.

قالغىنىغا مىڭ خۇشال ھازىرغىچە ھايات ئۇ،
ئاغرىسىمۇ تاڭغىچە پۇشايمان يوق ھېچقانداق.

بارغان بولسا يۇنىنەنگە ئۆلسە لۈجياڭ سۇيىدە،
جېنى تۇگۇل، تېنىنى كۆرەر ئىدى ئۇ قانداق؟

جېنى بىلەن تېنىمۇ قالار ئىدى يۇنىنەندە،
تۇمەن قەبرىدە مەڭگۈ تەقدىرىدىن زارلىماق.
ئۇ بوۋاينىڭ سۆزىگە بېرىلىپ سالغىن قۇلاق:

كەيۈەن يىلى سۇڭ ۋەزىر ماختىمىغان، چەكلىگەن-
چېگرىدىكى تۆھپىنى بولمىسۇن دەپ ئۇرۇشقاق.

تيەنباۋ يىلى ياڭ گوجۇڭ ئىلتىپاتقا بېرىلىپ،
چېگرىدىكى تۆھپىگە باغلىغان چوڭ ئىشتىياق.

تېخى تۆھپە ياراتماي قالدى ئەل لەنىتىگە،
ئىشەنمىسەڭ، شىنفېڭلىق قولسىز چالدىن سوراپ باق.

## پايانسىز دېڭىز - ئوكيان

پايانسىز دېڭىز-ئوكيان، پايانسىز - يوقتۇر چېكى،
چوڭقۇرلۇقتا تېگى يوق، كەڭلىكىدە يوق چېتى.

www.uyghurkitap.com



بۇلۇتلارنىڭ، تۇتەكنىڭ بەكمۇ تېرەن يېرىدە
خاسىيەتلىك ئۈچ چوڭ تاغ بار ئىكەنمىش — ئەل گېپى.

ئۇ تاغلاردا ئۆسەرمىش قېرىماسلىق دورىسى،
پەرىشتە بولار ئىمىش ئۇنى يېگەن ھەر كىشى.

مىڭلاپ ئادەم ئەۋەتكەن دورا يىغىپ كېلىشكە،
چىن شىخۇاڭ ھەم خەن ۋۇدى ئىشەنگەچكە دەسلىپى.



قېڭلەي دېگەن قەدىمدىن نامى بار جاي تارىختا،
چەكسىز بولغاچ سۇ ـ تۇمان بولماپتۇ ئىزدەش ئېپى.

پايانسىز كەڭ دېڭىزدا ئەۋج ئېلىپ شامال ـ بوران،
كۆزلەر تېشىلەي دەپتۇ كۆرۈنمەي قېڭلەي بۇرجىكى.

تاپالماستىن قېڭلەينى، پېتىنالماي كەتكىلى،
يىگىت ـ قىزلار قېرىپتۇ پاراخوتتا تۇرغان پېتى.

شاڭ يۇەن، تەيىي دۇئاسى بوپتۇ بىكار ـ بىھۇدە،
ئەخمەق گەپتە ئالداپتۇ شۇفۇ، ۋېن چېڭ نانقېپى.

قاراڭ لى شەن تېغىغا، ماۋلىڭدىكى مازارغا،
پاجىئەلىك ئىڭرايدۇ قەبرىگاھتا ئوت ـ چۆپى.

ئېيتىلمىغان لاۋزىنىڭ بەش مىڭ خەتلىك سۆزىدە،
خاسىيەتلىك دورا ھەم پەرىشتە دېگەن گېپى.

يېزىلمىغان ئەجدادنىڭ ئالتۇندەك كىتابىدا،
كۇندۇزدىلا ئاسمانغا چىقىدۇ دېگەن خېتى!

## كاللامغا كەلگەن ئوي ـ خىياللار

ھەشەمەتلىك ئىمارەتتىن تىنىقتا كالتە تام قالدى،
قېرىنداش زارى كۆز ئاچقۇنچە شاد ناخشىغا ئايلاندى.

كېچە دەۋران سۇرۇپ بېشى ئېگىز ئاسمانغا يەتكەننىڭ،
بۈگۈن ئەمدى ئىشىك ئالدى بىراقلا چۆلسىرەپ قالدى.

كى بېيىماڭ تېغىدا بىر چاغ گۈلىستانلىق ئىدى قەبرە،
دېڭىز ئۆركەشلىرى زىنھار بېسىلماي كۆكنى بىر ئالدى.

كۇلۇپ يوقسۇلنى، ئامەت ـ بايلىقىڭدىن ماختىنىپ كەتمە،
پەلەك ئۆزگەرسە كىم سەندىن سۆڭەكتىن ئۆزگە نە قالدى؟

# قىسقا خەۋەرلەر

★ 2012-يىل 1-ئاينىڭ 31-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولىغا جايلاشقان «غالىبىيەت كىتابخانىسى»دا مىللىي گۈزەل سەنئەت نەتىجىلىرى — ئۇيغۇر ھۆسنىخەت ۋە رەسىم ئەسەرلىرى نامايان قىلىنىدىغان گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ سېتىۋېلىش ئورنى — «شەرقى گۈزەل سەنئەت گاللېرىيەسى» رەسمىي ئېچىلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئاتاقلىق ئەدەبىياتشۇناس، پىروفېسسور ئازات سۇلتان، ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى مۇزەپپەر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى، پىروفېسسور ئارسلان ئابدۇللا، دۆلەت 1-دەرىجىلىك رەسسام ئابدۇكېرىم نەسرىدىن، تەتقىقاتچى ئىسراپىل يۇسۇپ، رەسسام تۇردى ئىمىن، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، مۇزىكانت ياسىن مۇخبىل، ناخشىچى شامىل شاكىر قاتارلىق بىر تۈركۈم تەتقىقاتچىلىرىمىز ۋە مەدەنىيەت، سەنئەت ئەربابلىرىمىز، رەسسام، خەتتات ۋە كارخانىچىلار بولۇپ 50كە يېقىن كىشى بۇ مۇراسىمغا قاتناشتى.

ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئالدى بىلەن ئارسلان ئابدۇللا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىغا ۋاكالىتەن، «شەرقى گۈزەل سەنئەت گاللېرىيەسى»نىڭ رەسمىي ئېچىلغانلىقىنى ۋە «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالدىم» دېگەن تېمىدىكى كاتتا مىللىي مەدەنىيەت پائالىيىتىنىڭ باشلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى ھەمدە بۇ پائالىيەتكە قەدەم تەشرىپ قىلغان مەدەنىيەت، سەنئەت ساھەسىدىكى ئۇستازلار، مەدەنىيەت-سەنئەت ئەربابلىرى، ۋەتەن سۆيەر كارخانىچىلار ھەم شۇنىڭدەك يىراق-يېقىندىن كەلگەن بارلىق دوستلارغا قىزغىن سالام يوللاش بىلەن بىرگە جوڭخۇا مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان مىللىي گۈزەل سەنئەت ئىشلىرىنىڭ يىلدىن-يىلغا روناق تېپىپ، مىللىي روھ ۋە مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە جەۋلان قىلدۇرۇش، مىللىي مەدەنىيەت ساپايىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، مەدەنىيەت بازارلىرىنى ئېچىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتنىكى ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈردى. ئازات سۇلتان، ئابدۇكېرىم نەسرىدىن قاتارلىق پىروفېسسور ۋە سەنئەت ئەربابلىرىمىزمۇ سۆز قىلىپ «شەرقى گۈزەل سەنئەت گاللېرىيەسى»نىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەمدە يۇقىرى باھا بەردى. ئابدۇكېرىم نەسرىدىن، ئازات سۇلتان، ئارسلان ئابدۇللا، مۇزەپپەر، شامىل شاكىر قاتارلىق زاتلارنىڭ لېنتا كېسىشى بىلەن ئېچىلىش مۇراسىمى تاماملىنىپ، «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالدىم» دېگەن تېمىدىكى مىللىي مەدەنىيەت پائالىيىتى باشلاندى، گاللېرىيە زالىغا 100 دىن ئارتۇق ھەر خىل بېزەكلىك ئۇيغۇر ھۆسنىخەت ئەسەرلىرى ۋە نەپىس رەسىملەر قويۇلغان بولۇپ، كۆپچىلىك بۇ ئەسەرلەردىن ئورتاق ھوزۇرلاندى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى دۆلەت بىرىنچى دەرىجىلىك گۈزەل سەنئەت ئۇستازى، جوڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ 3-، 4-، 5-، ۋە 6-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ھەيئىتى، مەملىكىتىمىزدىكى 100 مەشھۇر خەتتاتنىڭ بىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى، ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ نەزەرىيە ئاساسچىسى، ئۇيغۇر خەتتاتلىق مائارىپىنىڭ غوللۇق تايانچىسى ۋە يېزىق مۇتەخەسسىسى نىياز كېرىم شەرقىنىڭ نادىر ھۆسنىخەت ئەسەرلىرىدۇر. ئۇ يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە ئامېرىكا، تۈركىيە، پاكىستان، قازاقىستان، قاتارلىق ئەللەردە كۆپ قېتىم ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىنى ئاچتى؛ نۇرغۇن ئەسەرلىرى يەنە ئۆزبېكىستان، كورىيە، ياپونىيە، تۇنىس،

مالايسىيا قاتارلىق دۆلەتلەردە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن قاتارلىق رايونلاردا، بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، خاربىن، خېيەن، شىئەن، يىنچۈەن قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەردە كۆرگەزمە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گوللاندىيە، تۈركىيە، پاكىستان، قازاقىستان، ياپونىيە، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇزېيى ۋە يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىڭ قولىدا ساقلانماقتا. نىياز كېرىم شەرقىنىڭ ئوغلى مەردانىنىڭ ماي بوياق رەسىم ئەسەرلىرىمۇ بىرگە قويۇلغان بولۇپ، كەڭ كۆرۈرمەنلەرنى ئالاھىدە جەلىپ قىلدى.

★ 2011 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق گۈزەل ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان تەتقىقاتچىمىز ۋە رەسسام مۇھەممەد ھېيتىنىڭ «يۇرتقا مۇھەببەت» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ماي بوياق رەسىملەر توپلىمىنىڭ تارقىتىلىش مۇراسىمى ئۈرۈمچى شەھەرلىك دۆڭلۈك مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. داڭلىق رەسسام، تەتقىقات يۇرتىنىڭ پەخرىي مۇدىرى غازى ئەھمەد، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، پىروفېسسور ئازات سۇلتان ۋە مەدەنىيەت نازارىتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئالاقىدار سەنئەتكار، مەدەنىيەت ئەربابلىرى بولۇپ 100 دىن ئارتۇق كىشى بۇ مۇراسىمغا ئىشتىراك قىلدى.

شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت فوتو نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بۇ رەسىملەر توپلىمى چوڭ 12 فورمات، 25.5 تاۋاقلىق بولۇپ، جەمئىي تىرازى 2000 بېسىلغان. بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ 1979 ـ يىلدىن تارتىپ 2011 ـ يىلغىچە بولغان 32 يىلدىن بۇيان ئىجاد قىلىنغان 150 نەچچە پارچە ئەسىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن؛ بۇ ئەسەر رەسسام مۇھەممەد ھېيتىنىڭ بەدىئىي ھايات ۋە سەنئەتكە بولغان ئىزدىنىشىنىڭ مۇجەسسەم كارتىنىسىدۇر. بۇ ئەسەردە شىنجاڭنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت، خەلق تۇرمۇشى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، تەبىئىي مەنزىرە قاتارلىق تەرەپلەر بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئەينەن يورۇتۇلغان بولۇپ، بەدىئىيلىكى ۋە ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى.

★ داڭلىق خەتتات، كۆزگە كۆرۈنگەن مۇخبىر، فوتوگراف قاينام جاپپارنىڭ «قاينام جاپپار ھۆسنىخەت سەنئىتى فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى» كۆرگەزمىسى 2011 ـ يىلى 12 ـ مارتتىن 14 ـ مارتقىچە ئۈرۈمچى گۈزەل سەنئەت سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. 12 ـ مارتتىكى ئېچىلىش مۇراسىمغا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ھېيتەم ھۈسەيىن ۋە قاينام جاپپارنىڭ قۇرداشلىرى، كەسىپداشلىرى، خەتتاتلىق سەنئىتى ھەۋەسكارلىرىدىن بولۇپ 300 گە يېقىن ئادەم قاتناشتى، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئېچىلىش مۇراسىمىنى نەق مەيداندىن ئاڭلاتتى.

قاينام جاپپارنىڭ ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تەييارلىق قىلىپ ئۆتكۈزگەن «گۈزەل يۇرتقا مۇھەببەت» تېمىسىدىكى بۇ خەتتاتلىق سەنئىتى، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان 200 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل نۇسخىدىكى ھۆسنىخەت ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىنىڭ ئۆچمەس دۇردانىلىرى، ھېكمەت ئۈنچىلىرى، غەزەل ـ داستانلىرى، ئۇگۇتلۇك نەسىھەتلىرى، زامانىمىز ئەدىبلىرىنىڭ ئېسىل رۇبائىيلىرى، شېئىر ـ غەزەللىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ يېزىلغان بولۇپ، 40 پارچىدىن ئارتۇق فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىدە گۈزەل يۇرتىمىزنىڭ يارقىن كۆرۈنۈشلىرى ئىخچام ۋە جانلىق نامايان قىلىنغان. 13 ـ مارتتىكى كۆرگەزمە جەريانىدا قاينام جاپپارنىڭ خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ، مەھمۇت كاشغەرىينىڭ ئۇگۇتلىرى، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن يېزىلغان ئالتە پارچىسى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىلدى، قاينام جاپپار نەق مەيداندا بۇ كىرىمنىڭ 30% ىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەير-ساخاۋەتچىلەر جەمئىيىتىگە جەمئىيەت تارمىقىدىكى ساخاۋەتچى ئاتىلار كوللېكتىپى ۋەكىلى ھەسەنجان ئابدۇراخمان ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بەردى.

# خىزمەت - پائالىيەتلەردىن كۆرۈنۈشلەر




«يەرلىك مەدەنىيەت قاموسى» ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى



جاڭ چۇنشەن شۇجى ۋاڭ مېڭ ئەپەندىنى قوبۇل قىلدى



تەتقىقاتچىلىرىمىز يالۇجياڭ دەرياسى بويىدا




قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالاندى



شەرقىي گۈزەل سەنئەت گاللېرىيەسىدىن بىر كۆرۈنۈش



قاينام جاپپار ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىدىن بىر كۆرۈنۈش

(رەسىملەرنى قاينام جاپپار، پولات خوجايېۋ، جۇ يۈەنجۇ تارتقان)

# مۇھەممەد ھېيت ھاجى يوپاق ئەسەرلىرىدىن تاللانما

مۇھەممەد ھېيت 1944 – يىل قەشقەردە تۇغۇلغان. 1965 – يىل شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ گۈزەل – سەنئەت فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى گۈزەل – سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى تارىخ – مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، جۇڭگو گۈزەل – سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ گۈزەل – سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ گۈزەل – سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى ماي بوياق رەسىم سەنئىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە. ئۇ روسىيەنىڭ سانكىت پېتربۇرگ قاتارلىق 14 شەھەر ۋە فرانسىيە، تۈركىيە، گرېتسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان ۋە ئەسەرلىرى كۆرگەزمە قىلىنغان. ئەسەرلىرى كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك گۈزەل – سەنئەت كۆرگەزمىسىدە مۇكاپاتلانغان.



قۇياش چاقنىغان كۈنلەر



تۇراك

